1998



ISSN 1004-1745

03

9 771004 174004

ANGRITAG TANGRITAG

# تـوخسـۇن نـاهـيـە شـاھ يـېـزىـسـى



△ يېزا باشلىقى ھېسامىدىن نۇردۇن



△ ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى سەمەت ئەيسا شاھ يېزىسىغا كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى (ئوڭدىكىسى يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى ۋاڭ چىڭگو)

بۇ يېزىنىڭ ئەسلى ئىسمى توتەي بولۇپ، توخسۇن ناھىيىسىنىڭ ئەڭ چوڭ يېزىسى. 1996 - يىلىدىكى ئېغىر سۇ ئاپىتىدە بۇ يېزىنىڭ ئىگىلىكى زور زىيانغا ئۇچراپ ئون يىلدىمۇ ئەسلىگە كېلەلمەيدۇ دەپ مۆلچەرلەنگەن بولسىمۇ، يۇقىرىنىڭ ياردىمى ۋە يېزىلىق ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن زىيان بىر يىلدىلا ئاساسەن تولدۇرۇۋېلىنىپ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ساپ كىرىم 1596 يۈەنگە يەتتى ھەم شۇ يىلىلا ئېتىز - ئېرىق سۇ قۇرۇلۇشىدا «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» نى تالىشىشتا ۋىلايەت بويىچە 1 - دەرىجىلىك يېزا - بازار بولۇپ باھالاندى. دېھقانچىلىقتىن باشقا كۆمۈركان، خىش زاۋۇتى ۋە قۇرۇلۇش ئەترىتى قۇرۇلۇپ، يېزا ئىقتىسادى گۈللەندۈرۈلدى. يېزا باشلىقى مۇخبىرغا يېزىنىڭ شەھەرگە يېقىن بولۇش ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ بۇ يىل يەنە يەر - مۈلۈك شىركىتى ۋە ماي قاچىلاش پونكىتى قۇرۇپ يېزا ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرىدىغانلىقىنى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

● 1996 - يىلى ئېغىر سۇ ئاپىتىدە ۋەيران بولغان بۇ توغان تېزلا ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى



ئەگرىناغ
دەۋر روھى، يەرلىك خۇسۇسىيەت، قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال
ياشلار ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئۇسلۇب
1998 - يىل 2 - سان
ئۇمۇمىي 67 - سان

# مۇندەرىجە

## ھېكايىلەر

جەننەت بىلىتى ······················ مۇھەممەت باغراش 1
قارا قۇش ······················ سىراجىدىن شېرىپ 19
كۆيۈك ······················ دىلمۇرات ئىبراھىم 25
ئىسكەندەرنىڭ ئەينىكى ······················ ئەكبەر سالىھ 82
پاكلىق ······················ مەريەم تۇردى 92

## شېئىرلار

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ، ئابدۇكېرىم مەخسۇت، نەيىم يۈسۈپ، ئەخمەت كىبىر ··· 15

## ۋەتەن ۋە بۇرچ

خۇرسىنىش (ئەدەبىي خاتىرە) ······················ ھۆرلىقا ئابدۇرشىت 38
ئەرشتىن قوغلانغان ئىبلىس ئەلەيھى لەنتى (ئەدەبىي ئاخبارات) ·········· داۋۇت مەتنىياز 51
جۇڭگودا 97 - يىل يۈز بەرگەن بىرىنچى چوڭ دېلو (ئەدەبىي ئاخبارات) ······ تۇرغۇن تۇرسۇن تەرجىمىسى 97

## ئىزلىنىش، سىناق، يېڭىلىق

قەيسەر تۇرسۇن، يالقۇن ئەزىزى، ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن، غوجىمۇھەممەت مۇھەممەت، ئەخمەت كەلپىن ئىنسانى، ئەكبەر نىياز پەتتارى، ئەكبەر ئىمام، ئايگۈل مۇتىللا، كېرىمجان سولايمان، نۇر ئامىنەم ئەھەت، ئەركىن نۇر، ئەخمەتجان تۇراپ، قۇدرەت قۇربان ······················ 29

## ناۋائىي خەزىنىسى

بىز ناۋائىنى بىلىمىزمۇ ······················ ئەزىزى 72
ناۋائىنىڭ مۆھۈرنى سۈندۇرۇشى ······················ ئابلىز ئورخۇن 75

## ئەدەبىي خاتىرە

ئەخلاق تراگېدىيىسىدىن تۇغۇلغان ھېسلار ······················ دولقۇن ئەلى 65

## ستۇدېنتلار

جېلىل خېلىل، تۇرغۇنجان تۇرسۇن، ئىبراھىم سۇلايمان، ئەكرەم ئابدۇمىجىت، رېھىمجان ئابدۇراخمان، ھاياتنوپۇس مۇھەممەت، ئابلىمىت ئابدۇلباقى ........................ 57

## نەسىرلەر

گۇللەر ئاۋازى ........................ ئىبراھىم نىياز 49
يالىڭاچ بالا ........................ ئادالەت ئابدۇرېھىم 50

## يۇزمۇ - يۇز

يازغۇچى مۇھەممەت ئىمىن بىلەن سۆھبەت ........................ ئەكبەر قادىر 77

## نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچىلەر ئەسەرلىرىدىن

ھەققانىيەت ئۆلمەيدۇ ........................ ئابدۇقادىر جالالىدىن تەرجىمىسى 94

## تەرمىلەر

مىسرالاردىن تەرمىلەر ........................ 108

## ئەدەبىي ئۇچۇرلار

ئەدەبىي ئۇچۇرلار ........................ 109

**مۇقاۋىدا: داڭلىق ياش ئۇسسۇلچى دىلنار ئابدۇللا**

## تەھرىر ھەيئەتلەر

ئىمىن ئەھمىدى، مەمتىلى ئابدۇرېھىم، ئەكبەر ئېلى، ئازات سۇلتان، ھەبىبۇللا مۇھەممەت، ئابدۇقادىر جالالىدىن، تۇرسۇن توختى، تۇردى ھاشىم، بوغدا ئابدۇللا، غوپۇر نۇر، ئىدرىس بارات، مۇختار مەخسۇت، پولات ھېۋزۇللا، ماخمۇتجان ئىسلام، ئەركىن نۇر، ھەبىبۇللا سادىر.

باش مۇھەررىر: (كاندىدات ئالىي مۇھەررىر) ھەبىبۇللا مۇھەممەت
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: پولات ھېۋزۇللا

مۇھەررىرلەر: ئەركىن نۇر (مەسئۇل مۇھەررىر)، سەنەۋەر ئۆمەر، ئەكبەر سالىھ (ياردەمچى مۇھەررىر)
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: ئالىم خالىدىن
مەسئۇل كوررېكتور: خەلچەم ئابلىمىت





(هېكايه)

مۇھەممەت باغراش

•

مەھەللىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى چوڭ ئېرىق- نىڭ ئىككى تەرىپىدە تۆت دېھقان ئائىلىسى بار ئىدى — ئېرىقنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بايتۇرەك بىلەن توختۇرەك؛ ئېرىقنىڭ چەپ تەرىپىدە ئايتۇرەك بىلەن مۆختۇرەك قوشنا ئىدى. ئۇ قاشتىكى تۇ- رەكلەر بىلەن بۇ قاشتىكى تۇرەكلەرنىڭ ئۆيلىرى بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇراتتى. ئىككى تەرەپتى- كى تۇرەكلەرنىڭ باغلىرى يانداش، يەرلىرى تۇ- تاش ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئاشۇ بىر ئېرىق- تىن سۇ ئېچىپ، شۇ ئېرىقنىڭ سۈيىدە تېرىقچى- لىق قىلىشاتتى. ئۇ قاشتىكى باىتۇرەك بىلەن بۇ قاشتىكى ئايتۇرەكنىڭ ئىش قىلىدىغان ئادىمى غول، ئۆزلىرى قاۋۇل، بېغى چوڭ، ئۇلاغ قارد- سى تولا، تېرىيدىغان يېرى كۆپ، ھال - كۈنى ئوبدان ئىدى. لېكىن ئۇلار ھال - كۈنى ئوبدان بولغان بىلەن تولىمۇ پىخسىق، ئىچى تار، قور- سىقىدا چۇتۇرى تولا ئادەملەر ئىدى. ئۇلار ئەرزى- مىگەن ئىشلارنى باھانە قىلىپ قوشنىلىرىنى ئا- نىي تاپاتتى. ئەمدى ئۇ قاشتىكى توختۇرەك بىلەن بۇ قاشتىكى مۆختۇرەك بولسا باللىرى ئۇششاق، جان سانى كۆپ، ئەمگەك كۈچى ۋە تېرىيدىغان يېرى ئاز، بېغى كىچىك، سېغىپ ئىچىدىغان بىرەر - يېرىم سىيىرى ۋە ئىككى - تۆت تۇياق قوي - ئۆچكىسىدىن، جاڭگالدىن قوراي - چاكاندا توشۇيدىغان قوتۇر ئېشىكىدىن باشقا روزىغارى يوق بىچۇۋۇل كىشىلەر ئىدى. ئۇلار يىلىنىڭ قاي- سى مەۋسۇمىدىلا بولمىسۇن، ھامانەم بىر سىرىق- تالچىلىق ئىچىدە غورۇگۇلگىنە كۈن كەچۈرۈشەت- تى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئۇلار ئىشچان ۋە قانائەتچان ئىدى. خۇدادىن ئارتۇقىنى تەلەپ قىلى- مايتتى. مۇسۇلمانچىلىقنى ئادا قىلىپ، بالا - چاقىلىرىنى قورۇغداپ، ئۈنسىز ۋە ياۋاشقىنا يا- شايتتى. بىرلا يېرى، توختۇرەك، مۆختۇرەككە قارىغاندا زەردىسى بار، گېپى توڭ، سەلگىنە تەر- سا ئادەم ئىدى. قوشنىسى بايتۇرەكنىڭ ئانىي تېپىشلىرىغا چىدىماي ئۇنىڭ بىلەن خاراگدەشمى- گەن بىلەن پات - پات تەگىشىپ، ئۆرىدىشىپ قالاتتى.

ئۇنىڭ ئەكسىچە مۆختۇرەك بولسا، ياۋاش - يۇمشاق، بوينى كېسىك ۋە رەھىمدىل ئادەم ئى- دى. ئۇ رايىشلىقىدىن خامىنىغا چۈشكەن قۇش- قاچلارنىمۇ قورىمايتتى، «ئاشۇ جانىۋارلارنىڭ رىزقى - بۇ! يېسە ئۆزىنىڭ رىزقىنى يەيدۇ. . .» دەپلا قوياتتى. قوشنىسى ئايتۇرەك ئۇنلۇكرەك ۋارقى-

ـراپ قويىدىغان بولسا، قورققىنىدىن كالىغا چۆپ
سالغان بولۇۋېلىپ، كالا قوتىنىغا مۆكۈۋالاتتى.
بۇنداق چاغلاردا خۇلق ـ مىجەزى ئىگىسىنى تارتـ
قان ئىشلەمچان ۋە ياۋاش كالىسى ئىگىسىگە ئىچ
ئاغرىتقاندەك، ئۇنىڭغا مۆكۈۋېلىپ قاراپ ئۇنىڭ
قوللىرىنى يالاپ ـ يالاپ قوياتتى.

بۇ ئىككى تۆرەكنىڭ يېرى ئاز بولغىنى،
بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ قولى قىسقا بولۇپ «ئاق قىغ»
ۋە يەر يوپۇقىغا كۆچى يەتمەي يەرلىرىگە تازا ئەجـ
ـرە قىلىپ كېتەلمىگەچكە، يەردىن ئالغان ھوسۇ.
لىنىڭ تايىنى يوق ئىدى. يىلنىڭ ئايىغىغا بارماي
تۆرۈپلا يەيدىغان ئېشى تۈگەپ كېتىپ، بايتۆرەك
بىلەن ئايتۆرەكتىن ئاشلىق ئۆتنە قىلىپ يېگىچى
ئاشقا ئۇلىشىۋالاتتى. ئۆتنىگە ئالغان ئازغىنە ئاشـ
لىقنىڭ ھېسابىغا، ئۇلار بايتۆرەك بىلەن ئايتۆ.
رەكلەرگە يازنى ـ ياز، قىشنى ـ ئاياز دېمەي
ئىشلىشىپ بېرەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى بايتۆ.
رەكنىڭ يەرلىرى كۆكلەپ، ئىككى نامرات تۆ.
رەكلەرنىڭ يەرلىرى قاراقسىز ۋە ھوسۇلسىز قاـ
لاتتى. بۇ ئىش ئاينىڭ ئۇنبەشى ئايدىڭ، ئۇنبەشى
قاراڭغۇ بولغىنىدەك بولماي ئەكسىچە بىر خىلدا
ۋە ھەرقاچانلا ئۇلارغا ئايدىڭ، بۇلارغا قاراڭغۇ
بولۇپ داۋاملىشىپ كېتىۋېرەتتى. كونا قەرزنىڭ
ئىزىغا يېڭى قەرز كېلىپ قونۇۋېرەتتى. بۇنىڭغا
توگتۆرەك پات ـ پات غۇدۇراپ تۆرغىنى بىلەن،
مۆكتۆرەك «بۇنىڭدىن باشقىچە بولسا ـ ھە؟! »
دەپ ئۇيلاپمۇ قويمايتتى، ئۇلارنىڭ ئاش بەرگىنىـ
ـگە خۇش ئىدى. بۇلارنى ئاز دېگەندەك، بايتۆرەك
بىلەن ئايتۆرەك بۇ نامرات تۆرەكلەرنى بولۇشىغا
ئاني تاپاتتى — سۇ نۆۋىتى توگتۆرەك بىلەن
مۆكتۆرەككە كەلگەندە، سۇنى ئۆزلىرىنىڭ يەرلىـ
ـرىگە باشلىۋالاتتى. زىرائەتلەر بوي تارتىپ تازا
پاقلان بولغاندا ئۇلاغ ـ قارىلىرىنى ئەتەي بوشىتىـ
ۋېتىپ، ئۇلارنىڭ زىرائەتلىرىگە قويۇۋېتەتتى.
بىرنېمە دەي دېسە بايتۆرەكلەرنىڭ بالا ـ ۋاقىلىرى
كالتەك ـ چوماقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ چىقىپ باسـ
ـماداپ كېلىشەتتى. بۇنىڭدىن قورققان نامرات تۆ.
رەكلەر دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، باشلىرىنى ئىچىدـ
ـگە تىقىپ، شۇمشىيىپ غىڭ قىلماي تۆرۈشۈپ
قېلىشاتتى. بۇلار مەھەللىدىن يىراق بولغاچ، ئاـ
رىغا كىرىپ ئارىچىلايدىغانلارمۇ، بۇ ئىككى تۆ.
رەكنىڭ ھالىغا يېتىپ، بايتۆرەكلەرگە ئىككى ـ

تۆت ئېغىز گەپ قىلىپ قويىدىغانلارمۇ يوق ئىدـ
ـدى. شۇنىڭ بىلەن باي تۆرەكلەر ئەزۋەيلەپ تېـ
ـخىمۇ ھەددىدىن ئېشىشاتتى. توگتۆرەكنىڭ مېـ
ـكىيانلىرىنى بايتۆرەكنىڭ خوتۇنى ئۆزىنىڭ ساـ
مانلىقىغا ئۆگىتىۋالدىمۇ ياكى ئاشۇ چېچقاق مېكىـ
يانلار جېنىدا توگتۆرەكنىڭ نامراتلىقىدىن بىزار
بولۇپ ئۇنىڭ سامانلىقىنى ياراتماي قالدىمۇ ئەيتاـ
ۋۇر، ھەدېسىلا بايتۆرەكنىڭ سامانلىقىغا كىرىۋاـ
لاتتى ۋە شۇ يەردە كاكىلدايتتى. يەنە تېخى كاكىـ
ـلاپ بولۇپلا ئىككى ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قو.
رۇق تامغا چىقىۋېلىپ گويا «بايتۆرەكنىڭ ساماـ
ـلىقىدا كاكىلىماق شەرەپ! ھەي، بىچارە توگتۆ.
رەك. . . » دېگەندەك جېنىنىڭ بارىچە قاقاقلايتـ
ـتى. توگتۆرەكنىڭ خوتۇنى مېكىيانلىرىنىڭ كاـ
كىلىغىنىنى بىلىپ تۇخۇملارنى ئېلىۋېلىش ئۇ.
چۇن بايتۆرەكنىڭ سامانلىقىغا كىرسە، بايتۆرەكـ
ـنىڭ ھازازۇل خوتۇنى ساغدېغىنى ئېسىپ چىـ
ـقىپ: «مېكىيان سىلەرنىڭ بولغان بىلەنچۇ خېـ
ـنىم، سامانلىق بىزنىڭ، تۇخۇملارنى جايىغا قو.
يۇپ قويسىلا، توخۇ نەدە كاكىلىسا، تۇخۇم شۇ
يەرگە تەۋە. . . » دەپ كارنىيىنى كېرىپ تۇخۇمـ
ـلارنى بەرمەيتتى.

مۆكتۆرەكنىڭ بىر تۈپ كىشمىش ئۆرۈكى
بار ئىدى. بۇ بىر تۈپ ئۆرۈك دەرىخىنىڭ ئۆرۈ.
كى باغدىكى ھەرقانداق ئۆرۈككە ئوخشمايتتى —
ئاغزىغا سېلىپ بولغۇچە ئېرىپ كېتەتتى. شىرىنـ
ـسىدىن كىشى ئۇنتۇلغۇسىز بىر شېرىن پۇراق
كېلەتتى. مېۋىسى ئەمەس، ھەتتا چېچەكلىرىمۇ
بال پۇرايتتى. مۆكتۆرەكنىڭ بالىلىرى ئۆرۈك
پىششىقىدا مۇشۇ ئۆرۈكنى 8 ـ 10 كۈن ئاش
ئورنىدا يەيتتى. چۈنكى بۇ چاغلار دەل سېرىقتالـ
ـچىلىق مەزگىلى ئىدى. يېڭى بۇغداي پىشقىچە بۇ
ئۆرۈك بالىلارنىڭ ئاچلىقىغا ئوبدانلا دال بولاتتى. . .

بۇ بىر تۈپ ئۆرۈك دەرىخى دەل مۆكتۆرەكـ
ـنىڭ ھويلىسىدىكى ئايتۆرەكنىڭ ھويلىسىنى ئايـ
ـرىپ تۇرىدىغان پاسىل تامغا يېقىن تىكىلىپ قالـ
ـغانىدى. كېيىنچە بۇ ئۆرۈك دەرىخى گويا كىمـ
ـدۇر بىرى توك ئۇلاپ قويغاندەك باشقىچىلا باغـ
ـجانلاپ كەتتى، ئۇنىڭ شاخلىرىنىڭ يېرىمى دېگۈ.
دەك ئايتۆرەكنىڭ ھويلىسىغا قاراپ بوي سۇرگىـ
ـلى تۇردى. شۇ يىللىرى يەنە كېلىپ بۇ ئۆرۈك
ئالامەت ئوخشاپ كەتتى. لېكىن ئۆرۈك چېـ

چەك تاشلاپ ئەمدىلا غورا تۇغۇشقا باشلىشى بى-
لەن، ئايتۇرەكنىڭ بالىلىرى ئۆزىنىڭ ھويلىسىغا
بوي سۇرگەن شاخلارنى قايرىپ سۇندۇرۇپ ئەم-
دىلا قومۇلاق بولغان غورىلارنى پاساڭ قىلىۋەت-
تى. كېيىنچە بولسا ھەتتا ئايتۇرەكنىڭ قاشلىقچى
خوتۇنىمۇ ئىزا تارتماي ئۆرۈك شاخلىرىغا قول
سوزىدىغان بولۇۋالدى. بۇنى كۆرگەن مۆكتۇرەك
نەچچە دېلىغۇل بولۇپ، ئاخىرىدا زىيانغا چىدىماي
غەيرەتكە كېلىپ، ئاغزىنى ئەمدىلا ئۆمەللەي دې-
يىشىگە ئايتۇرەك ئۆيىدىن ھۆركىرەپ چىقتى.
ئۇنىڭ ئەلپازىدىن كىشىنىڭ قورققۇسى كېلەتتى:

— نېمە دەيسەن ئادىشەۋا! — دەپ ۋارقىراپ
كەتتى ئايتۇرەك ھويلىسىدىن بويۇنداپ تۇرۇپ، —
ئۆرۈكۈڭ مېنىڭ ھويلامدىكى ئاپتاپ بىلەن ھاۋاغا
ئامراق ئىكەن، شۇڭا بۇ تەرەپكە بوي سۇردى،
كىمنىڭ ئاپتىپى بىلەن ھاۋاسىنى يېگەن بولسا
ئۆرۈك شۇنىڭ بولامدۇ؟ چىدىمىساڭ ئۆرۈكۈڭ-
نى يۆتكەپ كەت، بولمىسا ماۋۇ يۇزى قېلىن
شاخلىرىنى چاتىۋەتكىن! . . .

ئايتۇرەكنىڭ ئەلپازىدىن بىر قورقۇپ تۇر-
غان مۆكتۇرەكنى ئۇنىڭ بايىقى گەپلىرى ئۇن
قورقۇتىۋەتتى، — كۆكلەپ تۇرغان جەننەتنىڭ
مېۋىسى بولمىش بۇ ئۆرۈك دەرىخنى يۇلۇپ يۆت-
كەش ۋە ياكى ئۇنىڭ شاخلىرىنى چاتىۋېتىش مۆك-
تۇرەكتەك دېھقان ئەر ئۇچۇن ھارام مالغا شېرىك
بولغاندىنمۇ ئۆتە گۇناھ ئىدى. قورققىنىدىن ئۇ-
نىڭ چىرايى بوزۇرۇپ، زۇۋانى تۇتۇلۇپ كەتتى.
ئۇ ئۇندىمەي ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ كالا قوتىنىغا
كىرىپ كەتتى. ئۇ ھەرقاچان ئايتۇرەكتىن دىلى
ئازار يېگەندە شۇنداق قىلاتتى. ئاشۇ ئۆزىدەك ئا-
ۋاش، مۆمىن كالىسىغا ئۇنسىز دەرد تۆكەتتى. . . ئۆ-
رۈك تۆكمە بولغاندا مۆكتۇرەكنىڭ بالىلىرى تامغا
چىقىپ نېرىقى ھويلا تەرەپتىكى شاخلارغا ئەمدىلا
قول سوزۇشسا، ئايتۇرەكنىڭ بالىلىرى ئۇلاش -
چولاش بولۇپ چىقىپ تاياق - داڭگال بىلەن ئۇ-
رۇپ ئۇلارنى قوغلايتتى ۋە ئۇ تەرەپتىكى شاخلار-
نى قېقىپ ئۆرۈكلەرنى سېۋەتلىرىگە قاچىلاپ ئەكى-
رىپ كېتىشەتتى.

«باينىڭ ئاپتىپى تاۋلىق بولامدۇ - نېمە؟ بۇ
ئۆرۈك دەرىخىمۇ قېرىشقاندەك، ھەدەپ ئايتۇرەك-
نىڭ ھويلىسىغا قاراپ شۇڭ تارتىپ باغجانلاپ
كېتىپ باردۇ - يا؟» دەيتتى مۆكتۇرەك بەزىدە
ئەلەم بىلەن. «خۇدايىمنىڭ ئاپتىپى ھەممىلا يەر-
دە ئوخشاشتۇ، پەقەت مۇشۇ ئۆرۈك جېنىدا سې-
نىڭ ياۋاشلىقىڭدىن، مۆرىمەس ئىنجىقلىقىڭدىن
بىزار بولۇۋاتقان گەپتۇ - ھەقىچان. . . » دەيتتى
جاۋابەن ئۇنىڭ ئورۇن تۇتۇپ ياتقىلى ئۇزۇن بول-
غان ئاغرىقچان خوتۇنى.بۇنى ئاز دېگەندەك ئايتۇ-
رەك بىر كۈنى «سېنىڭ موراڭدىن چىققان ئىس
ھويلامغا كىرىپ، ئۆيۈمنى ئىسلىۋەتتى! » دەپ
مۆكتۇرەكنىڭ ھويلىسىدىكى ئوچىقىنى چاقتۇ-
رۇپ كۈن پېتىش تەرەپتىكى ئېغىلنىڭ يېنىغا
يۆتكىتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن كالا ئېغىلىنىڭ
سېسىق پۇرىقى بىلەن، كالىنىڭ شۇەسىگە ئۆ-
گەنگەن چىۋىنلار قازان بېشىنى باسىدىغان بول-
دى. مۆكتۇرەك بۇنىڭغىمۇ غىڭ قىلالمىدى. ئۇ
بۇ ئىككى بايتۇرەكلەرگە ھېچكىمنىڭ پەرۋا كې-
لەلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. گەپ قىلغان بىلەنمۇ
بىكار ئىدى. ئۇلار ھېچنېمىدىن ۋە ھېچكىمدىن
قورقماس ئىدى. ئۇلار ھەتتا خۇدانىمۇ ئۇنتۇغان
ئادەملەر ئىدى. بىرى ئۆلۈمدىن، يەنە بىرى خۇ-
دادىن قورقمىغان ئادەمدىن ھەممىلا ئادەم قورقى-
دۇ! ؟ خۇدا، ئۆزۈڭ بىر نېمە دەرسەن! . . .

كۈنلەر ئاشۇ تەرىزدە ئۆتۈۋەردى. تەقدىرنىڭ
چاقى بىر خىلدا چۆرگىلەۋەردى. بايتۇرەك بىلەن
ئايتۇرەكنىڭ قازىنى قويۇلۇپ، روزىغارى گۈللە-
ۋەردى. ئەكسىچە، توكتۇرەك بىلەن مۆكتۇرەك-
لەرنىڭ بولسا، قازىنى كۈندىن - كۈنگە سوغۇ-
لۇپ، يىلىكى كۈندىن - كۈنگە سۇيۇلدى. بۇ
ئىككى تۇرەكلەر «مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، قىردىن
ئاشالماپتۇ» دېگەندەك، بىر نېنى ئىككى بولماي،
چاپىنىنىڭ پېشى تىزىدىن ئاشماي قېلىۋەردى.
ئۇلار بايتۇرەك بىلەن ئايتۇرەكنىڭ يەرلىرىگە قاد-
چىلىك ۋە قاچانغىچە ئىشلىشىپ بېرىدىغىنىنى
بىلىشمەيتتى. پەقەت ئۇلار بەرگەن «ئاشقان -
تاشقان» بىلەن يېرىدىن ئالغان ئازغىنە ئاشقا تايى-
نىپ كۈنلىرىنى بىر ئاماللاپ ئۆتكۈزۈشەتتى.
مۆكتۇرەك بۇنىڭغا «شۈكرى! » دەيتتى، لېكىن
توكتۇرەك بولسا نېمىشقىدۇر قايىل بولمايتتى.
ئۇ بايتۇرەكنىڭ زورلۇقىدىن قۇتۇلۇشنى، ئۆزى-
نىڭ يېرىگە راۋۇس ئىشلەپ، كۆكلىتىپ بالايۇ - ۋاقى-
سىنى ئەل قاتارى بېقىشنى ئارزۇ قىلاتتى. لې-
كىن قېرىشقاندەك ئۇنىڭغا قۇربى يەتمەيتتى. قاد-
داق قىلىش كېرەكلىكىنىمۇ بىلمەيتتى. ئۇمۇ

ئاخىرىدا ئىلاجسىز ھەممىنى ئاللاغا تاپشۇرۇپ ياشاۋېرىشكە مەجبۇر بولاتتى، لېكىن غۇدۇراشلىرىنى توختاتمايتتى، غۇدۇراپ بولسىمۇ ئىچ - قارىنىنى بوشىتىۋالاتتى. مۆكتۈرەك بولسا، ھەتتا ئۈنلۈكرەك غۇدۇراشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى، مۇبادا غۇدۇراشلىرى ئايتۇرەكنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قالسا، ھازىر يەۋاتقان ئېشىدىنمۇ ئايرىلىپ قېلىشتىن، ئۆزىنىڭ غۇدۇراشلىرىنىڭ ئاشۇ قىزىل قۇرتتەك نارېسىدە باللىرىنىڭ رىزقىغا ئۆلتۈرۈپ قويۇشىدىن قورقاتتى. . .

توكتۇرەكنىڭ غۇدۇرىشى بارغانسېرى كۈچەيگىلى تۇردى. ئۇ ھەتتا ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ بايتۇرەكنىڭ ھويلىسىغا قاراپ چىڭ - چىڭ گەپ قىلىدىغان بولۇپ قالدى. توكتۇرەكتىكى بۇ ئۆزگىرىشنى مۆكتۈرەك چۈشىنەلمەي قالدى. ھەتتا، بۇ ئۆزگىرىش ئۇنى قورقۇتۇۋەتتى. «توكتۇرەك ئاخىرى يەيدىغان نېنىدىن ئايرىلىپ قالىدىغان بولدىغۇ؟!» دەپ ۋەھىمە يەپ كۆڭلى پەرىشان بولدى. «تۇۋا، توكتۇرەككە ھەجەپ زۇۋان پەيدا بولۇپ قالدى - يا؟! نېمە قىلىمەن دەيدىغاندۇ بۇ يېتىم، بايتۇرەك بىلەن ئېيتىشىپ. . . ئاخىرى - زە. . .» دەپ ئويلايتتى ئۇ ھەيرانلىق ۋە غەشلىك ئىچىدە.

بىر كۈنى توكتۇرەكنىڭ قولىدا سۆزلىيەلەيدىغان كىچىككىنە بىر قارا قۇتا پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئوقەتنى بازار تەرەپتىن كېلىپ قالغان (بۇ يەردىن بازارغا ئېشەكلىك ئىككى كۈنلۈك يول ئىدى، بازاردىنلا ئەمەس، يېزىدىنمۇ بۇ يەرگە ئادەملەر كەمدىن - كەم كېلىپ قالاتتى) بىر يولۇچىدىن يېرىم تاغار قوغۇنغا تېگىشىۋاپتىمىش. بۇ قۇتا «خاسىيەتلىك قۇتا» مىش. بۇ قۇتا سۆزلەيدىكەن، سۆزلەپلا قالماي يەنە تېخى ناخشىمۇ ئېيتارمىش، نەغمە قىلارمىش، ناخشىسى بىلەن نەغمىسىغۇ بىر نۆرە، ئەڭ مۇھىمى جاھاننىڭ نە - نەلىرىنىڭ گېپىنىمۇ قىلارمىش. ھەتتا يەرنى قانداق چاغدا ئۇسا قىلىپ، قانداق چاغدا ئوغۇتلاپ، قانداق چاغدا ئۇرۇق چېچىپ، قانداق چاغدا ئوتاپ، دورىلاپ، قانداق چاغدا يىغىۋالسا بولىدۇ دېگەنلەرنىمۇ ئۆگىتەرمىش. يەنە تېخى سەۋزە - چامغۇر نېمىگە پايدا قىلىدۇ، بېلى ئاغرىيدىغان بولۇپ قالسا، ئۆششاق باللار يۆتىلىپ قالسا، چىشى ئاغرىپ كەتسە نېمىلەر پايدا قىلىدىغىنىنى دەپ بېرەرمىش، ھەتتا قاچان شامال چىقىدۇ، قاچان يامغۇر ياغىدۇ، دېگەنلەرنى ۋاقتى - سائىتى بىلەن ئۇقتۇرىدىكەن. يەنە، يەنە. . . بىراۋ بىراۋنى بىھۇدە ئۇرسا، مېلىنى تارتىۋالسا، شەنىنى بۇلغايدىغان گەپلەر بىلەن ھاقارەت قىلسا سورايدىغان يەر بارلىقىنى. . . ئىشقىلىپ كۆز كۆرمىگەن، قۇلاق ئىشىتمىگەن نى - نى گەپلەرنى قىلارمىش. . .

مۆكتۈرەك بۇلارنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى. «شەيتان قۇتىسى ئوخشايدۇ ئۇ نېمە، بولمىسا ئۇنچىۋالا ئىشنى نەدىن بىلىدۇ؟!» دەپ ئويلاپ قالدى ئۇ ۋەھىمە ئىچىدە. ئۇ ياقىسىنى چىشلەپ، تۆۋە ئىستىغبار ئېيتتى. توكتۇرەك دېگەن كالۋانىڭ نەدىكى بىر ئادەم ئازدۇرىدىغان شەيتان قۇتىسىنى كۆزدە - كۆڭۈلدە كۆرۈپ تۇرۇپ يېرىم تاغار قوغۇنغا تېگىشىۋەتكىنىگە ئىسكەپ قارنى ئاغرىدى. قىزىق، توكتۇرەك تۇرۇپلا ئۆزىچە ئاۋازىنى چىقىرىپ كىمنىدۇر ئۆزىچە سوراقلايدىغان، بارماقلىرىنى پۈكۈپ ئۆز - ئۆزىگە «بىر چارەك بۇغداي مۇنچە پۇل بولسا، مېنىڭ مۇنچە مو يەرگە ئىشلەپ بەرگىنىمنى مۇنچىلىك بۇغدايغا سۇندۇرسام، ئۇ بۇغداي مۇنچە پۇل بولسا، قانداقسىگە يەنە مەن قەرزدار بولىمەن؟ سۇ تۇتقىنىم، ئوسا قىلىپ بەرگىنىم، ئوتاپ بەرگىنىم، خامانغا قاراشقىنىمچۇ تېخى؟! . . . دەپ غۇدۇڭشىپ يۈرىدىغان بولۇۋالدى. مۆكتۈرەك تەقدىرداشىنىڭ بۇ ھالىتىنى ساراڭلىققا جورىدى. ساراڭلىقنىڭ بېشى شۇنداق بولارمىش — ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلىشەرمىش، ئۆزى بىلەن ئۆزى ئۇرۇشارمىش، يەنە ئۆزى بىلەن ئۆزى. . . بۇنى ئۇ ھېلىقى شەيتان قۇتىسىدىن كۆردى. دېمىسىمۇ شەيتان قۇتىسى پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى توكتۇرەك بۇنداق ئەمەس ئىدى. ئاشۇ شەيتان قۇتىسى قاچان پەيدا بولدى، شۇ كۈندىن باشلاپ ئاشۇنداق ئېلىشاڭغۇ بولۇپ قالدى. كېيىن ئۇنىڭ ساراڭ قېتىش سۆزلەيدىغىنى، تۇرۇپ - تۇرۇپ قوشنىسى بايتۇرەكنىڭ ھويلىسىغا قاراپ قوللىرىنى شىلتىپ جۆنەيدىغان، ھەتتا بىرنېمىلەرنى دەپ غەزەپ بىلەن تۈكۈرىدىغان بولۇپ ئۆزگەردى. «خەپ توختا! ھېسابى بار جاھان ئىكەنغۇ - بۇ؟! ھەجەپ بىلمەپتىمىنا؟! . . .» دەيتتى ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ.

بۇنداق ھالنى كۆرگەندە قورققىنىدىن مۆك-

تۇرەكنىڭ تەنلىرى جۇغۇلداپ كېتەتتى. ئۇ، توڭتۇرەكنى ھېلىقى لەنىتى قۇتنىڭ ۋەسۋەسىگە سېلىشۋاتقىنىغا قەتئىي ئىشەندى. «ھەي بىچارە، ئاخىرى بېرىپ ئېلىشىپ قالدىڭ - دە، ئەمدى ئۆششاق بالىلىرىڭ قانداقمۇ قىلار - ھە؟! توۋا ساپ - ساق تۇرۇپ بىردىنلا . . .» دەپ ئويلىدى مۆڭتۇرەك ئېچىنىش ئىچىدە. ئۇنىڭ تولا تۇرەككە چىن دىلىدىن رەھمى كېلىپ قالدى.

توڭتۇرەكتىكى بۇ ئۆزگىرىشنى خۇدايىمنىڭ مۆمىنى بولغان مۆڭتۇرەك «ئېلىشىپ قالدى» غا چىقارغان يەردە، بايتۇرەك بىلەن ئايتۇرەك نېمە دېمەكچىدى؟ ئۇلارنىڭ ئاغزىدا ئۇنىڭ ئېتى ئەمەدى «ساراڭ تۇرەك» بولدى. توڭتۇرەكنىڭ ھېلىقى ئۆمسە ھالىتىنى كۆرگەندە ئۇلار «ساراڭ تۇرەكنىڭ ئىسىرى تۇتتى، مانا!» دېيىشىپ قاقاقلاپ كۇلۇشەتتى. «باخشى قىچقىرىپ ئۆزۈڭگە ئوقۇتقىن، ھەي، ساراڭ تۇرەك!» دەپ زاڭلىق قىلىشاتتى. دېگەندەك «ساراڭ تۇرەك» ساراڭلىقىنى قىلغىلى تۇردى — كېيىنكى باھاردىن باشلاپ توڭتۇرەك بايتۇرەكنىڭ يېرىگە ئىشلىمەس بولۇۋالدى. ئۇ ھەتتا يۇرىكىنى قاپتەك قىلىپ بايتۇرەك بىلەن: «بەرگەن ئاشلىقىڭ مۇنچە، مېنىڭ ئىش كۈنۈم مۇنچە، قالغان پۇلۇمغا ئاش بېرىسەن!» دەپ ۋارقىراپ - جارقىراپ نەچچە قېتىم زوكۇنلاشتى. مۆڭتۇرەك بۇنى «ساراڭلىقنىڭ قىياسى» غا جورىدى. ساراڭ دېگەن بۇنىڭدىن ئارتۇق بولمايتتى. لېكىن ئۇ توڭتۇرەك ھېلىقىدەك جاھاننى بېشىغا كىيگىلى تۇرغاندا بايتۇرەكنىڭ ئىلگىرىكىدەك ھۆركىرىيەلمەي، تىلىنى چايناپ بوزۇرۇپ، تاتىرىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. قارىغاندا، خۇدادىنمۇ قورقمايدىغان بايتۇرەك ساراڭدىن قورقىدىغان ئوخشايدۇ - ھە، توۋا، بۇ ئىشنى كۆرۈڭ. . . !

مۆڭتۇرەك نېمىشقىدۇر بۇ ھالدىن خۇشال بولدى، لېكىن خۇشلۇقىنى تېشىغا چىقارماي، قەستەن خاپا بولغاندەك بېشىنى چايقاپ قويۇپ، ئايتۇرەكنىڭ يېرىگە ئىشلەۋەردى. نېمىلا قىلسا، ئايتۇرەكنى خاپا قىلىپ بولمايتتى. بايتۇرەك بىلەن توڭتۇرەكنىڭ (مۆڭتۇرەك توڭتۇرەكنى ساراڭغا جورىغىنى بىلەن، نېمىشقىدۇر ئۇنى ئاۋۇ ئىككى تۇرەكتەك «ساراڭ تۇرەك» دەپ ئاتىغۇسى كەلمەيتتى، بۇنداق دەپ ئاتاشقا ئىچىنىڭ قانداقتۇر بىر يېرى چىدىمايتتى) غەلۋىسى كۈنسېرى ئەدىگىلى تۇردى. مۆڭتۇرەك ئاخىرى بىر ئىش تېرىيدىغاندەكلا قىلاتتى. ئېيتقاندەك، بىر كۈنى بالانىڭ يوغىنى تېرىلدى. ئەسلى ئىش مۇنداق ئىدى:

تۆت تۇرەكلەر سۇ ئىچىدىغان چۇلاق ئېرىق بىر تاشلىق ئېرىق بولۇپ، تۆت تۇرەكلەرنىڭ ئېكىنچىلىقى ئاشۇ سۇغىلا قاراشلىق ئىدى. لېكىن بايتۇرەك كېيىنكى يىللىرى «بىزنىڭ باغنى سۇ چېقىپ كېتىۋاتىدۇ. . .» دەپ 2 ـ 3 ئادەم ئاران قىمىرلىتالايدىغان بىر ياپىلاق قورام تاشنى ئېرىقنىڭ ئۆزىنىڭ يېرىگە ۋە بېغىغا سۇ كىرىدىغان ئېغىزىنىڭ تۆۋىنىگە يانچىسىغا قويۇۋالغاندى. كېيىنرەك، بۇنى دوراپ ئايتۇرەكمۇ «ئېرىق سۇيىدىن ئۆيۈمنىڭ تېگى زەيدەپ كېتىۋاتىدۇ» دېگەننى باھانە قىلىپ ئۇنىڭدىنمۇ يوغانراق بىر قورام تاختا تاشنى يانچىسىغا قويۇۋالدى. توڭتۇرەك بىلەن مۆڭتۇرەك بۇنىڭغا بىرنېمە دېيىشمىدى. ھەتتا ئىچىدە سەل خۇش بولغاندەكمۇ قىلدى. چۈنكى ئىككى قورام تاش ئىككى تەرەپتىن سىغدىغاچقا ئېرىقنىڭ سۈيى خېلى ئوبدانلا يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، سۇ كۆپەيگەندەك بولۇپ قالغاندى.

لېكىن بۇ تاشلارنىڭ قويۇلىشى بىلەن بىر غەلىتە ئىش يۈز بەرگىلى تۇردى. تۆت تۇرەكنىڭ ھەممىسىلا چەكلىك ۋاقىت ئىچىدە نۆۋەت بىلەن سۇ تۇتىشاتتى. شۇڭا بايتۇرەك بىلەن ئايتۇرەكنىڭ يەرلىرى كۆپ بولغاچقا چەك ئىچىدىكى سۇغۇرۇش ۋاقتى يېتىشمەي يەرلىرىنىڭ ئىچكىرى ۋە دۆڭرەك يەرلىرى سۇغا زارىقىپ بولالمايتتى. ئەكسىچە توڭتۇرەك بىلەن مۆڭتۇرەكنىڭ يەرلىرى ئاز بولغاچقا بۇ چەك ئىچىدە يەرلىرى يامان ئەمەس سۇغۇرۇلۇپ قالاتتى. لېكىن كېيىنچە، ئىش بۇنىڭ ئەكسىچە بولىدىغان بولدى. بايتۇرەك بىلەن ئايتۇرەكنىڭ يەرلىرى سۈيىگە تازا قانىدىغان، توڭتۇرەك بىلەن مۆڭتۇرەكنىڭ يەرلىرى تەتۈرسىچە تۇزۇك نەملەشمەيدىغان بولۇپ قالدى. توڭتۇرەك بىلەن مۆڭتۇرەك بۇ ئىشنى ئاڭقىرىشىپ بولالماي ھەيران ئىدى. سۇ يەنە شۇ ئاۋۋالقى سۇ، يەر يەنە شۇ ئاۋۋالقى يەر، ۋاقىت يەنە شۇ ۋاقىت، ئەمدى تۇرۇپلا خەقنىڭ نەچچە پاتمان يېرى چىلىق - چىلىق، ئۇلارنىڭ ئالقانچىلىق يەرلىرى بولسا ئالا - پاساڭ. . .

كېيىنچە مەلۇم بولدىكى، گەپ ھېلىقى تاشلاردا ئىكەن، بايتۇرەك بىلەن ئايتۇرەك ئۆزلىرىنىڭ سۇ نۆۋىتىنى تۇتۇپ بولغاندىن كېيىن نۆۋەت توڭتۇرەك بىلەن مۆڭتۇرەككە كەلگەندە ھېلىقى تاشلارنىڭ بىر بېشىنى ئورنىدىن قوزغاپ قويىدىكەن - دە، ئىككى نامرات تۇرەكنىڭ يەرلىرىگە ماڭىدىغان سۇ ئازىيىپ، ئىككى بايتۇرەكلەرنىڭ يېرىگە داۋاملىق سۇ مېڭىۋېرىدىكەن. بۇنى يەنە

ئاشۇ توڭتۇرەك پەملىشىپتۇ. مۆڭتۇرەككىمۇ شۇ ئېيتقانىدى.

ئىككى نامرات تۇرەك بۇ تەڭسىزلىككە غەزەپلەنگەن بولسىمۇ، بايتۇرەكلەردىن ئەيمىنىپ غىڭ قىلالماي تىلىنى بوغۇزىغا تىقىشىپ ئۆتۈۋەرگەنىدى. بېرىپ - بېرىپ باي تۇرەكلەر تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىشىپ، تاشلىرىنىڭ باشلىرىنى ئېرىقنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا سىڭا قىلىپ قويۇۋالىدىغان بولدى. نەتىجىدە ئىككى نامرات تۇرەكنىڭ يەرلىرىگە ماڭىدىغان نۆۋەت سۈيىنىڭ يېرىمى دېگۈدەك ئىككى بايتۇرەكنىڭ يەرلىرىگە كىرىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلار بۇ قىلىقنى ئىككى نامرات تۇرەكتىن يوشۇرۇشنىمۇ خالىماي ئوچۇق - ئاشكارا قىلىدىغان بولۇۋېلىشتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ نەزەرىدە بۇ نامرات تۇرەكلەر ئەزەلدىنلا بېشىدا ياڭاق چاقساڭمۇ «ياق!» دېمەيدىغان مۆرىمەس مۆڭلەردىن ئىدى. . .

باھار كۈنلىرى ئىدى. بۇغدايىنىڭ باش سۈيى تۇتىلىۋاتاتتى. كېچىلىك سۇ نۆۋىتى بايتۇرەكنىڭ، كۈندۈزلۈك سۇ نۆۋىتى توڭتۇرەكنىڭ ئىدى.

بايتۇرەك يەرلىرىنى كېچىچە سۇغۇرۇۋالغاندىن كېيىن تاڭ سەھەردە توڭتۇرەك ئېچىقىنى ئاچتى. لېكىن ئۇنىڭ ئېچىقىغا ماڭغان سۇ بەلەكچىلىكلا ئىدى. قارىغۇدەك بولسا، بۈگۈن تاشنىڭ ئورنى تېخىمۇ سۈرۈلۈپ، نۆۋەتكە ماڭىدىغان سۇنى توسۇپلا قويۇپتۇ.

رەنجىدە بولغان توڭتۇرەك كەتمىنىنى تاشلاپ، ئېرىققا سەكرەپ چۈشتى - دە، جېنىنىڭ بارىچە كۈچىنىپ تۇرۇپ بايتۇرەكنىڭ تېشىنىڭ بېشىنى قوزغاپ ئېرىققا يۆلىدى. ئاندىن بۇنىڭ بىلەنلا بولدى قىلماي، ئىنجىقلاپ يۈرۈپ تاشنى يۆلەشتۈرۈپ قىرغا بىراقلا چىقىرىۋەتتى. ئاندىن كەتمىنىنى قولىغا ئېلىپ بايتۇرەكنىڭ ئېچىقىنىڭ ئېغىزىنى ئېتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئېرىقتىكى سۇ توڭتۇرەكنىڭ ئېچىقىغا پاتماي ئاققىلى تۇردى. بۇنى كۆرگەن بايتۇرەك ھويلىسىدىن بوراندەك ئېتىلىپ چىقتى. لېكىن ئېچىق بېشىدا كەتمىنىنى قولىغا ئېلىپ، ئۆزىگە تىكىلىپ قەھرى - غەزەپ بىلەن قادىلىپ، ھېلىلا پارتلاپ كېتىدىغاندەك ھالەتتە تۇرغان توڭتۇرەكنى كۆرۈپ مەڭدەپ قالغاندەك ئورنىدا توختاپ قالدى. ئۇ ھەيرانلىق ئىچىدە توڭتۇرەككە قارىدى. توڭتۇرەكنىڭ چىرايى غەزەپتىن قارىيىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قان تولۇپ تۇراتتى. بايتۇرەك شۇ تاپتا ئەگەر تاشنى ئېرىققا قايتىدىن چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئېڭىشكىدەكلا بولسا، توڭتۇرەكنىڭ ھېچ ئىككىلەنمەيلا ئۇنىڭ چوققىسىغا كەتمەننىڭ چۈلدىسى بىلەن سالىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ قالدى - دە، غىڭ - پىڭ قىلالماي ئارقىغا ياندى:

ئېرىقنىڭ بۇ قېتىمدا ھويلىسىنىڭ بىر بۇلۇڭىدىن ماراپ، بۇ ئىشنى كۆزىتىپ تۇرغان مۆڭتۇرەك توڭتۇرەكنىڭ بۈگۈنكى قاراملىقىدىن، ياق، توغرىراقى ساراڭلىقىدىن ھەم ھەيران بولسا، بۇ ئىشنىڭ ئەمدى ياخشىلىقچە تۈگىمەيدىغانلىقىدىن ۋەھىمە يەپ ساراسىمە ئىچىدە قالدى. دېمىسىمۇ، ھېچكىم ۋە ھېچنېمىدىن تەپتارتماي خالىغىنىنى قىلىپ ئۆگەنگەن بايتۇرەك ئۈچۈن بۇ رودېپاي ئەبگا توڭتۇرەكنىڭ بۈگۈن قىلغىنى چاشقاننىڭ مۈشۈككە قاش ئاتقىنى بىلەن باراۋەر ئىدى. . .

قېرىشقاندەك شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن يەنە بىر ئىش يۈز بەردى. توڭتۇرەكنىڭ ئۆكۈزى باغلاقتىن بوشىنىپ كېتىپ بايتۇرەكنىڭ قوناق يېرىگە كىرىپ قالغانىكەن، ئەتىگەنكى ئەلەمنى چىقىرىدىغان يەر تاپالماي ئۆزىنىڭ قويرۇقىنى ئۆزى تالاپ، ساراڭ بولغان تۈلكىدەك بىر ئىزىدا پىرقىرىغىنىچە «پوقىنى بوغۇزلاپ» يۈرگەن بايتۇرەك، توڭتۇرەكنىڭ ئۆكۈزىنىڭ ئۆزىنىڭ قوناق يېرىنى پايخان قىلىپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ، قولىغا چاپما ئورغاقنى ئالغىنىچە ئۇچقاندەك ئېتىلىپ بېرىپ بۇغداي يېرىگە بېشىنى كۆتەرمەي دوڭغاسلاپ ئىشلەپ يۈرگەن توڭ تۇرەككە بىر ئېغىزمۇ گەپ - سۆز قىلمايلا بېرىپ ئۆكۈزنىڭ بوينىغا ئورغاق بىلەن نەچچىنى چېپىۋەتتى. بىچارە جانىۋار غەرق قان ئىچىگە يىقىلىپ شۇ ھامان جان بەردى. ئۆكۈزنىڭ بويىنى چورتتىدە كېسىلىپ بېشى ئۈزۈپ تاشلانغانىدى.

ئۆزىنى تامام ئۇنتۇپ ئىشقا بېرىلگەن توڭتۇرەك بايتۇرەكنىڭ ئېتىزى تەرەپتىن ئاڭلانغان «پالاق - پۇلۇق» تىن ئېسىگە كېلىپ بېشىنى كۆتەردى. ئۇ يەردە بىر ئۆكۈز قانغا مىلىنىپ ياتاتتى. بايتۇرەك قان تامچىلاپ تۇرغان چاپما ئورغاقنىڭ دەستىسىنى مەھكەم قاماللىغىنىچە چاتىرىقىنى كېرىپ، قورقۇنچلۇق بىر قىياپەتتە ئۆزى تەرەپكە بەتلىنىپ قاراپ تۇراتتى. بايتۇرەكنىڭ يۈز - كۆزى، ئەمدىلا چارداشقا باشلىغان كۆتمەك ساقىلى، ئاق يەكتەك ۋە تامبىلى قىپقىزىل قانغا بويالغانىدى. ئۇنىڭ تەلۋىلەرچە غالجىرلىق بىلەن پارقىراپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ، قان چاچراپ تۇراتتى.

ھېچنەرسىنى چۈشىنەلمىگەن توڭتۇرەكنىڭ كۆڭلى بىرنېمىنى تۇيغاندەك كۆزىنى ئۆزىنىڭ ئۆكۈزى باغلاپ قويۇلغان بىجاقلىق قىرغا يۆتكىدى. ئۇ يەردە ئۆكۈزى كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ھەممىنى چۈشەندى. دېمەك، بايتۇرەك ئۇنىڭ بىردىنبىر تايانچىسى بولغان قاۋۇل ھەم كۈچلۈك ئۆكۈزىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى. ئۇ ئۆتكەن يىلى بايتۇرەك ئۇنىڭ ئاشۇ ئۆكۈزىنى سېتىپ بەرگىن دەپ

تالاشقىنىدا، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ گېپىنى قېقىۋەتكە-
نىنى ئەسلىدى. شۇ ھامان ئۇنىڭ ئولتۇرۇشاڭغۇ
كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى. ئۇ لېۋىنى
مەھكەم چىشلىگىنىچە غەزەپ ۋە ئەلەمدىن روھى
چىقىپ كەتكەندەك قېتىپ قالدى. بىرھازادىن
كېيىن توكتۇرەك قولىغا كەتمىنىنى ئالدى - دە،
ئۇنىڭ دەستىسىنى ئىككى قوللاپ مەھكەم قامال-
لاپ، بىسىدىن قان تامچىپ تۇرغان چاپما ئورغاق-
نى كۆتەرگىنىچە بىر قان ئىچەر سىياقتا ئۆزىنى
كۈتۈپ تۇرغان بايتۇرەككە قاراپ قەدىمىنى يۆتكە-
دى. ئۇنىڭ قانسىز ۋە قۇرغاق لەۋلىرى، قويۇق
ساقال - بۇرۇتلىرى ھەتتا ھەر بىر تال چېچى ۋە
ئورۇق ئاجىز تېنى غال - غال تىترەيتتى. كۆز
چانىقىدىن ياش قۇيۇلماقتا ئىدى. غەزەپتىن كار-
نىيى قىسىلىپ نەپىسى بوغۇلغانىدى. ئۇنىڭ پۈت-
كۈل جىسمى قىساس ئوتىدىن لاۋۇلدايتتى. ئۇ
قەدەملىرىنى تەسلىكتە يۆتكەپ كېتىۋېتىپ، ئۇش-
تۇمتۇت دەلدۈگۈنۈپ كەتتى - دە، ئارقىسىغا
«تىرىكچىدە» ئۇچۇپ چۈشتى. ئۇنىڭ سۆلىسىز تې-
نى بىردىنبىر ھىمات - تايانچى بولغان يالغۇز
كالىسىدىن ئايرىلىپ قالغان نامرات ۋە ئاجىز دېھ-
قانىنىڭ جان ئۈگىلىقىدىن پارتلاپ چىققان ئەلەم
ۋە غەزەپىنىڭ تورىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەندى.

يىراقتا قورقۇنچ ۋە ساراسىمە ئىچىدە دىر -
دىر تىترەپ قاراپ تۇرغان مۆكتۇرەك پالاقلاپ
يۈگۈرۈپ كەلدى. توكتۇرەكنىڭ ئاغزىدىن بۇ-
ژۇلداپ كۆپۈك قايناپتتى. ئۇنىڭ لەۋلىرى تۆ-
مۇردەك كۆكىرىپ كۆزلىرىنىڭ چۆرىسى قارىداپ
ئەتىسىز يۈزى قەغەزدەك ئاقىرىپ بەئەينى ئۆلۈك-
نىڭ چىرايىغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ كۆك-
رىكىنىڭ تىنىمسىز ئۆرىدەپ تۇرۇشى بولمىسا،
ئۇنى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەم شۇتاپتا ئۇنى بىرلا
قاراپ ئۆلگەنگە چىقىراتتى.

مۆكتۇرەك توكتۇرەكنى مىڭ تەسلىكتە ھا-
پاش قىلىپ ئېرىق بويىغا ئەكەلدى ۋە چىملىقتا
ياتقۇزۇپ ئۇنىڭ يۈزىگە مۇزدەك ئېرىق سۈيىدىن
پۈركىدى. بىرھازادىن كېيىن بىر ئازابلىق ئىڭ-
راش بىلەن توكتۇرەك ئاران كۆزىنى ئاچتى... بىر-
كەمدە توكتۇرەكنىڭ خوتۇن - باللىرى ئۆيىدىن
يىغا - زارە قىلىشىپ چىقىپ كېلىشتى. جاھاذ-
نىڭ ھەرقانداق غەۋغاسىدىن خالىي، ئۆزىنىڭ
خىلۋەت ۋە تىنچلىقى بىلەن كىشىگە ئارام بەخش
ئېتىدىغان چۆلاق ئېرىقنىڭ ئايىغىدىكى بۇ پىنھان
بوشلۇقنى بىردەمنىڭ ئىچىدە ئۇزۇن زامانلاردىن
بېرى كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىل ئاشكارا دۈش-
مەنلىك ۋە ھازا كەيپىياتى قاپلىدى. بۇ خىل
دۈشمەنلىك ئۇزۇندىن ئاستا - ئاستا ۋە يوشۇرۇن
ھالەتتە شەكىللىنىشكە باشلىغانىدى. بۇنداق
دۈشمەنلىككە بايتۇرەكنىڭ زورلۇقى سەۋەب بولىدى-
مۇ ياكى توكتۇرەكنىڭ ساراڭلىقى سەۋەب بولىدى-
مۇ، بۇنىسىنى مۆكتۇرەك تازا ئويلاپ يېتەلمەيت-
تى ۋە ئۇ ھەقتە ئويلاشنىمۇ خالىمايتتى. ئۇ پە-
قەت تىنچ ۋە بىر خىلدا ئايلىنىۋاتقان تىرىكچىلىك
چاقىنىڭ بارا - بارا ئىزىدىن چىقىۋاتقانلىقىنى بىر
خىل كۆڭۈل يېرىمچىلىقى ئىچىدە غۇۋا سەزمەكتە
ئىدى. ئۇنىڭچە بولغاندا، بۇ ئالەم پەقەت ئىككى
كۈنلۈكلا ئالەم ئىدى. بۇ ئالەمگە ھەممىلا ئادەم
توكتۇرەك ۋە مۆكتۇرەك ھەتتا ئاشۇ ئەزەلدىن
شۈكرى - قانائەت دېگەننى بىلمەي ئۇدۇل كەلگەن-
نى يالماپ يۇتۇپلا ياشاشقا ئۆگەنگەن بايتۇرەك
بىلەن ئايتۇرەكلەرمۇ ئوخشاشلا ئۆتكۈنچى ئىدى.
شۇنداق ئىكەن، بۇ دۇنيادا تالىشىشنىڭ، ئورۇ-
شۇشنىڭ، جان قايغۇسى ۋە ئەتىنىڭ غېمىنى قى-
لىپ پايپېتەك بولۇشنىڭ ئەھمىيىتى يوق ئىدى.
كىشىنىڭ بۇ ئالەمدىكى كۆرىدىغان كۈنى، يەيدى-
غان رىزقى ئالىلقاچان پېشانىگە پۈتۈلگەن، ئۇ-
نىڭدىن ھېچكىم چەتنە قالمايدۇ ۋە ئۇنىڭدىن
ئارتۇقنى تەلەپ قىلىش ئەمەس، ھەتتا ئويلاشمۇ
كۇپۇرلۇق. شۇنداق ئىكەن بارىغا شۈكرى قى-
لىپ، تاپقىنىغا قانائەت قىلىپ، ئىبادىتىگە
ئوبدان مەشغۇل ئېتىپ، تىنچ ۋە خاتىرجەملىك
ئىچىدە ئاللانىڭ ئامانىتىنى ئالىدىغان خەيرلىك
سائىتىنى كۈتۈشلا كېرەك. شۇ چاغدىلا مۆمىن
مۇسۇلمان ۋە ئەھلى جەننەت بولالايدۇ.

«كىشىنى رەنجىتكۇدەك جاھان ئەمەس بۇ،
ئاخىرىغا بېرىپ ئۆزۈڭنى رەنجىتىشنىڭ: . . » دەپ
ئويلىدى مۆكتۇرەك، توكتۇرەكنى ھاپاچ ئېتىپ
دەلدۈگۈنۈپ كېتىۋېتىپ: « ئەسكى بىلەن تەڭ
بولۇپ، خاپىلىق تارتقۇلۇق ئەمەس ھەرگىز، لاي
سۇ ئىچ، كۆڭلۈڭ تىنچ دېگەن گەپ بار ئاينا. . . !» ئۇ
توكتۇرەكنى ئۆيىگە ئەكىرىپ قويۇپ يېنىپ چى-
قىۋېتىپ، بايتۇرەكنىڭ تېرەك كېسىدىغان ئاي-
پالتىسىنى تىزىغا قويغىنىچە، شاخشا ئىشىكىنىڭ
ئالدىدا توكتۇرەكنىڭ غوۋغا كۆتۈرۈپ چىقىشىنى
كۈتۈپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ قالدى - دە، قورق-
قىنىدىن يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكىلى تاس - ماس
قالدى. ئۇنىڭ پۇتلىرىدىن ماغدۇر قېچىپ، تىز-
لىرى ياغقا چىلىغان پىلىكتەك يۇمشاپ ئۆرە تۇ-
رالمايلا قالدى ۋە مىڭ بالادا ئېرىقتىن ئاتلاپ
ئۆتۈپ ھويلىسىغا ئاران كىرىۋالدى. ئەمدى بىر
ئۆلۈم ۋەقەسىنىڭ چىقىشىغا كۆزى يېتىپ، ھوي-
لىسىدىمۇ تۇرالماي قازناق ئۆيىگە كىرىپ مۆكۈ-
نۇۋالدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە، توكتۇرەك ئاللىقاچان
ئېلىشىپ قالغانىدى. ھېلىغۇ ئېلىشاڭغۇ ئىكەن،
مۇبادا ساپمۇ - ساق ئادەم بولسىمۇ ئائىلىسىنىڭ
پۈتكۈل تىرىكچىلىكىنى تەمىن ئېتىۋاتقان بۇ بىر-
دىنبىر ئىش كالىسىنىڭ بىر تۇپ قوناق كۆكى
ئۈچۈن ئۆلتۈرۈۋېتىلگىنىگە ھەرگىزمۇ چىداپ
تۇرالمايتتى! توكتۇرەك ئاخىرى بىر ئۆلۈم بالا-
سى تېرىماي قويمايتتى. مۆكتۇرەك «ئەگەرچە-

ده، ئايتۇرەك مېنىڭ يالغۇز ئۆكۈزۈمنى ئاشۇنداق چانىۋەتسە، مەن قانداق قىلار ئىدىم» دېگەننى ئۇشتۇمتۇت ئويلاپ قالدى ۋە ئۆزىنىڭ بۇ خىيالىدىن قورقۇپ كەتتى، قورققىنىدىن بەدىنى قارا تەرگە چۆمۈپ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سېلىپ كەتتى. «مەن. . . مەن ھېچنېمە قىلمايتتىم! » دەپ جاۋاب بەردى ئۇ ئۆزىنىڭ بايىقى قورقۇنچلۇق خىيالىغا. شۇنداق، ئۇ ھېچنېمە قىلمايتتى. بۇ پانى ۋە ئۆتكۈنچى دۇنياغا شۇقەدەر ھېرىسمەنلىك قىلىپ كەتكەن بارمۇ؟ جەننەتتى رىزۋاندىكى باقىيلىق راھەت ئالدىدا نېمە ئۇ دېگەن! ئۆلتۈرسە ئۆلتۈرمەمدۇ؟ يامىنى كەلسە كالىسىز قالىدۇ - شۇ! لېكىن جەننەت دېگەنگە كالىسىزمۇ كىرىش مۇمكىنغۇ؟ ! كىرىكى ئەنە شۇ جەننەت! جەننەت ئۈچۈن ئۇ ھەرقانداق بەدەلنى تۆلەشكە رازى! ئۇنداق كالىدىن مىڭى ئۆلتۈرۈلسىمۇ غىڭ قىلمايدۇ ئۇ، ئىگەكىم! ! «جەننەت» ئۇنىڭ بىردىنبىر ۋە چىن ئەقىدىسى ئىدى. لېكىن ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ قورققانلىقىنى، بايىقى بولمىغۇر خىيال بىلەن تەڭلا ئۇنىڭ يۈرىكىنى سىرقىرىتىۋاتقان قورقۇنچنى يېڭىش ئۈچۈن، ئاشۇ قورقۇنچاقلىقىنى ئىقابلاش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ قورقىغا «جەننەت» خۇشلۇقى بىلەن تەسەللى بېرىپ، ئۆزىنىڭ يۈرىكىنى يەۋاتقان قورقۇنچ تۇيغۇسىنى جەننەت خۇشلۇقى بىلەن ئالداپ يۈرۈپ ئۆزىدىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن تارتىۋاتقان ھەرىجى ئىدى. ئۇ ئىچىدە شۇنداق دەپ تۇرسىمۇ، ھېلىقى قورقۇنچلۇق خىيال بىلەن يۇت - قوللىرىنىڭ ئۆزىنىڭ باشقۇرۇشىغا ھېچ جوگا ئىبېتماي دىر - دىر تىترەۋاتقانلىقىنى، يۇت - قوللىرىلا ئەمەس، ھەتتا كۆيۈپ چوچۇلا بولۇپ تۇتەپ تۇرغان سوپۇرگىدەك كالتە ۋە شالاڭ ساقىلىنىڭمۇ ھەدەپ تىترەۋاتقانلىقىنى ئاشكارا ھېس قىلىۋاتاتتى. ئۇ جىسمىنى قوچۇۋاتقان شەپقەتسىز قورقۇنچ تۇيغۇسىدىن شۇمشىيىپ، بېشىنى ئىچىگە تىقىپ، ئىككى موك ھالەتتە قازناق ئۆينىڭ سىڭايان ئىشىكىدىن تومشۇقىنى سوزۇپ بايتۇرەك بىلەن توختۇرەكلەرنىڭ ئۆيى تەرىپىگە مارىلاپ قارىدى. ئۇ يەردە ھە دېمەيلا «ھەزرىتى ئىبلىسنىڭ جېڭى»بولۇپ، ئىككى تۇرەكنىڭ بىرىسى ئۆلۈشى كېرەك ئىدى. لېكىن ئۇ يەر ھازىرچە تىپتىنچ ئىدى. ئۇ بۇ كېچىنى ئۆلۈم ئالدىدىكى مۇدھىش جىمىلىققا جورىدى. ئۇ ئۆلگەنلەرنى (ئەلۋەتتە ئۆز ئەجىلىدە ئۆلگەنلەرنى) كۆرگەنىدى. ئۆلىدىغان ئادەم ئۆلۈشتىن بۇرۇن نېمىشقىدۇر تىنچلىنىپ، ھەتتا قايتا جان كىرگەندەك بولۇپ قالىدىكەن. لېكىن، ئاشۇ ياخشىلىنىش ئىچىدىلا ئۆلۈپ قالىدىكەن. مۇنۇ جىمىلىقمۇ ئاشۇنداقراق بىر جىمىلىق ئىدى. ئاشۇ جىمىلىقنىڭ قوينىدا بىر مۇدھىش قانلىق ۋەقە تەييارلىنىۋاتاتتى، بىر ئۆلۈم ئاستا - ئاستا تى-

پىرلىماقتا ئىدى. . .

بىركەمدە توختۇرەكنىڭ شاخشىسى ئېچىلىپ توختۇرەك چىقىپ كەلدى. لېكىن توختۇرەكنىڭ قولىدا نە ھېلىقى چاپما ئورغاق، نە پالتا - پىچاق كۆرۈنمەيتتى. ئۇ پەقەت ھېلىقى سۆزلىيەلەيدىغان، نەغمە قىلالايدىغان «شەيتان قۇتىسى»نى بوينىغا ئېسىۋالغانىدى. ئۇ ھەتتا قولىدا پالتىسىنى مەھكەم قاماللىغىنىچە ھويلىسىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرغان بايتۇرەك تەرەپكە قاراپمۇ قويماستىن، سالپاڭ قۇلاق ئېشىكىنى مىنىپ، ھېچكىمگە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي شەھەر تەرەپكە كەتتى. ئۇنىڭ بوينىدا ھېلىقى «شەيتان قۇتىسى» پۇلاڭلاپ تۇراتتى.

بىر قىيامەت - قايىمنىڭ ۋەھىمىسىدىن لاغىلداپ تىترەپ تۇرغان موختۇرەكنىڭ ئاغزى ھەيرانلىقتىن ئېچىلىپ قالدى. موختۇرەكلا ئەمەس، ھەتتا قان تۆكۈشكە تەييار بولۇپ ئولتۇرغان بايتۇرەك ۋە تېخىمۇ قىزىقراق «تاماشا» چىقىشىنى تىلەپ، ئىشتىيىنى بىلەپ ئولتۇرغان ئايتۇرەكمۇ، توختۇرەكنىڭ بۇ قىلىقىنى چۈشىنەلمەي ھاڭ - تاڭ بولۇپ قېلىشتى. ئايتۇرەك مۇبادە بايتۇرەك توختۇرەكنى بىرنېمە قىلىۋەتكۈدەك بولسا تېخىمۇ خوش بولار ئىدى. چۈنكى بۇ ئىش ئارقىلىق ئۇمۇ موختۇرەككە «مۇبادا سەنمۇ توختۇرەك بايتۇرەك بىلەن دۈشمەنلەشكەندەك، ماڭا يوت ئاتساڭ، سېنىڭ ئاقىۋىتىڭمۇ شۇ بولىدۇ! » دېگەننى ئۇقتۇرۇپ قويماقچى بولۇپ تۇرغانىدى. لېكىن ئىش نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقماي قويدى. ئاخىرى بايتۇرەك بىلەن ئايتۇرەك، توختۇرەكنى «قورقتى! »غا چىقىرىشىپ قاقاقلىشىپ كۈلۈشكىنىچە ئۆيلىرىگە كىرىپ كېتىشتى. دېمەك، باي تۇرەكلەر ھەرقاچان زور كېلىدۇ. ئۇلارغا ھېچكىم ئارا تۇرالمايدۇ. . .

ئەتىسى موختۇرەككە سۇ تۇتۇش نۆۋىتى كەلگەندە ئايتۇرەك ھېلىقى تاختا تاشنى قېيپاش چىقىرىپ موختۇرەكنىڭ سۈيىنى توسۇپلا قويدى. پەقەت ئازغىنە سۇ موختۇرەكنىڭ يېرىگە كىچىك بالىنىڭ سىيدۈكىدەك شىرقىراپ ئاقماقتا ئىدى. بۇنىڭغا موختۇرەكنىڭ يۈرىكى ئېچىشسىمۇ ھېلىقىدەك كۆزى يوق بالا - قازانىڭ تېرىلىشىدىن قورقۇپ «ھا، شا» دېيەلمىدى. ئايتۇرەك بولسا، موختۇرەكنى زاڭلىق قىلغاندەك ئۇنىڭغا يىراقتىن قاراپ «قىھ - قىھ»لاپ كۈلەتتى. ھېلىقى بايتۇرەكلەرنىڭ ئىشىدىن كېيىن، ئۇ تېخىمۇ كۆرەڭلەپ كەتتى. چۈنكى ئۇ، موختۇرەكنىڭ توختۇرەكتىنمۇ ئېشىپ كەتكەن قورقۇنچاق ئىكەنلىكىنى، بايىقى ئىشتىن قورقۇپ، جېنىنى قويارغا يەر تاپالماي يۈرگىنىنى ئوبدان بىلەتتى. . .

ئەتىسى چۈش مەھەلدە توختۇرەك ئۈچ نەپەر ئادەمنى باشلاپ قايتىپ كەلدى. كەلگەنلەر ھۆكۈ-

مەتىنىڭ ئادەملىرى ئىدى. ئۇلار بېشىغا قاسقان شەپكە كىيىۋالغان، مۈرىلىرىدە پارقىرايدىغان قىزىل تاختاي بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرەيلەن ئايالدەك قىلاتتى. لېكىن ئۇ ئايال ئۇچىسىغا كۆڭلەك كىيمەي، بېشىغا ياغلىق ئارتماي باشقا ئەرلەر بىلەن بىر خىلدا قاسقان شەپكە بىلەن تامبال كىيىۋالغانىدى. ئۇنىڭ مۈرىسىدىمۇ پارقىرايدىغان قىزىل تاختاي بار ئىدى. بۇ ئايال ئاشۇ تۇرقى بىلەن ئايال دېسە ئايالغا ئوخشىمايدىغان، ئەركەك دېسە ئەركەككە ئوخشىمايدىغان نادۇرۇست ھېلىپىرەككە ئوخشاپ قالغانىدى. لېكىن مۆڭتۇرەك باشقا ئىككى ئەركەكنىڭ ھەدېسە ئۇنىڭدىن ئەيمىنىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا پايپېتەك بولۇپ يۈرگىنىگە قاراپ ئۇ خوتۇننى باشلىقتا جورىدى. ئاھ، خۇدا، خوتۇن خەق ئەر كىشىدەك بولۇۋېلىپ ئەركەكلەرنى باشقۇرىدىغان بىر زامان ئىكەن - بۇ؟ دېگىنىچە تۆۋە ئىستىغبار ئوقۇپ ياقىسىنى چىشلىدى.

كەلگەنلەر ئۆلگەن كالىنى كۆرۈشتى. كالىنى سويدۇرۇپ، گۆشىنى جىڭلاشتى، ئاندىن نېمىلەرنىدۇر ھېسابلاشتى. ئاندىن بايتۇرەكنى ئالدىغا سېلىپ ئېلىپ كېتىشتى. توڭتۇرەكمۇ ئېشەكنى مىنىپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى.

ئەتىسى پېشىن دېگەندە بايتۇرەك يېنىپ كەلدى. ئۇنىڭ ھالى ئۆمىسلا ئىدى. ئۇنىڭ رەڭگى ئۆچۈپ تاتىرىپ كەتكەنىدى. دائىم ئەركەك غازنىڭ بويىنىدەك غادىيىپ تۇرىدىغان بويىنى قىيسىيىپ، بېشى چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ تۈنۈگۈنكى ئەلپازى ۋە «سەن ئەمەس، مەن!» دەيدىغان ھالىتى نەلەرگىدۇر يوقالغانىدى. بەئەينى سۇغا چۈشكەن توخۇغا، پىچىۋەتكەن بۇقىغا ئوخشاپ قالغانىدى.

بايتۇرەك ئۆزىگە ھەيرانۇ-ھەس بولۇپ تىكىلىپ قاراپ تۇرغان مۆڭتۇرەكنى كۆرۈپ، نومۇس قىلغاندەك بولۇپ ئالا - بۇلاڭ بوزاردى ۋە ئۇنىڭدىن كۆزىنى قاچۇرۇپ ھويلىسىغا «غىپپىدە» كىرىپ كەتتى.

بىرەر ئاش پىشىم ئۆتمەيلا توڭتۇرەكمۇ پەيدا بولدى. ئۇنىڭ ئەپتىمۇ باشقىچىلا ئىدى — ئالدىغا تامدەك ئىككى ئۆكۈزنى سېلىپ، ئاتتەك بىر ئېشەكنى مىنىۋاپتۇ. تەلپىكىنى قىرلاپ سىڭايان كىيىپ، ئېشىكىگە يانچىسىغا مىنىپ ناخشىنى دۆڭ توۋلايدۇ:

بىزنىڭ باغدا ئېچىلغان،
گۈلى رەيھان ئەمەسمۇ.
بىزنى ۋەيران قىلغانلار،
ئۆزى ۋەيران ئەمەسمۇ؟!

خۇشلۇقىدىن ئاغزى كوشۇكتەك بولۇپ، سىرىق ۋە شالاڭ چىشلىرى يەتتە چىشلىق كېپەزدەك ھىڭگىيىپ قاپتۇ. ئاپتاپتا كۆيگەن قارامتۇل چىرايى نۇرلىنىپ گۈلدەك ئېچىلىپ كېتىپتۇ. ئۆزى بىر كۈننىڭ ئىچىدە 10 ياش ياشىرىپ كەتكەندەك بولۇپ قاپتۇ.

بۇنى كۆرۈپ مۆڭتۇرەكنىڭ كۆزلىرى ھەيرانلىقتىن چەكچىيىپ قالدى. بىر كېچىنىڭ ئىچىدە يۈز بەرگەن بۇ ئۆزگىرىشلەرگە ئەقلى يەتمەي، كاللىسىنىڭ ئىچى ھەرە كىرىۋالغان قاپاقتەك غۇڭۇلداپ كەتتى.

«بىر يەردىن بىرەر غايىب خەزىنىگە يولۇقۇپ قالدىمۇ - نېمە، بۇ ساراڭ؟!» دەپ ئويلاپ قالدى مۆڭتۇرەك توڭتۇرەك ھەققىدە. ئۇ بىردەمنىڭ ئىچىدە شۇنچە كۆپ ئويلىدى، ھەتتا ئۇ پۈتكۈل ئۆمرىدە بۇنچىۋالا كۆپ نەرسىلەرنى ئويلاپ باقمىغانىدى. لېكىن شۇنچە ئويلاپمۇ، بۇقىدەك ھۆركىرەپ يۈرىدىغان بايتۇرەكنىڭ بىر كېچىدىلا «موللام مۈشۈكى» بولۇپ ئۆزگىرىپ قالغىنىنى ۋە توڭتۇرەكنىڭ تۇرۇپلا خىزىرغا يولۇققاندەك يالجىپ كەتكىنىنى ھېچنەرسىگە جورىيالمىدى. ئۇ توڭتۇرەكنىڭ خۇددى بىر يۇۋارلاپلا بىرنېمىگە ئۆزگىرىدىغان جادۇگەردەك «ھايت - ھۇيت» دېگۈچە بىر نىمجاندىن بىر بىقۇۋۇل ھەم روزىغار ئىگىسىگە ئايلىنىپ قېلىشى بىلەن، بايتۇرەكنىڭ ئۇشتۇمتۇتلا پالاكەت بېسىپ لاتىسىنىڭ سۇغا چىلىشىپ، پۇسكىيىپ قېلىشىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاللىقانداقتۇر بىرەر باغلىنىشنىڭ بولۇشى مۇمكىنلىكىنى زادىلا كاللىسىغا سىغدۇرالمىدى...

مۆڭتۇرەك شۇ كۈنى كەندىر يەۋالغان كالىدەك خاموش بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ كاللىسىنى ھەر خىل باش - ئايىغى يوق خىياللار چۇلغىۋالغانىدى. ئۇنىڭ روھىنى قوچۇپ، يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر - چوڭقۇرىدا يىلتىز تارتقان، «ئەھلى جەننەت» بولۇپ جەننەتكە كىرىش خىيالىنىڭ ئورنىنى ئەمدى قانداقتۇر بىر خىل يوچۇن، يېپيېڭى، غۇۋا ۋە ناگىلا - ئارىسالدى خىياللار چىرمىۋالغانىدى. بۇ خىياللار ئۇنى ئازابلايتتى، قىينايتتى، ئاخىرىدا بولسا كاللىسىنى قوچۇپ ئۇماچ قىلىۋەتتى. ئەسلىدە ئۇ جەننەتكە كىرىش خىيالىدىن ئۆزگە خىياللارنى يات سانايتتى. ئۇنىڭدىن ئۆزگە ھەرقانداق خىيالنى قىلمايتتى ۋە قىلغاندىمۇ ئۇنداق خىياللارغا بۈگۈنكىدەك پۈتۈن كۈنلەپ كاللىسىدىن ئورۇن بەرمەيتتى. بۈگۈن بولسا، ئۇ خىياللار ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئۆمۈچۈكنىڭ تورىدەك چىرمايلىۋالدى، «قانداق گەپ بولۇپ كەتتى ئۆزى، شۇنداق قىلسا... شۇنداق...». كەچ كىردى. مۆڭتۇرەك قانداق كەچ كىرگىنىنىمۇ سەزمەيلا قالدى. ئۇ گاھ ئۆيىگە كىرسە، گاھ باغقا چىقاتتى. تۇرۇپلا پېرە ئوينىغان باخشىدەك بىر ئىزىدا پىرقىراپ كېتەتتى. تۇرۇپلا ئۇنىڭ ئەت يېنى ئوت - ئاتەش بولۇپ قىزىپ كەتتى.

پۇت - قولىدا جاندىن ئەسەر قالمىدى. ئۇ نىمىلەرنىدۇر پىچىرلايتتى. نىمىلەرنىدۇر ئوقۇپ ئۆزىگە ھۈرەتتى. كەچ كىرگىچە ئۇنىڭ تېنى بەكلا سۆلىدىن كەتتى. ئۇ تۇرۇپلا قانداقتۇر بىرنەرسىنىڭ ئۆزىنىڭ تېنىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى. ئۇ نەرسە خۇددى ھورغا ئوخشايتتى. ھورغا ئوخشاش ئىسسىق، كۆيدۈرگۈ، نەمخۇش ئىدى. ئۇ نەرسە ئۇنىڭ تېنىنىڭ ھەممىلا يېرىدىن چىقىۋاتاتتى. بېشىدىن، كۆزىدىن، قۇلىقىدىن، سول كۆكرىكىدىن... پۇتكۈل ئەزايىدىن ئاستا - ئاستا، لېكىن بىلىنەرلىك ھالدا ھورلىنىپ چىقىپ كېتىۋاتاتتى. بۇ نەرسىنى ئۇ ھېچنېمىگە جورىيالمىدى — جېنى چىقىپ كېتىۋاتامدىكىن دېسە، (ئۇ جان دېگەن بىر تىنىق دەپ ئاڭلىغانىدى) ئۆزى مېڭىپ يۈرۈۋاتىدۇ، كۆرۈۋاتىدۇ، ئاڭلاۋاتىدۇ، جان ئەمەسمىكىن دېسە، ئۇ قان ئەمەس. ئۇنداقتا ئۇ يەنە نېمە بولۇشى مۇمكىن؟

ئۇ ھورغا ئوخشايدىغان نەرسە چىقىۋاتقىنىدا، ئۇنىڭ پۇتكۇل جىسمى ماغدۇرسىزلىنىپ، يۈرىكى سۇغۇرۇپ ئېلىنغاندەك ئاسقىپ - ئاسقىپ كېتەتتى، كۆڭلى ئەمەس بولۇپ، قۇرۇق ھۆ قىنلغۇسى كېلەتتى، ئۇنىڭ ئىچى بىردىنلا ئەسكى تونۇردەك ھۇۋۇللاپ قالدى. ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر خىل غەلىتە ئاۋاز كېلەتتى. بۇ ئاۋاز تۇرۇپ كىمىنىڭدۇر سەكراتتىكى ئازابلىق ھەم قىينىلىش ئىچىدىكى ئاچچىق چىرقىرىشىغا ئوخشىسا، تۇرۇپلا بوراننىڭ ھۇۋۇلدىشىغا ئوخشايتتى. بۇ ئاۋاز ئۇنىڭ قۇلاق - مېڭىسىنى كاردىن چىقاردى. ئۇ ئىچىدىكى ئۆپكە، جىگەر، ئۈچەي - قېرىن... دېگەنلەرنىڭ بىردىنلا غايىب بولغانلىقىنى سېزىپ قالدى. ھېلىقى ئاۋاز دەل شۇ نەرسىلەرنىڭ ئورنىدىن كېلىۋاتاتتى. بۇ نەرسىلەر نەگە يوقالدى؟ ئۇ نەرسىلەر يوقالغان بولسا، ئۇ نېمىشقا تېخىچە ئۆلمەيدۇ؟ ئۇ ئويلاپ يېتەلمىدى. بىردىنلا ئۆزىنىڭ تېنىدىن ئاستا - ئاستا پارلىنىپ چىقىۋاتقان ھېلىقى ئاقۇش ھورغا قاراپ، ئىچ - باغرىنىڭ نېمىشقىدۇر ئېرىپ ھور بولۇپ چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ قالدى. قىزىقى، بۇ نەرسىلەر چىقىۋاتقىنىدا ئۆزىنى نەچچە ۋاقىتتىن، بولۇپمۇ ئەتىگەندىن بۇيان ئىزتىراپ قىلىپ قىيناۋاتقان ھەر خىل سېزىملارنىڭ — قورقۇش، ۋەھىمە، ئەندىشە، پەرىشانلىق، ئىنتىلىش، غەم — قايغۇ، خۇشاللىق، غەزەپلىنىش، چۆچۈش، تەسىرلىنىش دېگەنلەرنىڭ ئاستا - ئاستا غايىب بولۇپ، ئۆزىنىڭ بىر خىل خاتىرجەم، تىنچ، غەمسىز ۋە ئارزۇسىز بولۇپ قېلىۋاتاتتى. ئاخىرىدا ئۇ ئۆزىنى قىينىغان بارلىق ساراسىمە ۋە ۋەھىمىدىن خالاس بولۇپ، پەقەت جىملىقنى، پىنھانىنى خالايدىغان بولۇپ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى بىردىنلا سېزىپ قالدى، بۇ نەقەدەر ياخشى - ھە! ئۇ بىردىنلا يەڭگىللەپ قالدى. ئەڭ ياخشى يېرى ئۇ ھېچنەرسىنى ئويلىمايدىغان بولۇپ قالغانىدى...

ئەمدىلىكتە، ئۇنىڭ ھويلىدا تۇرغۇسى ياكى ئۆيگە كىرگۈسى كەلمەي قالدى. نېمىشقىدۇر ئادەملەرنى كۆرگۈسى ۋە ئادەملەرگە كۆرۈنگۈسى كەلمەيدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتى. ئۇلاردىن يىراق تۇرۇش كېرەك، قانچە يىراق تۇرسا، شۇنچە ياخشى...

ئۇ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ كالا قوتىنىغا كىردى. ئۇ قوتانغا كىرىشى ھامان، قوتاندىكى تاغىل كالىسى ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن چەكچىيىپ بىر ھازاغىچە ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمىدى. كېيىن بولسا نېمىشقىدۇر ئۈزۈندىن - ئۈزۈنغا مۆرىدى. ئۇنىڭ مۆرىشى ئادەتتىكىگە نىمىسى بىلەندۇر ئوخشىمايتتى، ئۇنىڭ مۆرىشىدە بىر مەنە، بىر مەزمۇن باردەك قىلاتتى. مۆڭتۈرەك تۇرۇپلا كالىسىنىڭ مۆرىشىدىن بىر غۇۋا ئۇقۇمنى چۈشەنگەندەك بولدى، لېكىن بۇ ئۇقۇمنى ئۆزىنىڭ تىلىغا چاقىرىپ سۆزگە ئايلاندۇرالمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ كالىسىنىڭ باش تەرىپىدىكى سامان دۆۋىسىگە كېلىپ سوزۇلۇپ ياتتى. ئۇنىڭ كاللىسى، ئىچ - قارنى قۇپقۇرۇق ئىدى. ئۇ بىر خىل خامۇشلۇق ئىچىدە كالىسىغا مۆلدۈرلەپ قاراپ يېتىپ ئاستا - ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى.

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتى بىلمىدى. ئۇ ئۇيقۇ بىلەن ئويغاقلىقنىڭ ئارىلىقىدا گاراخ بولۇپ ياتقانىدى. ئويغاق دېسە، ئۆزى ئۇيقۇ قۇچىقىدا، ئۇخلاق دېسە كۆز ئالدىدا تۈمەنمىڭ مەنزىرە — ھېلى جىن، ھېلى ئايتۇرەك، ھېلى بايتۇرەك، ھېلى توكتۇرەك، ھېلى ئۆلتۈرۈلگەن كالا، ھېلى ئېرىقتىكى تاش، ھېلى شەيتان قۇتىسى، ھېلى كەڭرى دالا، ھېلى قاراڭغۇ جاڭگال، ھېلى ئېغىل، ھېلى كەڭ ئېتىزدا كەتمەن ئوينىتىپ يەر تۈزلەۋاتقان قاۋۇل ۋە خۇشال ئەر، ھېلى قىرىسلىتىپ ئوت چايناپ كۆزىنى پارقىرىتىپ ياتقان كالا، ھېلى جەننەت، ھېلى كۆيۈۋاتقان ئوت...

ئۇ بىر سادادىن ئۆزىگە كەلدى.

«قوپ ئورنىڭدىن، ناغرادۈڭدە جەننەتنىڭ بېلىتىنى تارقىتىۋاتىدۇ...!»

ئۇ چۆچۈپ كۆزىنى ئاچتى. ئەمدى ئۇنىڭ تۇيغۇلىرى ئەسلىگە كەلگەندەك ئىدى. ئۇنىڭ كاللىسىدا خىيال، كۆڭلىدە بىر ئىستەك، ئەت - يېنىدا سېزىم... «قوپ ئورنىڭدىن، ناغرا دۈڭدە جەننەتنىڭ بېلىتىنى تارقىتىۋاتىدۇ...!»

ئۇ سادا ياڭراق ئىدى، تومۇ ۋە قۇۋۋەتلىك ئىدى، تىترەك ئىدى...

ئۇ سادا بىرنەرسىگە ئوخشايتتى، ئۇنىڭدا غەزەپ، تەنە، دالالەت ئۇرغۇيتتى.

مۆڭتۈرەك ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە ئې-

غىلىنىڭ تۆت تەرىپىگە ئالاڭلاپ كۆز يۈگۈرتتى، لېكىن ئۈستى يېرىم ئوچۇق بولغاچ، تولغان ئاينىڭ يورۇقىدا يورۇپ تۇرغان ئېغىل ئىچىدە ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. پەقەت ئۆزىنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش شۈكرىلىك ۋە مۆمىن كەلگەن تاغىل كالىسى ئۇنىڭغا بەتلىنىپ چوڭ ۋە روشەن كۆزلىرىنى پاللىدىتىپ قاراپ تۇراتتى، مۆڭتۈرەك گاڭگىراپ قالدى، ئۇيقۇلۇقتا شۇنداق زاھىر بولغان ئوخشايدۇ دېدى ۋە يەنە بايىقى ياتقان يېرىگە يېڭىۋاشتىن يامپاشلاشقا تەمشەلدى.

«بارغىن، جەننەت بېلىتى تارقىتىۋاتىدۇ!»

بۇ دورەم ئۇ ئېنىق ئاڭلىدى. قانداقتۇر ئۇيقۇنىڭ تەسىرى ۋە ياكى سېزىملىرىنىڭ ئالدىشى ئەمەس ئىدى، ئۇ بۇ سادانىڭ ئۆز قۇلىقىغا بىر ئادەمنىڭ دەم - نەپەسىدەك نەمخۇش، ئىسسىق، روشەن ۋە بىلىنەرلىك بولۇپ تېگىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇ قەددىنى قايتىدىن رۇسلاپ، ئۆپچۆرىسىگە سىنچىلاپ زەن سالدى. ھېچكىم يوق، پەقەت ئۆزىنىڭ كالىسىلا ئۇنىڭغا چەكچىيىپ قاراپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ يۈرىكىگە بىر ئىسسىق سېزىم تارقىدى. «جەننەت بېلىتى» دېگەن سۆز بىلەن ئۇنىڭ بىر ئۆمۈر تىلىگەن تىلىكى ئەجاۋەت بولغاندەك، ئۆزىنى ئانا قويىنىدىكى بوۋاقنىڭ راھىتىدە كۆردى. ئۇنىڭ كۆز ئالدى پاللىدە يورۇپ كەتتى، كۆڭۈل قارىنىقىغا نۇر تۆكۈلۈپ چاراقلىدى، ئۆزىنى يەتتە قات ئاسماننىڭ ئۈستىدە، لەرزان ۋە مامۇق ئاق بۇلۇتلار ئىچىدە لەيلەپ ئۇچقان، كۆك ۋە روشەن ئاسمان گۈمبىزىدە ئەركىن ۋە بەھۇزۇر سەيلە قىلىۋاتقان بىر روشەن سەييار، بىر پاكىز روھ، چېكى يوق كائىنات قوچىقىدا ئەلەڭگىپ، يۈۋارلاپ، بالقىپ، چاراقلاپ تۇرغان بىر يورۇق شولا ھالىتىدە كۆردى...

ئۇ بىر خىل چەكسىز راھەتلىك مەستخۇش سىياقتا دەلدۈگۈنۈپ ئېغىلنىڭ ئىشىكى تەرەپكە ماڭدى. ئۇ ناغرادۆڭگە — ئاشۇ جەننەت بېلىتى تارقىتىلىۋاتقان مۇقەددەس سورۇنغا بارىدۇ، ئۇ يەردە ھەقىقىي راھەتنى، ئەبەدىي خاتىرجەملىكنى، بۈيۈك ۋە مۇقەددەس مەڭگۈلۈكنى، ئىسپات ۋە زورۇقۇش تەلەپ قىلمايدىغان بۈيۈك ھەقىقەتنى ۋە ئاداققى، ئۆزگەرمەس ماكاننى تاپىدۇ...

ئۇ مەست ئادەمدەك غالداڭلاپ قەدەملىرىنى سۆرەپ ئىشىككە يېقىنلاشتى.

«ئۇ يەردە ئۆزۈڭنى تېپىۋالىسەن!» ھېلىقى ئاۋاز يەنە ياڭرىدى. مۆڭتۈرەك ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە ئۆرۈلدى.

ئالدىدا ئۆزىنىڭ تاغىل كالىسى تۇراتتى، كالىنىڭ روشەن كۆزلىرى ئۇنىڭغا تىكىلگەنىدى. ئۇ كۆزلەردە بىر خىل ئىچ ئاغرىتىش، سەممىيلىك ئەلەڭگىيتتى.

«بارغىن، ھەيران بولما! ئۇ يەردىن مۆڭتۈرەك بولۇپ قايتىسەن!...»

مۆڭتۈرەك قورقىنىدىن داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كالىسى سۆزلەۋاتاتتى. بايىقى سادا دەل مۇشۇ كالىنىڭ زۇۋانى ئىكەن! ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي، بىر قۇرۇق يۆتەلدى - دە، ئاغزىنى ئۆمەللەپ نېمىدۇر بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ زورۇقتى، لېكىن تەسلىكتە ئاغزىدىن «مۆ...» دېگەن ئاۋاز چىقىپ كەتتى، ئاندىن مىڭبىر بالادا كۈچىنىپ تۇرۇپ:

— سەن... سەن مېنىڭ كالاممۇ؟ سەن سۆزلەۋاتىسەنغۇ؟! — دېيەلىدى.

— مۆ... مەن سېنىڭ كالاڭ ئەمەس، ھازىر سەن مېنىڭ كالام... — دېدى كالا مۆڭتۈرەكنىڭ تەلەپپۇزىنى دوراپ، — ئىككىلىمىز كالا... مۆ...

مۆڭتۈرەك قورقىنىدىن كالىنىڭ ئالدىغا «گۈپپىدە» تىزلاندى ۋە كۈچىنىپ تۇرۇپ دېدى:

— يا... ياق، مېنى قورقۇتمىغىن، مەن... مەن كىم؟ ياق، سەن كىم؟ سەن ئالۋاستىمۇ سەن؟ يا سەن مېنىڭ كالاممۇ؟ مەن... مەن مۆڭتۈرەكمەن... كالا ئەمەس... مۆ... — ئۇ زورۇقاتتى، كۈچىنەتتى، زورۇققانسېرى كېكەچلەيتتى. قېرىشقاندەك گەپ ئارىلىقىدا ئىختىيارسىز «مۆ...» دەپ مۆرەپ تاشلايتتى.

— مۆ... سەن ھازىر مۆڭتۈرەك ئەمەسسەن، تۇرغىن ئورنىڭدىن... جەننەت بېلىتى تارقىتىۋاتقان يەرگە بار. ھەممە ھەقىقەت ئاشكارىلىنىدۇ. تۇرغىن... — كالا مۇلايىم ئاھاڭدا ئۇنىڭغا رىغبەت بەردى.

مۆڭتۈرەكنىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلماقتا ئىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ سەنتۈرۈلگىنىچە ئىشىك تەرەپكە ماڭدى. مۆڭتۈرەكنىڭ كالىسى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مەيۈسكىنە قاراپ قالدى. مۆڭتۈرەك ئېسەدەپ يىغلىغىنىچە كالىسىدىن ئايرىلىپ، ھېلى يىقىلىپ، ھېلى قوپۇپ ياپپاسلىغىنىچە ناغرادۆڭ تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. ئۇ يەر ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى. مۆڭتۈرەك ناغرادۆڭگە يېقىنلاپ كېلىۋېتىپ، ئۇ يەردە نۇرغۇن مەشئەل ۋە شاملارنىڭ يېنىپ تۇرغىنىنى كۆردى. ئۇ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ دۆڭنىڭ ئارقىسىدىكى مازارنىڭ ئالدىغا كەلدى. دېگەندەك ئۇ يەردە نۇرغۇن ئادەم قىمىرلاپ يۈرەتتى. مازارنىڭ ئىشىكىدە بۇرۇتلىرى قۇلاقلىرىغا يۆگەلگەن بەھەيۋەت ھەم سۈرلۈك كەلگەن تۆت مالائىكە كەلگەنلەرنى بىر - بىرلەپ تەكشۈرۈپ، تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەنلەرگە ئالقانچىلىك كېلىدىغان بېلەتنى تۇتقۇزۇپ قويۇۋاتاتتى. بېلەت لىغىلداپ تۇرىدىغان كۆك تاۋاردىن ئىدى. «جەننەت بېلىتى» شۇ ئىكەن - دە! ئويلىدى مۆڭتۈرەك. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن خۇشاللىق ئوتلىرى چاقناپ كەتتى.

مالائىكىلەر تەكشۈرۈشتىن ئۆتەلمىگەنلەرگە ھېچنەرسە بەرمەي، دوق قىلاتتى. ئەمدىكى ئېشىپ قالغان ئۆمرىدە ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىغا تۆۋە قىلىپ، گۇناھلىرىدىن پاك - پاكىز بولۇپ ئاندىن كېلىشلىرىنى بۇيرۇپ قوغلىۋېتەتتى. جەننەت بېلىتىگە ئېرىشكەنلەرنىڭ بېشى كۆككە يەتكەنىدى.

ئۇنىڭ خۇشاللىقتىن يۈرەكلىرى ئويناپ كەتتى. جەننەت بېلىتى ئۇنىڭغا سۆزسىز تېگىشى كېرەك. ئۇ پۈتكۈل ئۆمرىدە مۇشۇ ئىستەك بىلەن، مۇشۇ غايە ئۈچۈنلا ياشىدى. ياۋاش - يۇمشاق بولدى. گۇناھ - كىبىردىن ئۆزىنى تارتتى. كىشىنىڭ ھەققىنى يەۋالمىدى. كىشى ھەققىنى يەۋالسىمۇ غىڭ قىلمىدى. ئازار يېسە، شۇ تۇپەيلى گۇناھىم يەڭگىللەيدۇ دېدى. ھېچكىمدىن ھېچنېمە تەمە قىلمىدى، ئۆزىنىڭ ھەققىنىمۇ تەلەپ قىلمىدى. ئىش ھايۋىنىدەك خەق بۇيرۇغان ئىشنى قىلىپ، ھالال ئەمگەك بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈپ، چىن ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلدى... جەننەت بېلىتى دەل مۇشۇنداق ئادەمگە بېرىلىشى كېرەك، جەننەت دېگەن دەل مۇشۇنداق ئادەمگە مەنسۇپ...

مۆكتۈرەك ئاشۇ خىياللار بىلەن قەدەملىرىنى ئىشەنچلىك بېسىپ، مازارنىڭ ئالدىدا ئۆزۈندىن ئۆزۈنغا سوزۇلغان ئۆچىرەتنىڭ ئاخىرىغا كېلىپ تۇردى. ئۇ بىردىنلا ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى ئادەمنى تونۇپ قالدى. بۇ دەل توكتۇرەك ئىدى. ئۇمۇ جەننەت بېلىتى ئالغىلى كەپتۇ.

«مەندىن ئىلگىرى كېلىۋالغىنىنى قارا، مۇنۇ ئازغۇننىڭ!» دەپ ئويلىدى مۆكتۈرەك مەسخىرە بىلەن. «ساڭا بېرىلىدىغان جەننەت بېلىتى نەدە تۇرۇپتۇ، سەن ھېلىقى شەيتان قۇتىسى بىلەن ھەپىلىشىپ نېمە كۇپرانىلىقلارنى قىلمىدىڭ؟! نېسىۋەڭگە شۈكرى قىلماي يەنە كېلىپ شەھەرگە بىرلا بارغان باھانە بىلەن بىر كېچىدىلا بېيىپ كەتتىڭ، ئۆزۈڭچە بايتۇرەك بىلەن تەڭداش بولۇپ يوغۇناپ كەتتىڭ... كىم بىلىدۇ، سېنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرگىنىڭنى...»

«جەننەت بېلىتى» تارقاتقۇچى مالائىكىلەرنىڭ خىزمەت سۈرئىتى ناھايىتى تېز ئىكەن. ئۇلار ئالدىلىرىغا كەلگەن ھەر بىر ئادەمنىڭ ئىش - ئەمەلىنى، خۇي - پەيلىنى، ھال - ئەھۋالىنى بەش قولدەك بىلگەچكە، ئۇلاردىن كۆپ گەپ سورىمايلا بېلەتنى بېرىشكە تېگىشلىكلەرگە بېرىپ، تەكشۈرۈشتىن ئۆتەلمىگەنلەرگە ئەمدىكى ھاياتىدا نېمە ئىشلارنى قىلىش كېرەكلىكىنى قىسقىلا قىلىپ چۈشەندۈرۈپ يولغا سالىدىكەن، شۇڭا ئۆزۈن كۈتۈشكە توغرا كەلمىدى. ھەش - پەش دېمەيلا توكتۇرەك بىلەن مۆكتۈرەك «جەننەت بېلىتى» تارقىتىلىۋاتقان ئۇستەلنىڭ ئالدىغا كېلىپ قېلىشتى. توكتۇرەك ئاۋۋال ئۇستەلنىڭ ئالدىغا باردى. مۆكتۈرەك پۈتكۈل دىققىتى بىلەن توكتۇرەككە بېلەت بېرىلمەسلىكىنىڭ سەۋەبىنى ئاڭلاپ باقماق بولۇپ، ئالدىغا بويۇنداپ ئىنتىلدى (توكتۇرەكتەك ئادەملەرگە جەننەت بېلىتى ئەلۋەتتە بېرىلمەيدۇ - دە!). مۆكتۈرەك مۇشۇ پۇرسەتتە توكتۇرەكنىڭ سىرلىرىنى بىلىۋالماقچى ئىدى. مۆرىتى كەلسە ئۇنىڭدىن چەك - چېگرىنى تەلتۆكۈس ئايرىۋېلىشقا لازىمى بولىدۇ. چۈنكى مالائىكىلەر ھەممە ئادەمنىڭ ھەممە ئىشىنى ئاشكارا بىلەتتى. مالائىكىلەر توكتۇرەكنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا قاراپ دوستانىلىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ قويۇشتى ۋە ئۇنىڭدىن ھال - ئەھۋال سوراشتى، ئاندىن ئارتۇق گەپ قىلمايلا ئۇنىڭ قولىغا جەننەتنىڭ بېلىتىدىن بىر تالنى تۇتقۇزۇپ قويدى ۋە ئۇنى بىر خىل سىپايە مۇئامىلىسى بىلەن ئۇزىتىپ قويدى. ئۇلار پەقەت ئۇنىڭغا: «ھېلىقى شەيتان قۇتىسىنى ھەر كۈنى ئاڭلا، ئوبدان ساقلا!» دېدى. پەقەت دېگىنى شۇ بولدى. توكتۇرەكنىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى. ئۇ تۈگىمەس «رەھمەت، ھەشقاللا» بىلەن ئارقىسىغا ياندى ۋە مۆكتۈرەكنى كۆرۈپ قېلىپ ھەيران بولغىنىدىن كۆزلىرى چەكچىيىپ ئۇنىڭغا قارىغىنىچە قېتىپ قالدى.

مۆكتۈرەك بولۇۋاتقان ئىشتىن ھېچنەرسىنى چۈشىنەلمەي گاڭگىراپ قالدى. «مالائىكىلەر خاتالىشىۋاتامدۇ - يا؟» دەپ ئويلىغىلى تاس - ماس قالدى. مۇبادا بۇنداق ئويلىسا «دوزىخى تۇتۇرۇق» بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ دەررۇ خىيالىنى تورمۇزلىۋالدى. ئۇزۇن ئويلاشقا پۇرسەت يوق ئىدى. ئەمدىكى نۆۋەت مۆكتۈرەككە كەلدى. ئۇ ھاياجانلىق تىترەك ئىچىدە ئۇستەلگە يېقىنلاشتى. ئۇنىڭ يۈرىكى خۇشاللىقتىن دۈكۈلدەپ، قوللىرى تىترەيتتى.

— سەن نېمە دەپ كەلدىڭ؟

بىر سۇرلۇك مالائىكە ھەيۋەت بىلەن سورىدى.

— خوش تەقسىر، مەنمۇ جەننەت بېلىتى ئېلىپ ئەھلى جەننەت بولاي دەپ...

ئەتراپتىن «پاراققىدە» كۈلكە كۆتۈرۈلدى. مۆكتۈرەك پەقەت شۇ چاغدىلا ئۆزىگە بىر توپ ئادەمنىڭ ئولىشىۋالغانلىقىنى كۆردى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا توكتۇرەكمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدە ھەيرانلىق، كۈلكىسىدە مەسخىرە ئاشكارا بىلىنىپ تۇراتتى.

— بۇ يەردە كاللارغا جەننەت بېلىتى تارقىتىلمايدۇ. پەقەت ئادەملەرگىلا تارقىتىلىدۇ! — دېدى مالائىكە بايىقى سۇرلۇك قىياپىتىنى بۇزماي. مۆكتۈرەك ھېچنەرسىنى چۈشىنەلمەي، كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ مالائىكىنىڭ ئاغزىغا ھاڭ - تاڭ بولۇپ تىكىلدى. مالائىكە ھېلىقى

سۆزىنى يەنە تەكرارلىدى. ئۇ چاقچاق قىلمىغاند-
ى. چىرايىدىن مالائىكىلەرگە خاس كەسكىنلىك
ۋە ئۇلۇغۋارلىق چىقىپ تۇراتتى.

— تەقسىر... مەن قانداقسىگە كالا بولاي،
مەن مۆكتۈرەكقۇ... ئىشەنمىسىلە ئەنە ئاۋۇ
توكتۇرەكتىن سوراپ كۆرسىلە... مۆ... ئۆ-
زۈم بىر مۆمىن مۇسۇلمانمەن... مۆ...

ئەتراپتىكىلەر يەنە قاتتىق كۈلۈشۈپ كەتتى.

— نېمىدەپ مۆرەيدۇ مۇنۇ كالا، ئادەملەر-
نىڭ ئارىسىغا كىرىۋېلىپ...

— بۇنىڭ تىلىنى ئاشۇ مالائىكە بىلمىسە،
بىز ئادەملەر قانداق بىلەيلى...

ئادەملەر تۇشمۇ-تۇشتىن چۇرقىرىشىپ
كېتىشتى. بۇنى ئاڭلاپ مۆكتۈرەكنىڭ جان-
ئىمانى چىقىپ كەتتى. ئۇ ئىسپاتلىققا توكتۇرەك-
نى تارتماقچى بولۇپ، توكتۇرەككە بىچارىلارچە
قارىدى ۋە ئاغزىنى ئۆمەلىدى.

— مۆ... مۆ... مۆ...

مۆكتۈرەك ئۆزىنىڭ گەپ قىلماي دەپ مۆ-
رەۋاتقانلىقىنى پەقەت ئەمدىلا سېزىپ قالدى. ئىزا
ۋە ئەلەمدىن ئۇنىڭ ئۆتى تېشىپ، جىگىرى يېرىل-
غىلى تاس قالدى. توكتۇرەك ئۇنىڭغا ھېسداشلىق
قىلىشنىڭ ئورنىغا، ئاغزىنى كالچايتىپ ھەدەپ
كۈلۈۋاتاتتى. مۆكتۈرەك بىردىنلا ئۆكسۈپ يىغ-
لىۋەتتى. مالائىكىلەرنىڭ مۆكتۈرەككە ئىچى ئاغ-
رىپ قالدى بولغاي، ئۇلار ئادەملەرنى تارقىتىۋەت-
تى. ئۇلار كالا توغرىسىدا بىرنېمىلەرنى دەپ كۈ-
لۈشكىنىچە تەرەپ-تەرەپكە تارقاپ كېتىشتى. بۇ
يەردە پەقەت مۆكتۈرەك بىلەن مالائىكىلەرلا قې-
لىشتى. مۆكتۈرەك بېشىنى سىلىپ ئۆكسۈپ
يىغلاۋېتىپ مەشئەل يورۇقىدا ئۆزىنىڭ پۇتىغا
كۆزى چۈشۈپ قالدى ۋە قورققىنىدىن ئەزايى بە-
دىنى جۇغۇلداپ كەتتى — ئۇنىڭ پۇتلىرىنىڭ
ئورنىدا كالىنىڭ ئاچا تۇياق پۇتى تۇراتتى. ئۇ
كۆزىنى يانغا يۆتكىدى. مەشئەل يورۇقىدا ئۆزى-
نىڭ يېنىدا بىر كالىنىڭ كۆلەڭگىسىنى كۆردى.
بۇ دەل ئۇنىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇ ھودۇقۇشتىن بىر
يۇلقۇنۇۋىدى، كۆلەڭگىدىكى كالىنىڭ قۇيرۇقى
پۇلاڭلاپ كەتتى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئۆزىگە ئارقى-
سىدا قانداقتۇر بىرنەرسىنىڭ پۇلاڭلاۋاتقانلىقى
ئېنىق سېزىلدى. دېمەك، ھېلىقى قۇيرۇق ئۇ-
نىڭ قۇيرۇقى ئىدى. ئۆلگەنىنىڭ ئۈستىگە تەپمەك
دەپ ئۇنىڭ بېشىدا ئىككى تال مۈڭگۈز چوقچىيىپ
تۇراتتى.

«مەن راستىنلا كالىغا ئايلىنىپ قاپتىمەن...»
دەپ ئويلىدى مۆكتۈرەك ئەلەم ئىچىدە. شۇ خى-
يال بىلەن تەڭ ئۇ تېخىمۇ دەردلىك ئېسەدەپ
يىغلاپ كەتتى.

— بولدى، قايتىپ كەتكىن!

ئەمىر قىلدى مۆكتۈرەككە بايىقى مالائىكە.
ئەمدى ئۇنىڭ ئاۋازى سەلگىنە مۇلايىملاشقانىدى.

— تەقسىر... ئەمدى مەن نېمە قىلسام
بولىدۇ؟ مۆ... مۆ...

مۆكتۈرەك يىغىدىن ئۆزىنى توختىتالماي
ئۆپكىدەپ يىغلاپ تۇرۇپ سورىدى.

— ئېغىلىڭغا قايتقىن... بىچارە جانىۋار،
ئېغىلدىكى كالا نېمە قىلىشىڭ كېرەكلىكىنى ئېيت-
تىپ بېرىدۇ. چوقۇم شۇنىڭ دېگىنى بويىچە قىل-
غىن... ئاندىن...

شۇنداق دەپ بولۇپلا مالائىكىلەر نەگىدۇر
غايىب بولۇشتى. ئۇلار غايىب بولۇشى ھامان يەر-
زېمىننى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. مۆكتۈرەك قاراڭ-
غۇلۇق ئىچىدە تەنھا قالدى. ئۇنىڭ كۆڭلى تېخى-
مۇ بۇزۇلۇپ دىلى ئېزىلدى. ئۇ ھۆكىرەپ يىغلى-
غىنىچە قاراڭغۇلۇق ئىچىدە تېنەپ-تەمتىرەپ
ئارقىسىغا ياندى.

— مۆ... مۆ... مۆ...

ئۇنىڭ زارلىق يىغىسى تۈن قۇچىقىغا بۆلۈ-
نۈپ ياتقان تاقىر دالىدا تېخىمۇ مۇڭلۇق، ھەس-
رەتلىك ۋە پىغانلىق ئاڭلىناتتى...

ئېغىلدا ئۇنى تاغىل كالىسى بىر خىل خۇ-
شاللىق ئىچىدە كۈتۈۋالدى. مۆكتۈرەك ئۈمىد-
سىزلىك ۋە ئەلەمدىن ھالىدىن كەتكەنىدى. ئۇ
ئېغىلغا كىرىپلا تاغىل كالىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ
بايىقى ئۆزى ياتقان سامان دۆۋىسىنىڭ ئۈستىگە
ئۆزىنى تاشلاپ ياتتى. ئۇنىڭ دەردلىك ئېسەدىشى
تېخىچە توختىمىغانىدى. تاغىل كالا ئۇنىڭغا خەي-
رىخاھلىق قىلغاندەك ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇ-
نىڭ باش-كۆزىنى مېھرى بىلەن يالىدى. ئۇنىڭ
كۆزلىرىدە بىر شاد ئۇچقۇن ئويناپ تۇراتتى. بۇ-
نى كۆرۈپ مۆكتۈرەكنىڭ بىردىنلا ئۇغىسى قاينى-
دى:

— نېمىگە كۈلىسەن؟ مېنى زاڭلىق قىلمىغان
سەن چىشقاق ئۆكۈز قالدىڭمۇ ئەمدى؟! مۆ...— دېدى
زەردە بىلەن.

— مۆ... مەن سېنى زاڭلىق قىلمىدىم،
پەقەت بىر ئىشقا ھەيران بولۇۋاتىمەن...

— ھەيران بولۇۋاتىمەن؟ سەن بىر ھەيران
بولساڭ، مەن مىڭ ھەيران بولۇۋاتىمەن...
مۆ...— مۆكتۈرەك ئەلەم بىلەن خىرتىلدىدى.

— شۇنداق... مۆ... ئاللا مەۋجۇداتنىڭ
ئەڭ ئالىيسى، ئەلا سەرخىلى، ئەڭ گۈزىلى قى-
لىپ ياراتقان ئادەمنىڭ ۋاختانى ۋاخ كېلىپ مەن-
دەك ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك ئىدراكسىز بىر ھاي-
ۋاننىڭ تەڭدىشى بولۇپ قالغىنىغا، يەنە كېلىپ
مەندىن ئەقىل سوراپ ئالدىمدا ياتقىنىڭغا ھەيران-
مەن... مۆ...— مۆكتۈرەك بېشىنى زەرب
بىلەن كۆتۈرۈپ تاغىل كالىغا غەزەپ بىلەن ئالاي-
دى. لېكىن ئۇنىڭ سۆزىنى قېقىۋەتكۈدەك گەپ
تاپالماي ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىۋەتتى:

— مۆ. . . مۆ. . . مۆ. . .

— سەن بۇنى ئۆزۈڭدىن كۆرگىن، مۆ. . . ئۆزۈڭ تاپقان بالاغا ئەمدى كىمدىن يامانلايسەن مۆ. . .

— مۆ. . . سەن كىمسەن شۇنچە، ماڭا ئاتىكاچىلىق قىلىدىغانغا؟ مۆ. . . — مۆڭتۇرەك ئاچچىقىدا چىچاڭلىدى.

— مەن سېنىڭ كالاڭ. . . بۇ ئاتاق ماڭا يارىشىدۇ. چۈنكى مەن شۇنداق يارالغان، لېكىن سەن كىمسەن؟ مۆ. . . مۆ. . .— تاغىل كالا تەمكىنلىك بىلەن سورىدى.

— مۆ. . . مەن مۆڭتۇرەكمەن. . . مۆ. . . ئۇقتۇڭمۇ! كالۋا كالا. . . مۆ. . .— مۆڭتۇرەك تېخىمۇ تە بولۇپ ھۆركىرىدى.

— سەن ھازىر مۆڭتۇرەك ئەمەس، پەقەت بىر كالا سەن، ماڭا ئوخشاش. . . مۆڭتۇرەك دېگەن ئات، ئادەم دېگەن ئاتاق مۆڭتۇرەك بىلەن بىللە تاشنىڭ ئاستىدا قالدى. مۆ. . . شۇنىمۇ بىلمىدىڭمۇ؟ مۆ. . . مۆ. . .— تاغىل كالا ئېغىر بېسىقلىق بىلەن دېدى.

مۆڭتۇرەك بىردىنلا سەگەكلەشتى:

— مۆ. . . قايسى تاشنىڭ ئاستىدا قالدى؟. . .

— بايتۇرەكنىڭ سېنىڭ ئېتىزىڭغا سۇ كىرىدىغان ئېغىزىنى توسۇپ قويۇۋالغان يوغان تاختا تاشنىڭ ئاستىدا، ھازىرمۇ شۇ يەردە ياتىدۇ. سېنىڭ بەدىنىڭدىن ھور بولۇپ چىقىپ كەتكەن نەرسە دەل ئاشۇ! مۆ. . . مۆ. . .

مۆڭتۇرەك بېشىنى سىلىپ خىيالغا چۆمدى. كالىنىڭ سۆزىدە قانداقتۇر بىر ھەقىقەت باردەك قىلاتتى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ بەدىنىدىن ھېلىقى ئاقۇچ ھور كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىنلا ئۆزىدە بىر خىل يوچۇن، غەيرىي ئۆزھال بىر ئۆزگىرىش زاھىر بولغانىدى.

— مۆ. . . ئەمدى مەن قانداق قىلسام بولىدۇ؟. . .— مۆڭتۇرەك دېلىغۇل بولۇپ سورىدى. ئەمدى ئۇ پەسكارىغا چۈشۈپ ياۋاشلاپ قالغانىدى.

— مۆ. . . ھەببەللى. . .— دېدى كالا خۇشال بولۇپ،— مۆ. . . سەن شۇ تاپتا چىقىپ ئايتۇرەك سېنىڭ سۈيۈڭنى ئېتىپ قويۇۋالغان تاشنى قىرغاققا چىقىرىۋېتىسەن، شۇ چاغدا تاشنىڭ ئاستىدا قالغان مۆڭتۇرەك سېنىڭ تېنىڭگە قايتىپ كېلىدۇ ـ دە، سەن ئۆز ئەكسىڭگە قايتىسەن. . . مۆ. . . مۆ. . .

— مۆ. . . مۆ. . . مۆ. . . ئۇ چاغدا ئايتۇرەك غەلۋە قىلمامدۇ؟ ئۇ چاغدا. . . مۆ. . . مۆ. . . ياق، مەن ئۇنداق قىلالمايمەن، بىكار خەققە يامان بولۇپ. . . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭغا مېنىڭ كۈچۈم يەتمەيدۇ. . . مۆ. . . مۆ. . .

مۆڭتۇرەك قورققىنىدىن ئالاقزادە بولۇپ ئىڭرىۋەتتى.

— مۆ. . . قارا، ئايتۇرەكنىڭ ئېتىنى ئاڭلاپ، قويرۇقۇڭنى چاتىرىقىڭغا قىسىۋالغىنىڭنى! نېمانچە قورقىسەن؟ ئايتۇرەك ئادەم يېمەيدۇ، كالىنى يەيدۇ، سەندەك، مەندەك كالىنى. . . مۆ. . . مۇبادا ئۇ قىلغىنىڭغا ئۆكتە قوپۇپ، سېنى ئاني قىلىمەن دېسە، ئۇ چاغدا سەنمۇ ئاۋۇ ئۇدۇل قوشناڭ توڭتۇرەكتەك قىلمامسەن؟

مۆڭتۇرەك ھەيران بولۇپ بېشىنى كۆتەردى. تاغىل كالا ئۇنىڭغا ئىشەنچ بىلەن تىكىلىپ قارايتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بىر كۈچلۈك دەۋەت، بىر رىغبەت ئەلەڭلەيتتى. مۆڭتۇرەك شۇ تاپتا تاغىل كالىنىڭ كۆزلىرىدىن «ساڭا مۆڭتۇرەك بولۇپ ياشاش شەرەپلىكمۇ ياكى مەندەك كالا بولۇپ. . . » دېگەن سوئالنى كۆردى ۋە شۇھامان ئۇنىڭ يۈرىكىنى بىر ئادىمىي خىجالەت تۇيغۇسى كېلىپ قوچىدى ـ دە، ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ كەتتى.

مۆڭتۇرەك ئېغىلدىن ئېتىلىپ چىققىنىچە، ئۇدۇل چۆلاق ئېرىقنىڭ بويىغا باردى ۋە ئىككىلىنىپ تۇرمايلا ئېرىققا سەكرەپ چۈشۈپ ئايتۇرەكنىڭ تاختا تېشىنى كۆچەپ تۇرۇپ دەس كۆتەردى ۋە 3 ـ 4 ئادەم ئازان كۆتۈرۈپ ئەكەلگەن بۇ تاشنى بىر ئۆزىنىڭ ھېچ قىينالمايلا كۆتۈرۈپ قىرغاققا ئۇلاقتۇرۇپ تاشلىۋەتكىنىگە ئۆزىمۇ ھەيران قالدى. ۋۇجۇدىغا ئۇلاشقان بۇ كۈچنىڭ قانداق پەيدا بولغىنىنى چۈشىنەلمىدى. ئېرىق سۈيى شوخلىنىپ شىلدىرلاپ ئۇنىڭ ئېتىزىنىڭ ئىچىگە قاراپ ئاقتى. ئۇ ئېرىقتىن چىقىپ تاڭ ئېتىشىنىمۇ كۈتمەستىن ئۇدۇل توڭتۇرەكنىڭ ئىشىكىنى قاقتى. شۇ چاغدا ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىدا ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىل قۇدرەتتىن ۋە ئادىمىي خۇشاللىقتىن ئۇنىڭ يۈرەكلىرى ئويناپ كەتتى. . .

# ئارىمىزدا سايرايدۇ بىر قۇش

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن

## ئەيسا تۇغۇلغان كۈن

ئەيسا تۇغۇلغان كۈن، قولۇمدا مەي جام.
ئىچەي دەپ تەمشەلسەم، ئاڭلاندى چۇقان:
«ئىچمە! »— دەپ شۇ ئاۋاز بېسىقتى تامام،—
«كرىستتە بىر ئادەم، تەندىن تامار قان! . . .»

— ئۇ ئەيسا، ياغاچتا تۇرار مىخلىنىپ،
ئىدراكلار مىخلانغان، روھلار مىخلانغان؛
قانداقمۇ قۇتلۇقلاي قولغا مەي ئېلىپ،
قىسمەتنى كۆرمەسكە، چىدارمۇ ۋىجدان؟ ! . . .

ئۇ ئوماق تۇغۇلغان — ئادەم ئەۋلادى،
ئۈمىدۋار قۇتلاشتىن روھلانغان يۈرەك.
ئۇ تېخى، شۇ پېتى كرىست پەيۋەندى،
تەئەججۈپ ئەمەسمۇ زارلانماي، كۈلمەك.

ئەيسا تۇغۇلغان كۈن. چىراغ - ئارچىلار،
قۇتلاشقا تۇتۇندۇم، قولۇمدا مەي جام.
چاچرىغان قان گويا، ئاتەش چىراغلار،
كرىستتدا بىر ئىنسان يۈرەر بىئارام.

## زەررە جام، قەترە مەي

ياپراقلارغا باقتىم: ئېچىلار، سولار،
ئاھ، گۈللەر، خازانلار زېمىننى ياپقان.
بۇركۇتمۇ ئەڭ ئاخىر پەرۋازدىن قالار،
شىر - يولۋاس كۆز يۇمار كېيىنەكسىمان.
كەچكى كۈز، سوغدىنىپ تىترەيدۇ گىياھ،
ياپراق ھەم، دەرەخ ھەم، يىلتىزلىرى ھەم.
ئالەمدە لەك مىڭلاپ زېمىندەك دۇنيا،
ھاياتنى تەرك ئېتىپ دەۋر قىلار بىغەم.
خازانلار چەيلىنەر پۈتۈم ئاستىدا،
خازانلار ئاستىدا ساناقسىز جەسەت.
زېمىن بىر پال تېشى پالچى قولىدا،
مانا شۇ، ماكان ھەم زامان، تەبىئەت!
كائىنات رەمچىسى يۈرەر تىلسىمدە،
كىشىلىك غېمىدە پال سېلىپ يۈرسەم.
بابالار چۆچەكى تۇرار ئېسىمدە،
لال بولما، ئەۋلادلار قۇرئىدىن كۈلسەم!
رەم تېشى ئالەمدە پەقەت بۇ زېمىن،
شاھانە دەرگاھلار نەزەرگە چۈشمەس.
زەررە جام، قەترە مەي ئىلكىمدە، لېكىن،
مەي ئىچتىم - ئىچمىدىم مەڭگۈ بىلىنمەس. . .

## ئۆزىمۇ بىتاقەت كۆرۈنگەچ جانان

قىزىل ئاپتوبۇستىن قىزىل كۆڭلەكتە،
قىزىرىپ چۈشكۈنۈڭ ئۆزى بىر بېزەك.
گاھىدا شۇ رەڭدە باشقىلار چۈشسە،
يېرىلىپ كەتمەسمۇ نائۈمىد يۈرەك؟ . . .

تەلمۈرگەن كۆزلەرگە ئۈمىد، ئۇ دىلبەر،
قىپقىزىل شەپەقتىن كۈلەر دەپ قۇياش.
مۇسىبەت ئەمەسمۇ يامغۇرلۇق سەھەر،
ئىنتىزار مەڭزىمنى سۆيۈپ ئۆتسە ياش.

شۇ خىيال ئىلكىدە سۆيدى مەڭزىمنى،
كۆز ئەمەس، دىلىمدىن ئىرغىپ چىققان نەم.
مەجنۇنۇڭ لېۋىگە قۇيۇپ زەمزەمنى،
لەيلىدەك كەلسەڭچۇ شۇدەم مەلىكەم.

ئاھ، كۈلدى كۆڭۈللەر يېشىل ياپراقتىن،
چوغلۇقنىڭ پورىكى ئېچىلغانسىمان.

تويلاندى قەلبىمگە شادلىق ھەرياقتىن،
ئۆزىمۇ بىتاقەت كۆرۈنگەچ جانان.

## سىنەمدە بىر غەم

مۇڭلۇق مۇزىكىدەك سىنەمدە بىرغەم،
سىغىنچىلىڭ پىچىرلار ئىزگۇ ئىدرەكتە.
تىترەيمەن بىر ئەما سازەندىدەك شۇدەم،
ئاتەشلىك ھېسلىرىم تاشقىن يۈرەكتە.

ئىغىر يۈك كىمىدەك تەن ھەسرەتكە بەند،
تاقەتسىز بىر چۇقان ئىچەك ـ ئىچەكتە.
ئاتەشكا مىخلانغان تۇتقۇنمەن شۇ پەيت،
بىر يىلپىز نەرىسى ياڭرار يۈرەكتە.

ياپراقلار ياش تۆكەر ھالىمغا ھېسداش،
چاك ئېتەر بەرگىنى چېچەك زەخمەكتە.
تۇرقۇم دەل يامغۇردا ياش تۆككەن قۇياش،
بىر ئالەم قايغۇسى تېپەر يۈرەكتە.

شۇ سېغىنچ، شۇ ھەسرەت، شۇ قايغۇ جانان،
ۋەسلىڭنى تۇتىيا قىلمىش ئەلۋەتتە.
قايسىنى مەجنۇنلۇق دەشتىگە سالغان،
مۇھەببەت قۇيۇنى ھاكىم يۈرەكتە.

مۇڭلۇق مۇزىكىدەك سىنەمدە بىر غەم،
ئوبرازىڭ ئىلاھە، دىمەك تىلەكتە.
ۋىسالىڭ جەننىتىم، ھىجرىڭ ـ جەھەننەم،
تەقدىرىم بىر سىرلىق، تەشۋىش يۈرەكتە.

## ئارىمىزدا سايرايدۇ بىر قۇش

ئارىمىزدا سايرايدۇ بىر قۇش —
تىنىقلىرىڭ — نەپەسلىرىم ھەم.
لەيلەپ يۈرەر يەنە شېرىن چۈش،
ئىككىمىزنى قۇچاقلاپ مەھكەم.

ۋىسال چېغى بىرى، ئەزىزىم،
بىر نەپەسكە ئىككى يۈرەك جەم.
ھىجران تۈنى بىر ئاتەش سېزىم،
ئىككى لەۋگە تۆككەن ئوخشاش نەم.

ۋىسال قۇشى ھەم ھىجران چۈشى —
مۇھەببەتكە ھاكىم شۇ رېتىم.
پاك مۇھەببەت ئۆمۈر ئۆركىشى،
ھەم مۇزىكا ياڭرار بىتىنىم.

## مەپتۇنكار تۈنلەر

تۈن ئىشقى ئۆزگىچە، تۈنلەردە جانان،
بىر ئالەم ۋەزنىگە تەڭدۇر سىياقىڭ.
ئاياللىق شەكلىگە كىرگەنمۇ جاھان،
باغرىمنى بىر ئالغان چېغى پىراقىڭ.

قارامتۇل كۆللەرگە بىر گۈڭگا پىنھان،
مەجنۇنتال ئاستىدا خىلۋەتگاھ زېمىن.
سىرىنگۈل ھىدلىرى ھىدىڭ ئوخشىغان،
ئەڭ نازۇك تۇيغۇمنى قوزغايدۇ مەيىن.

نەلەردە چىراغلار، يۇلتۇزلار گويا،
سېھىرلىك كېچىگە سېھىرلەر قوشقان.
نەلەردە نەبلەرنىڭ تىۋىشى يانا،
ياپراقتا تامچىغان شەبنەملەرسىمان.

تەنھالىق زوقلىنار خىيالىڭدىن ھەم،
مەپتۇنكار تۈنلەردە سېلىككەي ھىجران.
قوينىدىن جاي سۇنسا بۇ تۈنكى كۆكلەم،
بەھرىدىن ۋاز كەچمەك ئەمەسمۇ ئارمان.

# ئۈچ شېئىر

ئابدۇكېرىم مەخسۇت

## سېغىنىش

1

شېئىر سوراپ تۇرغان چىمەنلەر،
ئالما پۇراپ تۇرغان گۈلشەنلەر.
تېرەكلىك يول، سالقىن سەھەرلەر،
چاقچىقىمغا ئۇلپەت پەدەرلەر،
بەك ئۇزاقتا قالدى مېنىڭدىن،
قىيماي كەتتىم، كەتتىم يېنىڭدىن،
سەندە بارتى ھېكمەت، مەنىلەر،
كۆرمىگەنتىم مىننەت، تەنىلەر،

پۇشايمىنىم - كەتكىنىم يىراق.
ئۆرتەر بۇ دەم سېغىنىش پىراق.

2

مەجنۇنتاللار، ئويناق سابالار،
چېچەك ھىدى، خۇشبۇي ھاۋالار،
ئەركىلەتكەن ئېزىزلەپ مېنى،
يېشىل ساھىل، گۈلگۈن دالالار؛
باشقا ئالسا، مېھرى لاۋالار،
گۈل ئۇزاتقان كۈلۈپ زىبالار،
يۈرىكىمگە سالغان ئوت، پىراق
يارقىن تارلار، ئالتۇن زىيالار،
غەملەر ماڭا بولمىغان يولداش.
ئىشقىڭ ماڭا ھەرنەپەس سىرداش.

3

بەلدىن ئېشىپ ئۇچقان شامالار،
گىرەلەشكەن ئەۋرىشىم تاللار.
ئوت - پىراقتا ئېرىگەن دىلىم،
ئۈزۈپ يۈرگەن دەريادا ساللار،
توققۇزۇم تەل ئىدى سۆيگۈدە،
دۇئا قىلغاچ مومايلار، چاللار.
خاتىرىلەر گۈل تۇتار ماڭا،
شېرىن دەملەر چۈشۈمگە ھەمراھ،
سېغىنىشتىن باغرىم ئوت، كاراپ.
سەجدىگاھىم قىلايمەن تاۋاب.

## ئانا تۇپراق

شائىرلىقىم پۈچەك پۇلغا تەڭ،
سەن بولمىساڭ، ئىشقىڭ بولمىسا.
ئادەملىكىم ئوت - خەسكىلا تەڭ،
شەپقەت ياغقان مېھرىڭ بولمىسا.

ئانا تۇپراق ھەر - بىر تىنىقىڭ،
ۋۇجۇدۇمغا ئاتا قىلغان جان.
باھارىڭنىڭ ھەرتال چېچىكى،
ئەقىدەڭدىن ياسالغان بوستان.

ئىپار ھىدىڭ، ئەرلىك غورۇرۇم،
ئاق تاغلارىڭ سىرداش دوستىمەن.
ھەر ھۇجەيرەم تۇتاشتۇر ساڭا،
بىر ئۆمۈرگە سۆرەم، قوشتامەن.

مىڭ ئەتىۋا زەررەڭ جېنىمدىن،
سېنىڭدە بار جەننەتلەرگە يول.
قىسمەتلىرىم قىسمىتىڭ بىلەن،
چىڭ چىگىلگەن، ئاجرالماس، ئۇيۇل.

ئانا تۇپراق سەندىن باشلانغان،
ئۇزۇلمەيدۇ مەڭگۈ نەسەبلەر.
سەجدە قىلسام ھەر كۈنى مىڭ رەت،
ياشىرىدۇ كۆڭۈل، ئەسەبلەر.

ئانا تۇپراق سەندە تۆرەلدىم،
ھىممىتىڭگە مەھكەم بۆلەندىم.
مۇشكۈللەردە، شادلىقلاردا ھەم،
ھاياتىم دەپ ساڭا يۆلەندىم.

## مەنزىرە

قۇياش كۈلدى، كۈلدى تولۇنئاي،
چېچەك تۆكۈپ خانەمگە بۇگۈن.
ھاياتىمنىڭ شامى ئۆچمىدى،
يورۇپ كەتتى ھەتتا قارا تۈن.

ئۇ بۇلاقتەك قارا كۆزىنى،
ئۈمىد بىلەن قاراتتى ماڭا.
لەۋلىرىنى شوراپ تامشىتىپ،
بىنا قىلدى يېڭى بىر دۇنيا.

ئۆمۈر بېغىم ئاچتى گۈل چىراي،
بىر مەنزىرە يارالدى شۇئان.
«مەنزىرە» دەپ قويدۇم ئىسمىنى،
قۇچتى مېنى يۈلتۇزلۇق بوستان.

ئەسلىتىدۇ ئۇنىڭ كۈلكىسى،
ھەممەتكە باي گۈزەل تاھارنى.
بىقىشلىرى، تەلپۈنۈشلىرى
باشلاپ كېلەر ئالتۇن باھارنى.

«ئۇرۇقچىدىن مېغىزى تاتلىق»
دىگەن ھېكمەت قىلدى مېنى رام.
ئوماق نەۋرەم، مېنىڭ مەنزىرەم
قىلدى ماڭا ياشلىقنى ئىنئام.

ئۆيىمىزنىڭ ئەركە گۈلى ئۇ،
كېلەچىكى پارلىسۇن تاڭدەك،
كۈلكىسىنى ئاڭلاپ تۇرايمەن،
ئاق تاغلاردا جۇشقۇن ئاھاڭدەك.

# ئىككى شېئىر

نەيىم يۇسۇپ

## كۆلۈپ كېلىپ، يىغلاپ كېتىمەن

ھەر مەرتە قەشقەرگە ماڭسام سېغىنىپ،
يوقتۇر يول ئازابى كۆلۈپ كېلىمەن.
جانانىنىڭ ۋەسلىگە يەتكەن يىگىتتەك،
ئالەمچە شادلىقتا تولۇپ كېلىمەن.

قەشقەرى، خاس ھاجىپ، گۇمنامىلار بىلەن،
زەپ شېرىن سۆھبەتلەر قۇرۇپ كېلىمەن.
شەۋكىتىم، قۇۋۋانچىم ئېشىپ پەلەكتىن،
ئۆزۈمنى ئەرشتە تونۇپ كېلىمەن.

گۇمنامنىڭ غەزىلى سۈرەتلىك قامۇس،
ھەر قۇرى بىر سۈرەت، كۆرۈپ كېلىمەن.
جۈملىسى گويا ئوت گۈلخان ياققۇچى،
بۇ يۇرتقا ئىچىمدىن كۆيۈپ كېلىمەن.

ئوپالنىڭ تۇپرىقى گويا تۇتىيا،
كۆزۈمگە يېنىشلاپ سۈرۈپ كېلىمەن.
بەشكېرەم باغلىرى جەننەتكە نۇسخا،
ھۆر - غىلمان پەيزىنى سۈرۈپ كېلىمەن.

ھېيتكاھ قەشقەرگە نۇرلۇق سىمۋول،
دىلىمدىن ئاڭا باش ئۇرۇپ كېلىمەن.
پەرىشتە سۈپەتلىك بوۋاي - مومايلار،
ئۇلارغا مىڭ سالام بېرىپ كېلىمەن.

قولى گۈل بۇ يۇرتنىڭ يىگىتلىرىگە،
ئاپىرىن - مەدھىيە ئوقۇپ كېلىمەن.
ھۆسنى ئاي - پەرىدەك ھۆر قىزلىرىغا
مىڭ كۆيۈپ داستانلار توقۇپ كېلىمەن.

كەلمەكنىڭ كەتمىكى باردۇر ھامانە،
كېتىشنى ئويلىسام سوۋۇپ كېتىمەن.
يارىنىڭ ۋەسلىگە دىلى قانمىغان،
بىچارە ئاشىقتەك سولۇپ كېتىمەن.

كېلىشىم ھېيت - بايرام، كېتىشىم ھازا،
ئۆزۈمنى تاشلارغا ئۇرۇپ كېتىمەن.
گەر ئۆزۈم كەتسەممۇ سادىق دىلىمنى،
بۇ ئۇلۇغ دىيارغا قويۇپ كېتىمەن.

## شاراب تەلقىنلىرى

مەينى گاھىلار دېيىشەر ھارام،
شۇ ھارام دىلىمغا بېغىشلار ئارام.
مەيدىن ئايرىلسام كۆزلىرىم گويا،
ساي بۇلىقىدەك تۆكىدۇ تارام.

مەي تەمىنى تېتىدىم، نىتەي،
تۇسماڭلار مېنى قانغىچە ئىچەي.
گەر مەي جەننەتتىن كۆچسە دوزاخقا،
جەننەت تەرك بولسۇن، دوزاخقا كېتەي.

بەزمىنى مەيدىن ئايرىپ تاشلىماڭ،
مەيسىز بەزمىگە مېنى باشلىماڭ.
مەيسىز ياشىماق مەن ئۈچۈن زۇلۇم،
شۇ زۇلۇم ئىچرە كۆزۈم ياشلىماڭ.

ئارمىنىم مەي تەلقىنىدە ئاقسام،
قىرغاقلارغا مەي چاچقۇسى چاچسام.
مەيخور يۈرىكىم توختىغاندىمۇ،
مەي لىق كوزىغا باش قويۇپ ياتسام.

# دوستۇم خاتىرىسىگە

ئەخمەت كىبىر

مەن ئۆلگەندە بولما ھازىدار،
جۇدالىقتىن ياش تۆكمىگىن ھەم.
خالىساڭ گەر
تۇپراق بېشىمغا

يېزىپ قويارسەن،
شۇنداق بىر جۈملە:
«ئەخمەق ئۇ، ئادەمدەك ياشىغان ئادەم.»




**سىراجىدىن شېرىپ**

قۇياش ئاسماندا قىيتىپ تۇراتتى. بىر سايە بارا - بارا يېقىنلاپ كەلمەكتە. قاچاندۇر بىر چاغلاردىن باشلاپ خىيالىمدىن كەتمەيدىغان قارا كۆز يەنە ئېسىمگە كەلدى. قۇياش نۇرىدا بىر قارا قۇش ئايلىنىپ يۈرەتتى. قۇياش كۆزلىرىمنى چېقىپ قارا قۇشقا ياماشتى. ئەجەبا قۇياشقا ئۇچقان كىچىك قۇش ئوت ئىچىدە كۆيۈپ كۈل بولسا!...

ئالدىمدا بىر تاش پارچىسى. ئۇنىڭغا قارىدىم. ئىگە - چاقىسىز، باش - پاناھسىز دۇنيا. ئەزەلدىن ئەگىپ يۈرگەن بىر ئىللىق ئېقىم بار. ئۇ روھىي دۇنيايىمدا يوقىلىۋاتامدۇ ياكى تېنىمدا ياۋايى ئىستەكلەر بىلەن مېنى ئويغىتىۋاتامدۇ؟ بۇنىسى نامەلۇم. مەن ھاياتنى بىر خىل ئىپتىدائىي ھالىتىدىن تەۋەككۈل قىلىپ سۆيىدىغاندەك ھېس قىلىپ قالدىم. كۆپكۆك ئاسمان... مەن كېتىۋاتقان يولنىڭ چېتىدىكى چىملىقتا ئىككى تىزىنى قۇچاقلاپ قولىدىكى چۆپنى تەۋرىتىپ ئولتۇرغان قىز بىلەن ئارىمىزدا قانداقتۇر بىر ئوخشاشلىق بارلىقىنى ھېس قىلىپ قالدىم. ئۇ قىز ھەر كۈنى شۇنداق ئولتۇرامدىغاندۇ؟

... جاھاندا يالغۇزلا قىز. نېرىراقتا بىر جۈپ كېپىنەك قوغلىشىپ يۈرەتتى. قارا كۆز... كۆكرەك قەپىسىمنى تېشىپ ئۆتمەكچىدەك، سوغۇق بىر قول يۈرىكىمنى مۇجۇپ قويدى. شۈركىنىپ كەتتىم. قۇرۇپ كەتسۇن بۇنداق يالغۇزلۇق!... مەن ئۇ قىز بىلەن يانمۇ - يان ئولتۇرسام ياخشى بولارمىكىن دەپ ئويلىدىم. ئەمما ئۇ ماڭا قاراپمۇ قويمىدى. بەلكىم ئەتىلىككىمۇ مۇشۇنداق ئولتۇرماسلىقى مۇمكىن. ئەگەر ئۇچرىشىپ قالساق مەن ئۇ قىزنى تونۇمای ئۆتۈپ كېتىمەن... ئالدىمدىكى تاش پارچىسىنى كۈچەپ تەپتىم. بىر چاغدا سېنىڭ پۇتۇڭغا بىرسى تەپكەن تاش پارچىسى تېگىپ كېتىپ سوقۇشۇپ كەتكەنىدۇق... مەن زادىلا چىدىيالمىدىم. تېخى 5 - ئاي بولماي تۇرۇپ قۇياش يەرگە چۈشۈپ كېتىپ بارغاندەك كۆزۈمنى چېقىپ كېتىپ باراتتى. تاماكا تۇتاشتۇردۇم - يۇ، ئەمما چەككۈم كەلمىدى. تاماكىنى ئۆچۈرۈۋەتتىم، سەرەڭگىنى ئارقا - ئارقىدىن ياندۇرۇپ ئوتنىڭ كۆيۈشىگە قاراپ تۇردۇم. مەنمۇ مۇشۇنداق كۆيۈپ تۈگەپ كېتىپ بارىمەن. يۈرىكىمنىڭ بىر يېرى ئاچچىق بولۇپ قالدى. مۇشۇنداق چاغلاردا دائىم سېنى ئويلاپ قالىمەن.

— دوستلۇق مۇھىممۇ، تالانتمۇ؟ — دەپ سورايسەن مەندىن.

— ھەقىقىي مۇھەببەت بار، ئادەم ھامىنى بىرسىنى ياخشى كۆرىدۇ، — دەيسەن ماڭا.

— ئىنگلىز تىلى دەرسلىكىنىڭ ئىككىنچى قىسمىنى ئۆگىنىپ بولدۇم. مۇئەللىم خاتىرجەم بول، سېنىڭ يولۇڭنى مەن ماڭىمەن دەيدۇ. سېنىڭچە قانداق قىلسام بولار؟

— ئاق چېكىدىغانلار ئۆزىگە ئىچىنىمامدىغاندۇ؟

— ئالدىمىزدا كېتىپ بارغان چىچى ئۇزۇن قىزغا قارىغىنا، بەكمۇ چىرايلىق ماڭىدىكەن...

مەن جاۋاب بەرمىسەممۇ سەن سۆزلەۋېرەتتىڭ، ئەمەلىيەتتە مېنىڭ جاۋاب بېرىشىمنىڭ ئەھمىيىتىمۇ يوق. چىچى ئۇزۇن بولۇش بىلەن چىرايلىق مېڭىشنىڭ نېمە پەرقى؟ ھەممىسى ئوخشاشلا ئايال...

سورىمىسا بولىدىغان ئىشلار شۇنچە كۆپ، سەن خىيالىڭغا كەلگەننى دەپ باقىسەن.

— بۈگۈن ھاۋا ياخشى - ھە! — دەيسەن ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ. مەن سوئالىڭنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ ئىككى قولۇمنى يانچۇقۇمدىن چىقارماي مېڭىۋېرىمەن.

— نېمە بولدۇڭ، گەپ قىلمايسەنغۇ؟ — دەپ سورايسەن مەندىن. ئەمەلىيەتتە مەن ساڭا قاچان گەپ قىلىپ باققان، سېنىڭ مېنى ئۆزۈڭگە ئوخشاشلا باشقا ئادەملەرگە سۆزلەپ يۈرگۈدەك گېپى بار دەپ ئويلاپ قالغىنىڭ قىزىق.

سەن كىچىك باللاردەك ئەتراپىڭدىكى ھەممە نەرسىگە ھېرىسمەنلىك بىلەن قاراپ كېتىسەن.

— قارىغىنا قارلىغاچ، خېلى بولۇپتىكەن كۆرمىگىلى.

— ۋۇ ئەخمەق! — مەن چىدىماي قالىمەن.

سېنىڭدىن تېزرەك قۇتۇلسام ئۆزۈم يالغۇزلا قالسام، لېكىن سەن بولمىساڭ كىيىملىرىمدىن ئايرىلىپ قالغاندەك يەنە قورۇنۇپ قالىدىكەنمەن.

قۇياشقا قارىدىم، بايىقى قارا قۇش كۆرۈنمەيتتى. چىملىقتىكى قىز كىتابىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ نەزەرىنى يۇقىرىغا ئاغدۇردى. ئۇ چوقۇم بايىقى قارا قۇش، چىرايلىق قارا كۆز. ئۇنىڭ كېلىشكەن تېنى بىردىنلا دىققىتىمنى تارتتى. ئىھ... مېنى ئۇزاقتىن بېرى تەلمۈرتكەن ئاخىرى ئۇ ئىكەن - دە. ھەيران بولدۇم. مېنىڭ ھاياتىم مۇشۇنداق ئاددىي جاۋاب بىلەن تامام بولۇپ كېتەمدىكىنە؟ قۇياش — ئاپئاق نۇر ئىچىدە غەلىتە بىر داغ تۇراتتى. تاش پارچىسىنى كۆيدۈرسە چوقۇم قۇياشقا ئوخشاپ قالغۇدەك. ئۇنىڭ قارا كۆزلىرىدە كىچىككىنە قىزغۇچ نۇر يالتىرايتتى. ئاستا بېرىپ ئۇنى قۇچاقلىدىم... تاشنى كۆيدۈرسە قۇياشقا ئايلىنامدۇ؟ مەن تاش پارچىسىنى قولۇمغا ئالدىم. ئۇنىڭ قوللىرى ماڭا مەھكەم چىرماشتى. ئۇنىڭ قۇچاقلاشلىرىدىن مەڭگۈ قۇتۇلۇپ كېتەلمەيدىغاندەك تۇيغۇغا چۆمدۈم.

— بۇنى قانچىلىك ئۇمىد قىلغانلىقىمنى تەسەۋۋۇر قىلالمايسىز، — دېدى ئۇ.

— بىلەمسىز، سىزنى دەسلەپ كۆرگەندىلا قەلبىڭىزنىڭ مېنىڭكىدەكلا ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغانىدىم.

بەدىنىم كۆيۈشۈپ ئېرىپ كېتىدىغاندەك، بەلكىم كۆيۈۋاتقاندۇرمەن. قۇياش راستىنلا مېنىمۇ يۇتۇپ كېتىۋاتامدىغاندۇ؟ ئۇنى جىسمىمغا قوشۇۋەتمەكچى بولدۇم. مەھكەم قۇچاقلاپ ئۆزۈمگە تارتتىم... تاش پارچىسى قولۇمدىن يەرگە چۈشۈپ كەتتى. چىملىقتىكى قىزنىڭ قولىدىكى كىتاب ۋاراقلاندى.

مەن تاش پارچىسىنى ئېلىپ يولنىڭ قاسىنىقىدىكى ئورمانلىققا قارىتىپ كۈچەپ ئاتتىم. تاش پارچىسىنىڭ نەگە چۈشۈشى بەرىبىر. قارا قۇش ئۇچۇپ كېتىپ باراتتى. بوشلۇق ھەممىنى، قۇشنىڭ تەقدىرىنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرىدۇ. تەڭرى ئۆز - ئۆزىنى سىرتماقلىسۇن دەپ ئۇنىڭ يىپىنى بىزنىڭ قولىمىزغا تۇتقۇزۇپ قويغان... قارا قۇش ئۇچۇۋاتىدۇ، بوشلۇق كېڭىيىۋاتىدۇ...

— تاش پارچىسى نەگە چۈشكەندۇ؟

سەن كۆرەلەيدىغاندەك بويىنىڭنى سوزۇپ قاراپ كېتىسەن.

— چۈشكۈسى كەلگەن يەرگە چۈشكەندۇ، بەلكىم قاڭقىپ يۈرىدىغاندۇ؟

بۇ گەپنى سەن قىلدىڭمۇ ياكى مەن دېدىممۇ ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ. ئەمما چىملىقتىكى كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرغان قىز ئېنىق كۆز ئالدىمدا تۇرۇپتۇ. شۇ تاپتا ئەتراپىمدا ھېچنەرسە سىغمىغۇدەك دەرىجىدىكى بوشلۇق سوزۇلۇپ تۇراتتى. يولنىڭ نېرىقى قىرغىقىدىكى ھەيۋەتلىك كۇتۇپخانا، قاياقتىنلا قارىسا كۆزگە تاشلىنىدىغان ئىمارەتلەر بۇ بوشلۇقنى تېخىمۇ كېڭەيتىۋەتكەنىدى. ئانچە قويۇق بولمىغان چىملىقمۇ كۆزۈمگە سىقىلىپ كېتىپ بارغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئالدىمدا تاش پارچىسىنىڭ يېنىدىلا بىر پارچە رەڭلىك قەغەز تۇراتتى. ئۇنىڭدىكى «گۆھەر زېمىن» دېگەن چوڭ خەتلىك سەرلەۋھىگە كۆزۈم چۈشتى. سەل تۆۋەندە چىرايلىق بىر قىزنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان سۈرىتى تۇراتتى. بۇ سۈرەتنى بىر يەردە

كۆرگەندەك قىلاتتىم، لېكىن سۈرەتنىڭ ئۈستى پۇرلىشىپ كەتكەنلىكتىن تازا ئېنىق پەرق ئېتەلمىدىم. سائەتكە قارىدىم. سائەت ئۈچكە ئاز قالغانىدى. ئەبگا، كۆرۈمسىز سايەم ئالدىمدا تۇراتتى. ئۇنىڭ تاش پارچىسىنى تەپكەندىكى ھالىتى ناھايىتى كۈلكىلىك بولسا كېرەك. تاشقا قارىغانسېرى ئىچىم مىژىلداپ كەتتى. . . سەنمۇ قاپىقىڭنى تۈرۈۋالغانىدىڭ. سەل غەلىتىلىك ھېس قىلىپ قالدىم.

— ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ كەتكەنسەن، — دېدىم مەن پەرۋاسىز ھالدا.

— تاش پارچىسىنى نېمىشقا تېپىۋەتمەيسەن؟

— بەك كۈلكىلىك بولۇپ قالىدىكەنمەن.

— سېنى ھېچكىم كۆرمەيدىغان تۇرسا؟

— خەق بىلەن نېمە كارىم. خەقنىڭ كۆرمەسلىكى بىلەن مېنىڭ تاش پارچىسىنى تېپىۋېتىشىمنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بولسۇن.

— ئەمىسە كۈلكىلىك بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرىمە!

سېنىڭ يەنىلا تەن بەرگۈڭ يوق. ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ يەنىلا بىر قارارغا كېلەلمىدىم. «گۆھەر زېمىن» دېگەن خەت بار قەغەزنى ئېسىمگە كەلتۈرەلمىگەن ھېلىقى قىزنىڭ سۈرىتى بىلەن قوشۇپ يىرتىپ - يىرتىپ تاشلىۋەتتىم.

تاش پارچىسى كۆكلەۋاتامدۇ؟ سايەم ئۈزۈراپ قالغانىدى. تاش پارچىسى يەرگە قارا سايە تاشلاپ تۇراتتى. گويا ئۈچلۈق نەيزە، ئۆتكۈر بىسلار تۇپراق باغرىنى تېشەلمەيۋاتقاندەك تاش پارچىسىمۇ يىلتىز تارتالمايۋاتامدۇ؟ بەلكىم ئۇنىڭ يىلتىزى دېڭىزلاردۇر. كەڭ كەتكەن بوشلۇق ئۇنىڭ غولى. قۇياش، ئاي، يۇلتۇزلار ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرىدۇر. مېنىڭ روھىممۇ تاش پارچىسىدەك ساددا، ھېچنەرسە بېسىپ كىرەلمەيدۇ. ئادەملەر قەلبىمنى تىترىتەلمەيدۇ. كەڭ يىلتىز تارتىشنى، بېشىمنىڭ كۆككە تاقىشىشىنى ھەرقانچە ئۈمىد قىلسامۇ بەرىبىر. مەن قارا قۇشقا يېتەلمەيمەن. ئېھتىمال قۇلاقلىرىم چۈشەر. مەزمۇت بەدىنىم پورغا ئايلىنىپ ئاستا - ئاستا توزۇپ كېتەرمەن. ئەمما تاش پارچىسى قاتتىق، مېنىڭ يۈرىكىم تاش پارچىسىدىنمۇ قاتتىق ئىدى. مېنىڭ نېمە قىلىشىم، نەدە تۇرۇشۇم بەرىبىر. تاش پارچىسى نەدە تۇرسىمۇ ئوخشاشلا،

ئۇ بىر توساقتەك يولۇمنى توسۇپ تۇراتتى. پېشانەمدىن بىر تامچە تەر كۆزۈمگە سىرغىپ چۈشتى. مەن توساتتىنلا ئۇنىڭ سەل نەم ئىكەنلىكىنى بايقاپ قالدىم. ئۇ «گۆھەر زېمىن» دېگەن خېتى بار قەغەزدىكى ماڭا تونۇشتەك قىزنىڭ كۆزىگە ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ قىز شۇ تاپتا يىغلاۋاتقان بولسا كېرەك. بەلكىم پەرىدەمۇ يىغلاۋاتىدىغاندۇ.

. . . دۆلەتلىك ئىمتىھاندىن كېيىن ئەرۋاھقا ئوخشاپ قالغان ئىككىمىز پۇخادىن چىققۇچە ئوينايمىز دەپ سىرتقا چىققانىدۇق. ئۇ كۈنى ھاۋا بۇلۇتلۇق بولۇپ سىم - سىم يامغۇر يېغىۋاتاتتى. سەنمۇ كۆڭلۈك ئېلىۋالماپتىكەنسەن. ئىككىلىمىز يامغۇرغا چىلىشىپ ماڭغاندۇق. مەن راستتىنلا يەڭگىللەپ قالغانىدىم. بىراق شادلىقىمنى سىرتقا چىقارمىغانىدىم. سەن كىچىك ۋاقتىمىزدىكى بىر قوشاقنى توۋلاپ ماڭغانىدىڭ:

يامغۇر ياغدى، قار ياغدى.
شارقىراپ كەتتى.
ئۆتۈكۈمنى مايلىسام
پارقىراپ كەتتى. . .

مەنمۇ كىچىك چاغلىرىمدىكىدەك خۇش بولۇپ كەتكەنىدىم. ئۇ كۈنى ھەممە نەرسە يېپيېڭى، ھەممە نەرسە پارقىراپ كەتكەن. مېنىڭ يۈرىكىمۇ ئاپئاق ئىدى. يامغۇر سۈيىنى چېپىلدىتىپ دەسسىگىنىمىزچە ئالدىمىزدىكى قۇچاق يەتكۈسىز قاپاق تېرەكنىڭ يېشىل يوپۇرماقلىرى دېرىزىسىنى توسۇۋالغان ئاشخانىغا كىرىپ تاماق بۇيرۇتتۇق. سىرتتا يامغۇر يېغىۋاتقاچقىمىكىن ئاشخانىدا ئادەم يوق ئىدى. بىز دېرىزە تۈۋىدىكى ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردۇق. دېرىزىگە چاپلىشىپ دېگەندەك تۇرغان قاپاق تېرەكنىڭ يوپۇرماقلىرى يامغۇردا يالتىراپ كەتكەنىدى. مەن شۇ چاغدىمۇ بىر قىزنى ئويلاپ ئولتۇرغانىدىم. ئەمما ئۇنىڭ كىملىكىنى ھازىرقىدەكلا بىلمەيتتىم. يوپۇرماقلارنى يامغۇر تامچىلىرى پەسكە سىيرىلدۇرۇپ تۇرسىمۇ كۆپلىرى يەنىلا مەزمۇت تۇراتتى. بەزىلىرىنىڭ بەرگى قورۇلۇپ چۈشۈپ كېتەي دەپ قالغانىدى. بىر ياپراق، ياپيېشىل يالتىراق بىر ياپراق غىرىلدىغىنىچە يەرگە چۈشۈپ كەتتى. . . ئاشخانىغا تۆتەيلەن — ئىككى ئەر، ئىككى قىز كىرىپ كەلگەنىدى. ئۇلار بىزنىڭ ئۇدۇلىمىزدىكى بوش ئورۇندا ئولتۇردى. ھاراق پۇرىقى ئاش-

خاننى بىر ئالدى. ئىككى ئەر خېلىلا ئىچىۋالغا-
نىدى. كۈتكۈچى ئۇلارنىڭ ئالدىغا چاي كەلتۈر-
دى.

— چاي ئىچ ئاغىنە، — دېدى ئۇلارنىڭ ئى-
چىدىكى بىر ئەر.

— قايسى چاينى؟ — دېدى يەنە بىرى.

— ئالدىڭدىكىنىچۇ. . .

— چاي بولامدۇ ئالدىمىزدىكى. . .

— چاي بولماي. . . قانداق بولسا چاي بول-
دۇ ئاغىنە؟ — ھېلىقى ئەر قىزىقچىلىق بىلەن
ساڭا قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويىدى.

— چىنىدىكى چايما؟ ئىچسەڭ چاي بولىدۇ.
ئىچسەڭ، — دېدى ئەر خۇمارلىشىپ كەتكەن
كۆزلىرىنى قىزلاردىن ئالالماي خىرىلداپ كۈ-
لۈپ.

سەن ئۇلارغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدۇڭ.
قىزلارنىڭ بىرسى ياسىما ئاۋازدا قاقاقلاپ كۈلۈپ
كەتتى. يەنە بىر قىز بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە
خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇراتتى. . . قارا كۆز. . .
ھېلىقى قارا قۇش ئۈستۈمدە ئەگىپ يۈرەتتى.

— بولدى قوي، ئاپاڭ قوغلاپ چىقارمى-
سۇن. بىزنىڭ ئۆيگە ئەكىتەيلى. . .

سەن شۇ چاغدا ئۇلاردىن قۇرۇنغاندەك قول-
قىمغا: «پاھىشە ئىكەن. . . بىزنى نەس باسىدى-
غان بولدى» دەپ پىچىرلىغانىدىڭ.

مەن قىزىقىش بىلەن ھېلىقى جىم ئولتۇر-
غان قىزغا قارىدىم. . . پەرىدە. . . كۆزۈمگە ئى-
شەنمەيلا قالدىم. پەرىدە شۇمىدۇ؟ ئۇنىڭ ئىككى
قېشى ئوتتۇرىسىدىكى چېكىپ قويغاندەك قىزىل
خالى. . . ھە. . . تاش پارچىسى ئاشۇ خالغا ئوخ-
شايدىكەن. رەسىمدىكى قىز. . . پەرىدە. . . قارا
قۇش. . .

«پەرىدەنىڭ ئاتىسى تۈرمىدە ئىكەندۇق.
قورسىقى يېرىلىپ ئۆلۈپ قاپتۇ» دېگەن گەپنى
ئاڭلىغاندىن كېيىن مەن پەرىدەنى كۆرمىگەنىدىم.
بۇ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغدىكى ئىش.
ئۇ ئۇن - تىنىسىز سىنىپىمىزدىن يوقاپ كەتكەنى-
دى. ئۇنىڭ بالىلار بايرىمى كۈنى ئۇسسۇل ئوي-
ناپ بىرىنچى بولغانلىقى، قوڭغۇراقتەك جاراڭ-
لاپ تۇرغان ئاۋازى. . . ئىككىمىز بىر پارتىدا
ئولتۇراتتۇق. مەن بىر قېتىم ئۇنىڭ قولىنى ئى-
شىككە قىستۇرۇۋېتىپ بەك قورقۇپ كەتكەنى-
دىم. . . پەرىدە خىيالىمغا كەلسىلا ئۇنىڭ مەن
ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان ئاتىسىنىڭ قورسىقى
يېرىق، ئۈچەي - باغرى چۇۋۇلغان، زەمبىلگە سې-
لىنغان ھالدا چېگرا توساقلىق ئەمگەك بىلەن
ئۆزگەرتىش مەيدانىدا بىرنەچچەيلەننىڭ كۆتۈرۈپ
كېتىۋاتقانلىقىنى، پەرىدەنىڭ يىغلىغىنىچە ئاتى-
سىنىڭ قولىنى تۇتۇپ سۆرىلىپ كېتىپ بارغانلى-
قىنى ئويلاپ كېتەتتىم. ئۇ قانغا بويىلىپ كەتكە-
نىدى. ئالدىمدا ئولتۇرغان قىزنىڭ ئىككى قېشى
ئوتتۇرىسىدىكى خالى خۇددى قان تامچىسىدەك
قىپقىزىل ئىدى. ئۇنىڭ ئالدىدىكى تاماق شۇ پېتى
تۇراتتى. ئۇ مېنى تونۇمىغاندۇ؟ پەرىدە ھېلىقى
ئۈچەيلەنگە ئەگىشىپ ئاشخانىدىن چىقىپ كەتتى.
تاش پارچىسى نەگە چۈشكەندۇ؟ پەرىدە نەلەردە
قاڭقىپ يۈرۈيدىغاندۇ؟ سەن ئۇ چاغدا مېنىڭ نې-
مىلەرنى ئويلاپ كەتكىنىمنى ھەرگىز بىلەلمەي-
سەن. دېرىزە تۈۋىدىكى قاپاق تېرەكتىن ياپىې-
شىل بىر ياپراق پىرىلدىغىنىچە يەرگە چۈشۈپ
كەتتى. يوپۇرماق تاش پارچىسىنىڭ يېنىغىلا
چۈشكەنىدى. تاش پارچىسىمۇ نەمدەپ قالغانىدى.
ئاسماندا باياتىنقى قارا قۇش كۆرۈنمەيتتى. قۇ-
ياشنىڭ كۈچلۈك نۇرى يېنىمدىكى دەرەخلەرنىڭ
يوپۇرماقلىرىدا پارقىرايتتى. مەن يولنىڭ قىر-
غىقىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇم.

ئوتتۇرا ياشلاردىكى بىر جۈپ ئەر - ئايال
يېنىمدىن بىر - بىرىگە چاپلىشىپ دېگەندەك ئۆ-
تۈپ كەتتى. ئايال ئەرنىڭ بېلىدىن تۇتۇۋالغانى-
دى. ئۇلار تاش پارچىسىغا قاراپمۇ قويمىدى. . . تاش
پارچىسى. . . ئۇ نەدىن كەلگەن؟ ھېلىقى قارا
قۇش باش ئۈستۈمدە ئەگىپ يۈرىدۇ. . . ئۇلار-
نىڭ بالىسى بارمىدۇ؟

— ياق، بۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۇنداقتا ئۇ
كىم؟

ئالدىمدا دادام گېزىت كۆرۈپ ئولتۇرىدۇ.
ئالدىنقى كۈنى ئۆز بالىسىنى قەستلەپ ئۆلتۈرگەن
ئايالغا ھۆكۈم ئېلان قىلىنغان. . . ھېلىقى ئەر
ماڭا قاراپ قويىدى. . . ئۇ كىمنىڭ دادىسى. . .
ئۇ نېمىشقا دادا بولۇپ قالغاندۇ؟ . . . ئايال مىل-
تىق ئاغزىغا ئىپادىسىز قاراپ تۇرىدۇ. . . تەپكە
بېسىلدى. مىلتىقنىڭ ئاغزىدىن كىچىككىنە بىر
مېتال ئېتىلىپ چىقتى. مەن باياتىن تاش پارچى-
سىنى كۆچەپ تەپكەنىدىم. قارا قۇش كۆپكۆك

ئاسمان بوشلۇقىدا تېز سۈرئەتتە ئۇچۇپ باراتتى. قارا قۇش ماڭا تىكىلگەن يوغانغىنا قاپقارا كۆز. مىلتىق ئاغزى ئايالغا قاراپ تۇرىدۇ... ياق! ئاتام ماڭا بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى. شۇ تاپتا ئىككى دانە قارا توچكا ماڭا توغرىلانغان. ئاتامنىڭ كۆزلىرىمۇ مىلتىق ئاغزى ئەمەسمىدۇ؟... توغرا، ئىككى دانە مىلتىق ئاغزى... ھېلىقى ئەر بىلەن ئايالنىڭ تاش پارچىسى بىلەن كارى بولمىدى. قارا قۇش ئۇچۇپ بارماقتا... تاش پارچىسى...

ئوغلۇم... تېنىم ئىللىپ قالغاندەك بولدى. ئىچىم بوشاپ قالغاندى.

چوڭقۇر بىر نەپەس ئالدىم. ئۇ كىشى — دادام ماڭا قاراپلا تۇراتتى. دادام مېنىڭ يالغۇز ئولتۇرۇپ كەتكەنلىكىمنى بىلسە ئىدى (بەلكى دادا، يۈرىكىڭنىڭ بىر يېرى ۋىژژىدە ئېچىشىۋاتقاندۇ). دادا، ئوغلۇم دەپ قوپال چاقىرىشلىرىڭ قاياقلاردا قالغاندۇ؟ شۇ تاپتا غايىبتىن پەيدا بولساڭ، مېنىڭ تاماكا چېكىدىغانلىقىمنى بىلىپ قېلىپ بىر تەستەك سالغاندەك يەنە بىرنى سالساڭ!...

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم، بىرسى بىلەن ئاغزى - بۇرنۇم قان بولغۇچە راسا سوقۇشسام، مىلتىق ئوقى كۆكرىكىمنى تېشىپ ئۆتۈپ يۈرىكىمنى پارە - پارە قىلىۋەتسە... تاش پارچىسىنى ئالدىمدا كېتىپ بارغان ئادەمگە قارىتىپ تەپتىم. تاش پارچىسى ھېلىقى ئەرنىڭ ھوشۇقىغا بوشراق تېگىپ قالدى. ئۇ ئەر توختاپ ماڭا قاراپ قويدى. مەن ئىتتىك مېڭىپ ئۇ ئەرنىڭ يېنىغا باردىم.

— كېرەك يوق! — ئۇ ئەر ماڭا قاراپ ئىشتىنىنىڭ پۇشقىقىنى قېقىپ قويۇپ كېتىپ قالدى.

ۋۇ ئەخمەق! خەق سەن بىلەن ئۇنداق ئاسان سوقۇشمايدۇ. مەن تۇرۇپ قالدىم. قارا قۇش بىپايان بوشلۇقتا پەرۋاز قىلالايدىكەن. مەن نېمىشقا ئۆمرۈمدە بىرەر قېتىم خەق بىلەن سوقۇشمايدىكەنمەن؟ مەن ئەلەم بىلەن پۇتۇمنىڭ ئۇدۇلىدا تۇرغان تاش پارچىسىغا قاراپ قويدۇم.

بەلكىم تاش پارچىسى قارا قۇش بىلەن ئوخشاشتۇر. ئۇنىڭ كۆزى قارا قۇشنىڭ كۆزىدەك يوغان ھەم نۇرلۇق. قارا قۇش باش ئۇستۇمدە ئەگىپ يۈرىدۇ. تاش پارچىسى ئالدىمدا پۇتۇمنىڭ ئۇچىدا دېگۈدەك تۇرىدۇ. مەن ئۇنى يەنە تېپىۋېتىشىم مۇمكىن. مەن چىملىقتا ئولتۇرغان قىزنىڭ قېشىغىلا بېرىپ قالغاندىم.

— ياخشىمۇسىز؟ — قىز كۈلۈمسىرەپ ماڭا قاراپ قويۇپ كىتابىنى يېنىغا قويۇپ قويدى. «كىبسەللەرنى كېلىنكىلىق داۋالاش»، كىتابنىڭ مۇقاۋىسىدىكى رەڭلىك خەت كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

— دوختۇرلار راستىنلا ئادەمنى ساقايتالامدۇ؟

ئۇ قىز ئىپادە بىلدۈرمەي قولىدا ئويناپ ئولتۇرغان بىر تۇتام يېشىل چىمنى بىر - بىرلەپ يەرگە تاشلىدى.

— «يېشىللىق تەشكىلاتى» يەر شارىنى ئاپەتتىن ساقلاپ قالالامدۇ؟ — دېدىم مەن يەنە سوئالىمنى داۋاملاشتۇرۇپ.

— سىز نەنىڭ ساقچىسى؟ — دېدى قىز قوشۇمىسىنى تۈرگىنىچە كىتابىنى قايتىدىن قولىغا ئېلىپ.

— مەن ساقچى...

— ساقچى ئەمەس ئوقۇغۇچى.

ئۇ قىز كۈلۈمسىرىگىنىچە كىتابىنى قولىدىن چۈشۈرمەي ماڭا قاراپ تۇراتتى.

— «يېشىل تىنچلىق تەشكىلاتى» يەر شارىنى ئاپەتتىن ساقلاپ قالالامدۇ؟ — دېدىم مەن سوئالىمنى تەكرارلاپ.

— «يېشىل تىنچلىق تەشكىلاتى»... ئالدىنقى يىلى نىپالدا يەر تەۋرەپ 200 مىڭ ئادەم ئۆلگەن. ئامېرىكىدا بوران چىقىپ بىرنەچچە شەھەرنى خارابىلىققا ئايلاندۇرۇۋەتتى. جۇڭگودا ھەر يىلى سۇ ئاپىتى بولۇپ تۇرىدۇ. نەچچە مىڭ ئادەم ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ...

قىزنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالدىم...

— مۇھەببەتنىڭ پەيزىنى سۈرمىسەڭ كېيىن پۇشايمان قىلمامسەن؟ - دەپ سورىغاندىڭ مەندىن. پەردە ھېلىقى بۇزۇق ئەرنىڭ ئارقىسىدىن كېتىپ قالغان، ئۇ پۇشايمان قىلامدىغاندۇ؟ سېنىڭ ياخشى كۆرىدىغىنىڭ سېنى تاشلاپ كېتىپ قالغان، سەن پۇشايمان قىلمامسەن؟

— مەن پۇشايمان قىلمايمەن. ئۇنى ياخشى كۆرگىنىمگە ئۆكۈنىمەن، — دېگەنىدىڭ ئۇلۇغ -

كىچىك تىنىپ.

— مۇھەببەتلەشسەڭمۇ پۇشايمان قىلىسەن، مۇھەببەتلەشمىسەڭمۇ پۇشايمان قىلىسەن. سەن بىرنى ياخشى كۆرەلىسەڭلا ھېساب. جاھاندا بۇنىڭدىن تەس ئىش يوق...

سەن ماڭا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ كەتتىڭ. مەن ئەزەلدىن ساڭا مۇنداق سۆزلەرنى قىلىپ باقمىغاندىم. چىملىقتىكى قىز ئالدىمدا ئولتۇراتتى. ئۇ ئالدىمدا ئاندىن تۇغما ھالەتتە ئۈمىد بىلەن ماڭا تىكىلەتتى. كۆزلىرىم ئۇنىڭ قاپقارا كۆزلىرىگە قادالدى... مەن مەست بولۇپ قالسام - ھە! پەردە مېنىڭ ئارقامدىن ماڭغان بولسا... ئۇنىڭدىن ئادەمنى زار قىلىدىغان ئىسسىقلىق ئېتىلىپ چىقاتتى. ئۇنىڭ لەۋلىرى لەۋلىرىمگە مەھكەم يېپىشتى. مەن ئۇنى تېخىمۇ مەھكەم قۇچاقلاپ ئەزەلدىن زارىقىپ كەلگەن، نېمىلىكىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيدىغان قانداقتۇر بىر نەرسىنى شوراپ ئېلىۋالماقچى بولدۇم. تۇساتتىنلا ئۇنىڭمۇ مەن ئىزدىشمەكچى بولغان نەرسىگە مەندەكلا تەشنا بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدىم. ماڭا ئېھتىياجلىق نەرسىنى ئۇ بېرەلەمدۇ؟ بۇنىڭ ئۈچۈن قۇياش مېنى يۇتۇۋېتىشى، مېنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىشى كېرەكمىكىن؟ شۇندىلا مەن ئۇنىڭمۇ مەن سەزگەن ئەھۋالنى سېزىپ قالغانلىقىنى بىلىۋالدىم. مەن ئەندىككەن ھالدا نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدىم. قولۇم بىر نەرسىنى سىقىمدىۋالغاندەك چىڭ تۈگۈلۈپ كېتىپتۇ. مەن بارماقلىرىمنى ئاچتىم. قولۇم قۇپقۇرۇق. شۇ تاپتا يۈرىكىممۇ قۇپقۇرۇق بولۇپ قالغاندەك ئىدى... مۇشۇ بىمەنە ھايات ئېھتىمال مېنىڭ بەختىمدۇر! ھازىرمۇ شۇ مىنۇتتا يەنە بىر ئىشەندىمكى، مېنىڭ پۈتۈن ھاياتىم ئىنتىزارلىق بىلەن ئۆتۈپ كەتكۈدەك. كېرەك يوق، ئانا سۈتى ئەمگەنلىكىمدىن ئۆزۈمنى قانداق تۇغۇلغان بولسام شۇ پېتى ئۇ ئالەمدىكى سوراققا تاپشۇرىمەن...

شۇ تاپتا چىملىقتىكى قىز ماڭا قاراپ تۇرىدۇ. ئۇ يەنە نېمىلەرنى دېدىكىن دىققەت قىلماپتىمەن، تارىم ئورمانلىقى قۇرۇپ كېتىپ بارىدۇ... دېگىنىلا ئېسىمدە قاپتۇ.

— سىز كېيىن دوختۇر بولامسىز؟— دەپ سورىدىم ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ قىزدىن.

— دوختۇر بولىمەن.

— ئاغرىقلارنى ساقايتالامسىز؟

— ساقايتىشقا تىرىشىمەن،— دېدى قىز ئىشەنچ بىلەن ئاسماندا پەرۋاز قىلىۋاتقان قارا قۇشقا قارا كۆزلىرى بىلەن مەغرۇر قاراپ.

— مېنى داۋالىيالامسىز؟— دېدىم قىزىقسىنىپ قىزنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ. ئۇ ماڭا يېقىنچىلىق بىلەن ئايانچلىق قاراپ قويدى.

— مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن...—

يۈرىكىم قاتتىق سېلىپ كەتتى. تاش پارچىسىنىڭ ئەتراپىدا بىرنەچچە تال كاككۇك گۈلى ئېچىلىپ كەتكەنىدى. چىملىقتىكى قىز كىتابىغا قارىغىنىچە ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئىككى قېشى ئوتتۇرىسىدىكى خالى بەك چىرايلىق ئىدى. مەن بىر تال كاككۇك گۈلىنى ئۈزۈپ قىز تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرى ئەتراپقا ئاستا - ئاستا ئىللىقلىق بېغىشلىماقتا ئىدى. چىملىقتىكى چۆپلەر ياپيېشىل ئىدى. باش ئۈستۈمدە ساڭگىلاپ تۇرغان يوپۇرماقلار مەن ئولتۇرغان ئورۇندۇققا قويۇق سايە تاشلاپ تۇراتتى. تۆۋەندىن قارىغاندا يوپۇرماقلار ياپيېشىل ئەمەس، قىزغۇچ يېشىل كۆرۈنەتتى. مەن باش ئۈستۈمدە تۇرغان بىر جۈپ يوپۇرماقنى ئۈزۈپ قولۇمدا پىرىلداتقىنىمچە بىردەم قاراپ تۇردۇم. تالا - تالا تومۇرلار يوپۇرماقنىڭ قات - قېتىغا ئورۇنلىشىپ كەتكەنىدى. ئادەمنىڭ يۈرىكى يوپۇرماققا ئوخشايدىكەن دەپ ئويلاپ قالدىم ئىچىمدە. ئادەمنىڭ قەلبىمۇ تالا - تالا ھېسلاردىن تۈزۈلگەن. قولۇمدىكى يوپۇرماقلار پىرىلدىغىنىچە يەرگە چۈشتى. بىر جۈپ يوپۇرماق ئالدىمدىكى تاش پارچىسىغا يېپىشىپ تۇراتتى. بەلكىم مەن بايقۇش ئىگە - چاقىسىز تاش پارچىسى بىلەن ئوخشاش. باش ئۈستۈمدە ئايلىنىپ يۈرگەن قارا قۇش ئاستا - ئاستا كۆزۈم يەتكۈسىز بوشلۇقتا بىر قارا داغقا ئايلىنىپ ئاخىرى كۆزۈمدىن يوقالدى. ئۇ مېنىڭ چەكسىز كەڭ ئىچكى دۇنيايىمدا مەن بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەنىدى. مەن قارا قۇشتەك باش - پاناھسىز، چەكسىز يېيىلغان كۆككە قارىدىم... قارا قۇش، مەن قارا قۇش ئىدىم... ئېھ، قارا قۇش...



# كۆيۈك

(ھېكايە)

دىلمۇرات ئىبراھىم

ئۇ توي قىلىپ ئەتىسىلا ئېرىنىڭ يېنىدىن
قېچىپ چىقىپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئاجرىشىپ كەت-
تى. ئۇ تۇل چوكان ھېسابلانسىمۇ، يەنىلا قىز
ئىدى.

ئۇ داڭلىغۇدەك گۈزەللەردىن بولمىسىمۇ،
ھەرھالدا چىرايلىق سانىلاتتى. ھەر قېتىم ئەي-
نەك ئالدىغا كەلگەندە ئۆز چىرايىغا زوقلىنىپ
ئۇزۇندىن - ئۇزۇن قاراپ كېتەتتى. بەزىدە دىغ-
ماق بويى، توم بىلىكىدىن كۆڭلى بىرئاز غەش
بولاتتى. بىراق بۇلارنى تېزلا ئۇنتۇپ ئۆز - ئۆزى-
گە كۆز قىسىپ كۈلۈپ قوياتتى.

ئاجرىشىپ كەتكەن ئېرىمۇ ئاشۇ چاغلاردا
ئۇنى ياقتۇرۇپ قېلىپ، ئارقىسىدىن سايىدەك
ئەگىشىپ كېتەلمەي قالغانىدى. ئۇ، بۇ ئادەمنى
كۆرسىلا خۇشى كېتەتتى. ئۇنىڭچە بولغاندا، ئەر
كىشى دېگەن ئاياللارنىڭ ئالدىدا كۈلۈپلا تۇرماس-
لىقى، قاپاقلىرىنى تۈرۈپ ئەرلىك غۇرۇرىنى نا-
مايان قىلىپ، ئاياللارنى جەلپ قىلالىشى كېرەك
ئىدى. ئۇ شۇنىڭغا شەكسىز ئىشىنەتتىكى، ئۇنى
ھامان بىر ئەر خوتۇنلۇققا ئالاتتى. ئۇ چوقۇم شۇ
ئەرنىڭ دەرد - ھالىغا يېتەتتى. ئەرمۇ ئۇنى ياخ-
شى كۆرەتتى، قەدىرلەيتتى، ئۇ نېمە دېسە شۇنى
تەل قىلىپ بېرەتتى. ئۇ ئەر ئېرىگە ئوخشاش
ئەتىدىن - كەچكىچە ھىجىيىپلا تۇرمايتتى. ئۇ-
نىڭ خىيالىدىكى ئەر تەمبەل كەلگەن، ياراشتۇ-
رۇپ قاپقارا شاپ بۇرۇت قويۇۋالغان، مەيدىسىنى
چۈپۈر قاپلىغان، قاپاقلىرىنى تۈرۈپ، كەلسە -
كەلمەس ئېغىز يېرىپ كۈلمەيدىغان، ئەركەك تۈ-
كى بار ئاجايىپ سۈرلۈك يىگىت ئىدى. ئۇ شۇن-
داق ئەرلەرنى تېز ۋە مەڭگۈ ياخشى كۆرۈپ قالى-
مەن دەپ قارايتتى. شۈكىمۇ مۇشۇ مەھەللىدىكى
ياش تۈرۈپلا بۇرۇت - ساقال قويۇۋالغان، تەمبەل،

ئوتتۇرا بويلۇق، ئاسان كۈلمەيدىغان سۈرۈن تە-
لەت، مايلىشىپ تۇرىدىغان كەپكىسىنى ئالدىغا
باستۇرۇپ كىيىۋالىدىغان شوپۇرنى ياخشى كۆ-
رۈپ قالغانىدى. ئۇ ئاشۇ شوپۇرنىڭ ئوتىدا پۇچى-
لىناتتى. ئەپسۇس، ماي كەپكىنىڭ خوتۇنى بول-
مىغان بولسا ئۇ ئۆزىنىڭ سۆيگۈ سىرلىرىنى قوي-
ماي تۆكۈۋەتكەن، ئۇنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئات-
قان، ھەتتا توي قىلغانمۇ بولاتتى. ئۇ ئولتۇرسا -
قوپسا شۇنىلا خىيال قىلاتتى، ئەمما ئېغىز ئاچال-
مايتتى. لېكىن شۇنىڭغا ئىشىنەتتىكى، ماي
كەپكە خوتۇنىنى ھامان بىر كۈنى قويۇۋېتەتتى.
چۈنكى، ماي كەپكىدەك قاملاشقان ئەركەككە سې-
رىق ئاسلاندەك ئىنجىمارۇق خوتۇن زادىلا ماس
كەلمەيتتى. ئۇ، ماي كەپكىنى خوتۇنىدىن ھامان
بىر كۈنى كۆڭلى سوۋۇپ قالىدۇ دەپ ئويلايتتى.

ئۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ زورى ۋە ئۇرۇق -
تۇغقانلارنىڭ نەسىھىتى بىلەن ئاشۇ ھىجاق بىلەن
توي‌لاشماقچى بولدى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئۇ ئەرگە
زادىلا مەيلى يوق ئىدى. ئەتىدىن - كەچكىچە
كۈلۈپلا تۇرىدىغان ئەرنى قانداقمۇ ئەر دېگىلى
بولسۇن؟ كېچىسى ئۇخلىغاندىمۇ ھىجىيىپ يې-
تىپ ئۇخلايدىغان ئوخشايدۇ، دەيتتى ئۇ بولغۇسى
ئېرىگە ئۆچلۈكى كېلىپ.

ئۇ دادىسىنىڭ ئاشۇ ئەرگە تېگىسەن دەپ
زورلاپ تۇرۇۋېلىشىنىڭ سەۋەبىنى زادىلا چۈشى-
نەلمىدى. دادىسىنىڭ چوڭراق ئەمەل تۇتقۇسى
بارمىكىن - يا، بىراق قېرىشقاندەك ئىشلار دادى-
سىنىڭ رايىغا باقمىدى. ئۇ كۈتۈۋېرىپ ئاخىرى
ئاچچىق يۇتۇپ ئاغرىپ يېتىپ قالدى - دە، ئۇزاق
ئۆتمەي دەم ئېلىشقا چىقىۋالدى. ئۇنىڭ ئۇزۇن
قۇلاقلىقىغا ھەممە ھەيران ئىدى. ناھىيىگە كىم-

نىڭ يۆتكىلىپ كېلىدىغانلىقى، كىم قايسى ۋەزى-
پىگە قويۇلۇپ، كىمنىڭ مەنسەپتىن چۈشىدى-
غانلىقى قاتارلىق ئىشلار ئاۋۋال ئۇنىڭ قۇلىقىغا
كىرىپ، ئۇنىڭ ئاغزى ئارقىلىق تارقىلاتتى. ئۇ
بولغۇسى كۈيئوغلىنىڭ كەلگۈسى توغرۇلۇق بى-
رەر مىش - مىش پاراڭ ئاڭلاپ قالغان بولسا
كېرەك، بولمىسا ئۇ بىرەرسى بىلەن مۇھەببەتلى-
شىپمۇ باقمىغان قىزنى ئىككى قېتىم ئۆيلەنگەن
ئۇ ئادەمگە زورلاپ كەتمىگەنمۇ بولاتتى. بىراق،
قىزنىڭ تويى بولغۇچە ئۇنىڭ بۇرۇن ئۆيلەنگەن-
لىكىنى بىلىپ قېلىشىدىن تولىمۇ ئەنسىرىدى.

قېرىشقاندەك ئۇ قىزنى تېگىسەن دېگەنسى-
رى تەگمەيمەن دەپ تۇرۇۋېلىشى ئۇنى ئۈمىد-
سىزلەندۈردى. دادىسى ئۇنىڭ بۇ جاھىللىقى دەل
ئاپىسىغا ئوخشاپتۇ دېسە، ئاپىسى دادىسىنىڭ مى-
جەزىنى تارتىپتۇ دەيتتى. قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى
ئۇنى بۇنداق قىستاۋېرىشنىڭ ئاقىۋىتى يامان بو-
لارمۇ دەپ سەل ئەنسىرىسىمۇ، بىراق تويى بول-
غاندىن كېيىن ھەممە ئىشلار ياخشىلىنىپ كېتى-
شىگە ئىشىنەتتى.

بىر كۈنى دادىسى چوڭ قىزىنى چاقىرىپ،
سىڭلىسىغا نەسىھەت قىلىپ بېقىشنى بۇيرۇدى.

— سىزنىڭ سۆزىڭىزگە كىرمىگەن ئادەم
مېنىڭ گېپىمگە كىرەرمۇ، دادا، — دېدى چوڭ
قىزى ئۆزىنىڭ سىڭلىسىنى گەپكە كىرگۈزەلى-
شىگە ئىشىنەلمەي.

— ئۇرۇنۇپ باققىن، قىزىم، ئادەتتە ئۇ
سېنىڭ گېپىڭنى ئانچە يىرمايدۇ، — دېدى دادى-
سى ھاجەتمەن ئادەمدەك مۇلايىم تەلەپپۇزدا.

چوڭ قىزى سىڭلىسىنىڭ قېشىغا كىرىپ،
ئۇزاق مۇڭداشتى. سىڭلىسى كۆڭلىدىكى ھەممە
گەپلىرىنى ئۇنىڭغا دېدى. ھەتتا يۈرىكىگە يوشۇ-
رۇنغان سۆيگۈ سىرلىرىنىمۇ ياش تۆكۈپ تۇرۇپ
سۆزلەپ بەردى.

— سىڭلىم، — دېدى ئاچىسى ئۇنىڭ گېپى-
نى ئاڭلاپ بولۇپ سىيلىق ئاھاڭدا، — سەنمۇ
خېلى ئەقلىڭگە كېلىپ، ئاق - قارىنى پەرق ئېتە-
لەيدىغان بولدۇڭ. خوتۇنى بار ئادەم ئۈچۈن ئاھ
ئۇرۇپ، ھەسرەت چېكىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ئۇ-
نىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ بىلەن بىرەر قېتىم سۆزلى-
شىپمۇ باقماپسەن، ئۇنى چوقۇم خوتۇنىنى قويۇ-
ۋېتىدۇ دەيسەن، راستتىنلا خوتۇنىنى قويۇۋەتكەن
تەقدىردىمۇ سەن ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ مېنى ئې-
لىڭ دېيەلەمسەن؟ سەن شۇنداق دېگەن ھالەتتىمۇ
ئۇ سېنى جەزمەن ئالارمۇ؟ سەن ياخشىسى ئۇنداق
بولمىغۇر خىيالدا بولماي دادامنىڭ گېپىنى ئاڭ-
لا، — ئاچىسى باشقا ۋاقىت بولسا سىڭلىسىنىڭ
بۇ ئەخمەقلىقىغە كايىپ، تىللىغانمۇ بولاتتى.

— بىراق، مەن ئۇنى قىلچىلىك ياخشى
كۆرمىسەم، — دېدى قىز تۇمشۇقىنى ئۈچلاپ.

— تويى قىلغاندىن كېيىن ئاستا - ئاستا
ياخشى كۆرۈپ قالىسەن. كونىلار نىكاھ ئىسسىق
دەيدۇ ئەمەسمۇ.

— ياق، مەن ئۇنى ئۆلسەممۇ ياخشى كۆرەل-
مەيمەن، ئايناق خېنىملاردەك ھېجىيىپلا تۇرىدى-
غان ئەرنىمۇ ئەر دېگىلى بولامدۇ، ئۆلگەندىمۇ
ھېجىيىپ تۇرۇپ جېنى چىقىدىغۇ، ئۇنىڭ.

— قايسىبىر يىگىت قىز كەلتۈرگەندە ھى-
جايمايدۇ، سەن دومسىيىپ تۇرۇۋالساڭ ھىجاي-
سىمۇ ھىجايغاندۇ، خەقنىڭ ھىجىيىشى بىلەن
سېنىڭ نېمە چاتىقىڭ. بولسا دادام، ئاپام ياشى-
نىپ قالدى، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىپ
بولسىمۇ تويى قىل، راستتىنلا كۆڭلۈڭ چۈشمى-
سە كېيىم ئاجرىشىپ كەتسەڭمۇ بولىدىغۇ، —
ئاچىسى بۇ گەپنى ئاغزىمنىڭ ئۇچىدىلا دەپ قويى-
دۇم دەپلا ئويلىدى. بىراق، ئۇ سىڭلىسىنىڭ
مۇشۇ سۆز بىلەن ماقۇللۇق بىلدۈرگەنلىكىنى،
شۇ سۆز ئۇنىڭغا كۈچلۈك تەسىر قىلغانلىقىنى
خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىدى.

قىز بولغۇسى ئېرىنىڭ ئىلگىرى ئىككى قې-
تىم ئۆيلەنگەنلىكىنى ئۇقۇپ قىلچە پەرۋا قىلمى-
دى. «بەربىر ئاجرىشىپ كېتىمەن دەيتتى ئۇ
ئۆز - ئۆزىگە شىۋىرلاپ، شۇنىڭ بىلەن ھەممە
ئىش يەنە ئىزىغا چۈشىدۇ!» ئۇ تويى بولغان
كۈنىمۇ مۇشۇنداق ئوي بىلەن يۈردى. تويى بول-
غان قىزلاردا بولىدىغان خۇشاللىق، ھاياجان،
تېڭىرقاش... يەنە ئاللىقانداق بىر تۇيغۇلار ئۇ-
نىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمايتتى...

ئۇلار ۋېچىركىنى تۈگىتىپ قىز - يىگىت-
نىڭ ھۇجرىسىغا كىردى. ئەرنىڭ كەيپى چاغ
ئىدى. ئۇ بۇرۇنقىدىنمۇ بەك ھىجىراپ كەتكەن-
دى. ئۇنىڭ ھىجايغىنىنى كۆرۈپ، قىزنىڭ تې-
خىمۇ ئۆچلۈكى كەلدى. قىز بۇ كېچە قولىغا
پىچاق ئېلىۋېلىپ، ئەرنى قېشىغا زادىلا يولاتمى-
دى. ئۇ ئۆزىنى ماي كەپكە شوپۇرغىلا بېغىشلىغا-
نىدى. بۇ ئەردىن بەربىر ئاجرىشىپ كېتىمەنغۇ
دەپ ئويلايتتى ئۇ.

— ماڭا يېقىن كەلمەڭ! — دېدى قىز پى-
چاقنى ئەرگە شىلتىگىنىچە بۇلۇڭغا نىقتىلىپ،
— يېقىن كەلسىڭىز يا سىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن
يا ئۆزۈمنى.

ئۇنىڭ جىددىيلەشكەن تەلەپپۇزىمۇ قەتئىي
ئىدى. ئەرنىڭ شادلىقتىن خۇمارلاشقان كۆزلى-
رى ئەمدى ھەيرانلىقتىن چەكچىيىپ كەتتى.

— ئەجەبا، سىز ماڭا...

— گەپ قىلماڭ!

ئەر ئۇنىڭ بۇ تويغا تولىمۇ تەستە رازىلىق بىلدۈرگەنلىكىنى ئۇنىڭ ئاچىسىدىن ئاڭلىغاندى. شۇڭا ئۇ ئاچىسىنىڭ «ئۇنىڭغا دەسلەپتە سىلىقراق مۇئامىلە قىلارسىز» دېگەنلىرىنى يادىغا كەلتۈردى. «ئاستا - ئاستا ئەيۋەشكە كەلتۈرۈۋالارمەن» دەپ ئويلىدى ئەر. شۇ كېچىسى ئۇلار ئىككى ئورۇندا يېتىپ تاڭنى ئاتقۇزدى.

ئەتىسى تاڭ سەھەردىلا قىز ئەرگە تۇيدۇرمايلا كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ سىرتقا ماڭدى. ئەر ئويغانغاندا قىز كۆرۈنمەيتتى. ئۇ سەگەكلىشىپ ئىچكىرى ۋە تاشقىرى ئۆيگە قارىۋىدى، قىزنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمىدى. ئۇ بۇ ئىشلارغا ھېچ ئەقلى يەتمەي قىزنى ساقلاپ بىرپەس ئولتۇرۇپ قالدى. قىز كىرمىگەندىن كېيىن قېيناتىسىنىڭ ئۆيىگە ماڭدى.

ئۇ قېيناتىسىنىڭ ھويلىسىغا كىرىشىگىلا قىزنىڭ ئۆيدە يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ جايىدا توختىدى.

— . . . مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە ھەرگىزمۇ بارمايمەن، ئۇنى كۆرەرگە كۆزۈم يوق. كۆڭلۈم تارتمىغان ئەرگە يەنە زورلايدىغان بولساڭلار ئۆلۈپلا بېرىمەن.

— ھەي غەرەز ئۇقمايدىغان ماڭقا، — بۇ قېينانىسىنىڭ ئاۋازى ئىدى، — خەق ئەمدى بىزنى نېمە دەيدۇ؟ ئەل - جامائەتنىڭ ئالدىدا نېمە دېگەن سەتچىلىك بۇ، دەيمەن. سەن جوھۇتنىڭ بالىسىنى تۇغقىچە بىر كالىلەك چېچىپلا قويسامچۇ، ئىگەكىم.

— سەتچىلىك بولسا بولىۋەرسۇن، مېنىڭ نېمە كارىم. ئۇ مازىنىڭ ھىجىيىشىنى ئەمدى كۆرەرگە كۆزۈم يوق، بارمايمەن دېدىم بارمايمەن.

— سەن تېخى مەن بىلەن زوكۇنلىشىۋاتامسەن - ھە. . .

ئۆي ئىچىدىن چاڭ - چۇڭ قىلغان تەستەك ئاۋازى ئاڭلاندى.

— بولدى قىل، خوتۇن، — دېدى قېيناتىسى، — بۇلغۇلۇق بولۇپ بولدى. ئۇ ئۆلۈۋالىمەن دەپ ئەتىگەننىڭياقى دېگەن گېپىمىزنى قېتىغا ئېلىپمۇ قويمىسا، تاياقنى تاشقا تاڭغىلى بولمايدىكەن، ئەمدى ئاستا. . .

— ئۆلۈۋالىمەن دەۋاتسا؟ — دېدى قېينانىسى، — ئۆلۈۋېلىش شۇنچە ئاسانمىكەن!؟ بۇ پاسكىنىغا يا مەن ئانا بولىمەن، يا ماڭا ئۇ ئانا بولىدۇ. . .

ئەر كېچىدىن خوتۇنىنىڭ ئەرلىك غورۇرىنى دەپسەندە قىلغانلىقىدىن ۋە ئۇنىڭ باياتىنقى گېپىدىن قاتتىق خورلۇق ھېس قىلىپ، غەزەپتىن بوغۇلۇپلا قالدى.

— مەنمۇ تويدۇم، — دېدى ئەر ۋارقىراپ، — مۇشۇ يەردە توختاپ قالايلى، تويلۇق چىقىملىرىمنىڭ ھەممىسىنى تۆلىۋېتىڭلار، — ئۇ غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ھويلىدىن چىقىپ كەتتى.

شۇ كۈندىن باشلاپ قىز تۇل خوتۇن دېگەن ئاتاققا قالدى. ئۇ يەنىلا غايىۋى سۆيگۈسىنىڭ لەززىتىدە مەست يۈرەتتى. سىرتقا چىققاندا ماي كەپكىنىڭ سايىسىنى ئىزدەيتتى، ئۇچرىشىپ قالسا ئۇنىڭدىن كۆزلىرىنى ئالالماي قالاتتى. ئۇنىڭغا يوشۇرۇن تەلمۈرەتتى. ماي كەپكە بولسا ھېچ ئىش بولمىغاندەك مۇنداقلا قاراپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتەتتى. كۆپىنچە چاغلاردا قارىمايمۇ ئۆتۈپ كېتەتتى. . . قىز بۇنىڭدىن كۆڭلى يېرىم بولاتتى، ئازابلىناتتى، شۇنداقتىمۇ ماي كەپكىگە بېغىشلىغان سۆيگۈسىدىن ۋاز كەچكۈسى كەلمەيتتى. ئۇ پەرۋانە، ماي كەپكە بولسا ئوت ئىدى. ئۆزى ئوت، ماي كەپكە پەرۋانە بولۇپ قالغان بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە، دەيتتى ئۇ بەزىدە چوڭقۇر خىياللارغا غەرق بولغان چاغلىرىدا.

قىز ماي كەپكىنىڭ خوتۇنىنى تېزرەك قويۇۋېتىشىنى كېچە - كۈندۈز ئارزۇ قىلاتتى. ئەمما، قېرىشقاندەك ئاجرىشىدىغان ئىشتىن ھېچقانداق شەپە يوق ئىدى. بىراق ئۇ ئۆز تۇيغۇسىدا ئۇلارنىڭ ھامان بىر كۈنى ئاجرىشىپ كېتىدىغانلىقىغا چەكسىز ئىشىنەتتى.

ئۇ ئېرى بىلەن ئاجرىشىپ، ئىككى يىلدىن ئۇزۇنراق ۋاقىت ئۆتتى. قىز بۈگۈن كۆكتات سېتىۋېلىش ئۈچۈن دەرۋازىدىن چىقىشىغا ماي كەپكە بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. ماي كەپكە ئاۋۋالقىدەكلا ئۇنىڭغا مۇنداقلا قاراپ قويۇپ كېتىۋەردى. قىز ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ بېقىشنى ئۇزۇندىن بېرى ئويلاپ كەلگەن بولسىمۇ پۇرسەت بولمىغانىدى. يولدا بىرەرسى كۆرۈنمەيتتى. قىزنىڭ يۈركى ئەنسىز سوقۇپ، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي ماي كەپكىنىڭ ئارقىسىدىن ئاستا ئەگىشىپ ماڭدى ۋە ئاخىرى غەيرەتكە كېلىپ ئۇنى چاقىرىپ توختاتتى. ماي كەپكە قاپىقىنى يەنىلا بۇلۇتتەك تۇرۇپ، خۇشياقمىغاندەك ئۇنىڭ يېقىنلاپ كېلىشىنى كۈتتى.

— نەگە ماڭدىڭىز؟ — دېدى قىز يېقىنلاپ كېلىۋېتىپ.

— ئىش يوق، بىليارت ئويناپ كېلەي دەيمەن، — دېدى ماي كەپكە قىز ئۆزىگە يېقىنلىشىۋالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن ياندىشىپ مېڭىپ.

— سىزمۇ بىليارت ئوينامسىز كىچىك بالد-

لاردەك، — قىز يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ ئۇنىڭغا لاپپىدە قارىدى.

— چوڭلارمۇ ئوينايدىغۇ، — دېدى ماي كەپكە. ئاندىن قىزنىڭ ئۆزايىدىن ئۆزىگە گېپى بارلىقىنى پەملەپ سورىدى:

— گەپ بارمىدى؟

— ھەئە، — قىزنىڭ تېنىگە تىترەك ئولاشتى. دەماللىققا گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالدى - دە، — گەپنى ئۇدۇللا دەۋەرسەم خاپا بولمايدىغانسىز، — دېدى بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ، — خوتۇنىڭىزنى قاچان قويۇپ بېرىسىز؟

تولۇمدىن توقماق چىققاندەك بۇ بىمەنە سوئالدىن ماي كەپكە ھاڭۋاققىنىدىن بىر دەقىقە كۆزىنى پارقىرىتىپ ئۇنىڭغا قاراپ قالدى.

— خوتۇنىڭىزنى قاچان قويۇپ بېرىسىز، دېدىڭىزما!؟ — دېدى ئۇ ئېسىنى يىغىپ. ئارقىدىن ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى.

— ھەئە، — دېدى قىز ساراسىمىگە چۈشۈپ.

— چاقچاق قىلىۋاتمايدىغانسىز، — دېدى ماي كەپكە، — مەن نېمىدەپ بىكاردىن بىكار خوتۇنۇمنى قويۇۋېتىدىكەنمەن! — ئۇ قىزغا سەت ئالىيىپ قويۇپ كېتىپ قالدى.

قىز ئورنىدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدى. كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، نېرۋىلىرى كاردىن چىققاندەك چېكىسى زىڭىلداپ كەتتى. ئۇ ئەسلىدە گەپنى شۇنداق تۈز دېسەم ماي كەپكە كۆڭلۈمنى ئوبدان چۈشىنىدۇ دەپ ئويلىغانىدى. ئەمما ئىش ئۇنداق بولمىدى. قىز خامۇش ھالدا ئۆيىگە قايتتى. دادىسى ئۇدۇلدىكى كوچىدىن ۋېلىسىپىتلىك مېڭىپ ھويلىغا كىرىپ كەتتى. ئارقىدىنلا قىزى ھويلىغا كىردى.

— مانا، ئەمدى خوپ بولدى، — دېدى دادىسى قاتتىق ئەپسۇسلانغان ئاھاڭدا، — ئىستىقبالى بار، ئىستىقبالى بار، دەپ نەچچە قېتىم دېدىم، مامكاپ بولغۇچە ئولتۇر ئەمدى، گەپكە كىرمەيدىغان گۇينىڭ بالىسى.

قىز دادىسىنىڭ دەسلەپتە نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالمىدى. گېپىنىڭ ئورامىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن ئېرىنى دەۋاتقانلىقىنى پەملەپ، ئىتتىك مېڭىپ ئۆز ھۇجرىسىغا كىرىۋالدى.

— نېمە، ئىشىكتىن كىرە - كىرمەي ۋاتىلدايدىغاندۇ، ما ئادەم، — دېدى ئېرىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغان خوتۇنى ئىچكىرىكى ئۆيدىن چىقىپ، — گەپ دېگەننى ۋارقىرىماي دېسىمۇ بولىدۇ، سىلى تومۇرلىرىنى كۆپتۈرگۈدەك نېمە ئىش بولدى زادى؟

— ماۋۇ ئەقىلسىزنىڭ ئېرى ھاكىم بولدى، نېمە بولاتتى، — دېدى دادىسى كۆپۈشۈپ.

قىز دادىسىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ھۇجرىسىدا دۈم يېتىپ تۇرۇپ ئاڭلىدى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا بۇ گەپ گۇلدۇرمامىدەك دەھشەتلىك ئاڭلاندى. ئىككى قۇلىقىنى قولى بىلەن مەھكەم ئېتىۋالدى. بىراق يەنىلا شۇ ئاۋاز قۇلاق تۈۋىدە ئەكس سادا پەيدا قىلاتتى...

«ئىشقى يوق ئېشەك» دېدى قىز بىر كەمدە ماي كەپكىنىڭ قوپاللىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، «قاتۇرۇپ قويغان بوت، قەلبىمنى قىلچە چۈشەنمىدىڭ، دۆت، كالۋا!» ئۇ باش - ئاخىرى يوق خىياللار ئىسكەنجىسىدە ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىناتتى. يۈرەك - باغرىنىڭ لەختە - لەختە بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى. ئۇنىڭ خىيالى ئازغۇن قۇشتەك ئاللىقاياقلارغا كېتىپ باراتتى. ئۇ ئوڭى دېسە ئوڭى ئەمەس، چۈشى دېسە چۈش ئەمەس گادىرماشلىق ئىچىندە قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى سەزمىدى. ئۇ ئۆزىگە ناتونۇش بىر يەردە تۇگۈلۈپ ياتاتتى. بىر چاغدا يېنىغا چىرايلىق بىر پىكاپ كېلىپ سىيلىق توختىدى. پۇزۇر كىيىنگەن ساھىبجامال چوكان توپلىيىنىڭ ئېگىز ھەم ئۇچلۇق پاشنىسى بىلەن ئۇنىڭ بېشىغا دەسسىگىنىچە پىكاپتىن چۈشتى. قىز ئاغرىق ئازابىغا چىدىماي چىرقىراپ كەتتى:

— ھۇ، ئىپلاس، قانجۇق...

ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ يۇقىرىغا قارىۋىدى، ئاجرىشىپ كەتكەن ئېرىنىڭ يېڭى خوتۇنى كۆرەڭلىگىنىچە ئۇنى مەسخىرە قىلغان ھالدا ئاغزىنى سىڭايان قىلىپ كۈلۈپ تۇراتتى. ئۇ بۇ خوتۇننى ئېزىق چىشلىرى ئارىسىغا ئېلىپ چايناپ پۇركۈۋەتكىلى مىدىرلىۋىدى، ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ چۈش كۆرگەنلىكىنى ياكى خىيال سۈرگەنلىكىنى ئاڭقىرالمىدى. ئىشقىلىپ ئۇ بىر تومان ئىچىدە ئۇياق - بۇياققا سوقۇلۇپ گاھ ئۆرلەپ، گاھ پەسلەپ يۈرەتتى.

. .

ئىككىنچى كۈنى سەھەردە ئاپىسى ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ، قورققىنىدىن ۋارقىراپ تاشلىدى. ئايالىنىڭ چىرقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئېرىمۇ قىزنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەلدى. قىز چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپ ياتاتتى. بېشى كارىۋاتتىن چۈشۈپ كەتكەن، چۇۋۇلغان ئۇزۇن چاچلىرى شارقىراتمىدەك تەكشى يېيىلىپ تۇراتتى. چاچلارنىڭ ئۇچىدىن كۆز يېشىدەك تەر تامچىلىرى تامچىلايتتى.

ئۇلار بىر كەمدىن كېيىن قىزنى بىر - ئەسكى ھارۋىغا سېلىپ، شىپاخانىغا ئېلىپ كەتتى.

# ئۈچ شېئىر

قەيسەر تۇرسۇن

## پەسىل

بەكمۇ تەس ئۆتكۈزدۈم كۈز پەسلىنى مەن،
سۆيگۈسىز يۈرەكتەك جىمجىت پەرىشان.
بىلمەيمەن نە قىسمەت كۈتمەكتە يەنە،
ياشايمەن شۈكلاشقا بولۇپ دەرگۇمان.

باھارسەن بوشلۇقتىن ياسالغان قەپەز،
ياز پەسلى قولۇمدا چەيلەنگەن گىيا.
ئاھ مەڭگۈ كۆرۈنمەس مۇھەببەتمۇ ھەم،
قان ئىچكەن ئادەمدەك كۆرۈنەر ماڭا.

كەلمەكتە ئازابلىق بۇ بىر قىش يەنە،
ئەڭ ئېغىر كۈلپەتتىن بىشارەت بېرىپ.
ئاھ مېنىڭ، رېتىمسىز تۇرمۇشۇم گويا،
بىر كونا زاۋۇتتەك قالغان تاقىلىپ.

پەسىلسىز مۇھىتنىڭ بۇ ئادەملىرى،
ياشاشنى بىردىنبىر قىلغان ۋەزىپە.
توي قىلىش، ئۆي تۇتۇش، بالىغا قاراش. . .
ئەركىنلىك پەسلىنى باسقان ۋەھىمە.

## قىياس

ئالدىمدىن ھېلىلا ئۆتكەن ئاشۇ قىز،
قايرىلىپ ئارقىغا قارايتتى پات - پات.
ئېھ، ئۇنىڭ چىرايلىق، خۇنۇك كۆزلىرى،
ھاياتقا بېرىلگەن قايتا ئىزاھات.

ئۇزاتتىم مەن ئۇنى ئۇنسىز، تىنۋشسىز،
ناتونۇش ئۆتكەچكە ئىككىمىز ھامان.
بۇ تەقدىر يارانقان بىزنى ئاشۇنداق،
ھەممىدىن ئاجىز ۋە ھەممىدىن يامان.

ئۇ ماڭغان يوللارنى ماڭدىم قايتىلاپ،
ھاياتنىڭ بىردىنبىر يولىدەك گويا.
ئۇ بەلكىم ئەمدىلا ئويغانغان يۈرەك،
ئۇ بەلكىم قەبرىگە ماڭغان جىنازا.

## بىرلا سۆز

تۇغۇلۇش بىرلا سۆز، ياشاش بىرلا سۆز،
تۇغۇلغان ئادەمگە ئارتىلار گۇناھ.
ياشىغان ئادەممۇ گۇناھسىز ئەمەس،
بىرلا سۆز ھەممىنى يارانقان خۇدا.

بىرلا سۆز ھايات ھەم بىرلا سۆز ئۆلۈم،
بىرلا سۆز كائىنات، بىرلا سۆز دۇنيا.
بىرلا سۆز ئاياللار، بىرلا سۆز ئەرلەر،
مۇھەببەت قۇپقۇرۇق ئەينەكلىك بىنا.

رېئاللىق بىرلا سۆز، ئۆتمۈش بىرلا سۆز،
بىرلا سۆز ئىچىدە تۇرار تەبىئەت.
ساناقسىز سۆزلەرنى كۆتۈرۈپ ماڭار،
بىرلا سۆز ئىچىدە ئادەملا پەقەت.

بىرلا سۆز بەخت ھەم بىرلا سۆز تەقدىر،
بىرلا سۆز ھەممىنى قىلار مەھلىيا.
ئوخشاشلا بىرلا سۆز قەيسەرمۇ بىراق،
ئۇ بارچە سۆزلەرنىڭ تۇرار سىرتىدا.

بىرلا سۆز خۇشاللىق، بىرلا سۆز ئازاب،
بىرلا سۆز جەننەت ھەم بىرلا سۆز دوزاق.
بىرنەچچە سۆزلەردىن مۇستەسنا ئەمەس،
ئاھ مېنىڭ ھاياتىم دات باسقان پىچاق.



# بىرىكىش

يالقۇن ئەزىزى

ۋادەرىخ! تېنىمدە ئويۇغان مەستلىك،
كۆك پۇراق تارقىتار يۇلتۇز چۆككەن جام.
شىددەتلىك كەلكۈنگە بولماقتا غەرق،
ئەتىرگۈل بەرگىدە كۆيۈۋاتقان شام...
ۋاقىتنى قاناتقان تەنلەر ئۆركىشى،
تۇيغۇلار چۈشسىمان چۈشمەكتە ئېقىپ.
ياستۇقنى ئېقىتىپ كەتتى كۆز يېشى،
ياتىمەن نۇرلارغا يۈزۈمنى يېقىپ...
پۇرلەشكەن، نەمدەلگەن، تۈننىڭ كىرلىكى،
قۇياشنى كۆممەكتە چېچەكلىگەن جان.

تارقايدۇ ئەتراپقا ئىسسىق تەر ھىدى،
ئەسەبىي تىپچەكلەر، قىزغىن ھاياجان.
دۇنياغا لىق كەلدۇق بۇ كەچ ئىككىمىز،
ئېرىگەن تېنىمىز لەيلەيدۇ لەرزان.
ياش تۆكسە بۇيۇك شام ئەي سەن ئەتىرگۈل!
تولغىنىپ ئۇرسەن ئۆزۈڭنى ھەريان...
ئاھ! روھ يوپۇرماقلىرى تۆكۈلەر جىمجىت،
قوينۇمدا سوزۇلۇپ ياتىدۇ جانان.
تېنىمنىڭ قېتىغا كىردىم بۇژغۇنلاپ،
ئۇ جايدا بىر ئاۋاز بولغاچ نامايان...

# ئىككى شېئىر

ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن

## ئۆزنى يېيىش

ۋۇجۇدۇمنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ
مەززە قىلىپ يەيمەن ئۆزۈمنى
مەن يېگەنچە بارىدۇ ئۇ زورىيىپ
چۈشەنگەچكە قەلبىمنى ئەڭ - ئەڭ
كۈلمە!
سەن يېمەيسەن ئۆزۈڭنى چۈنكى
تاتلىق ئەمەستۇرسەن بەلكىم يېگۈدەك
مەن تويمايمەن ئۆز - ئۆزۈمنى يەپ
كۈلمە!
تەڭرى ساڭا
بەرگەن بولسا مۇسكۇل، ئىسكىلىت
بەرگەن ماڭا ئارماننى پەقەت
قېنىمدا چېچەكلىتىپ ساپ ئازاب، ساپ دەرد
تاتلىق بولغاچ مەن
تۇپراقمۇ يېيىشكە ئالدىرار بەلكىم



## سۆيۈملۈك ھەرپ

كاۋىكىدا ياش سۆڭىكىنىڭ
ئاسمىنىدىن ئاختۇرۇپ ئاسمان
ئېرىقىنى بويلاپ ئانىنىڭ
كېتىپ بارار تولغاقنى كۆشەپ
ئەڭ سۆيۈملۈك ھەرپلەر تويى.
دالاسىدا شۇ ھەرپلەرنىڭ
سەن يوقالغان ھەرپسەن شۇنداق
مەيلى ھەرپ بول يا باشقا جىسىم
ئىشقىلىپ سەن يوقالغان نەرسە

ئىككى ئادەم كېلىدۇ ياياق
ئاھانەتنىڭ ئالماس بىسىدا
گۆھىرىگە پاتۇرۇپ تاياق
قوللىرىدا ئۇلارنىڭ:
قۇش تىلىدىن ئۈركىگەن قانات.
ئاق ھاسىغا تايانغان شامال.
نۇقتىسى سازلىققا مىخلانغان باھار
سوكۇلدايدۇ قاقشال كەينىدىن
بىخلارنىڭ كۆزىگە سىزىپ كەچ كۈزنى

قەلبىمنىڭ جاۋغايلىرىدىن
ئېقىپ چىقار قاپقاراڭغۇ قان
شۇ قان ئىچرە لەيلەر بىر سادا
شۇ قان ئىچرە كۈلەر غېرىب دەرد
مەيلى سادا ۋە مەيلى دەرد بول
ئىشقىلىپ سەن يوقالغان نەرسە

# زارىقىش

غوجىمۇھەممەت مۇھەممەت

بارىمەن قېشىڭغا ھامان بىر كۈنى
تاشلاپ بۇ ئېزىتقۇ رەڭۋاز دۇنيانى.
ئاھ، سېنىڭ بىباھا تەبەسسۇملىرىڭ
ساقايتار روھىمنىڭ جاراھىتىنى.

يامغۇرلۇق كېچىدە ئەنسىز قەلبىمدە
بارىدۇ كۆڭۈلسىز بىر غەمكىن ئايال.
يامغۇر پاكلىغان تېنىدە ئۇنىڭ
نۇر چاچار ئىشرەتنىڭ يۇلتۇزى تال - تال.

ئۇ مېنى ئىگىلەپ ئالماقتا پۈتۈن،
ئۇنىڭسىز ياشاشقا يوق مەندە تاقەت.
ئېھتىمال سەن ئۇنىڭ تېنى ئىچىگە
يوشۇرۇنۇۋالغانسەن قەۋەتمۇ قەۋەت.



# سۆيۈش

لەۋ چۆلىدە يىگانە باھار،
ئەتتىڭ سەنلا تېنىمنى بوستان.
سۇنغان ئىدى دەرۋىش رىغبىتىم،
روھىم بولدى ئەمدى شاھىستان.
قاسىراقلىرىم ساڭا پاياندار،
ئۇيۇقىمغا قوندى ھەم ھىلال.
مەن سۆيگۈ دەپ يارالدىم قايتا،
ئازاب، ھىجران ئۆلدى ئېھتىمال.
ئەقىدىنىڭ باغرىدا كۈلگەن
دەملەر تاشلاپ كەتمىسە ئەركەم.
ئاھ، قەلبىمگە يازىمەن شۇنى:
سۆيۈش لەزىز ماڭا، ساڭا ھەم.

# مەنىلىك ئۆلۈش ئالدىدا

ئەخەت كەلپىن ئىنسانى

ئاھ گۈلۈم، مەن زادى چىدىيالمىدىم!
گۈزەللىك ئىچىدە ئۆلەر بولدۇم، بەس.
شۇنچىلىك ئاشكارا بولغان بۇ روھنىڭ
قىلماقتا شۇ تاپتا مېنى مەست - ئەلەس!
ئەي ساڭا مىڭ لەنەت نىقابلىق ئۆمرۈم!
نىقابقا قانداقمۇ كۆندۈردۈڭ مېنى؟
گۈزەللىك ئىچىدە ئۆلەر ھالدا مەن
چۈشەندىم، نەقەدەر رەزىللىكىڭنى! . . .
ھاياتنىڭ تەڭداشسىز تەرىپىغۇ بۇ!
بىر دەملىك ئارام بەر ئەي مېنىڭ گۈلۈم.
ئاھ، ئىچى - ئىچىڭدىن چاچرىتىپ تۈيغۇ،
سىغىندۇرمىساڭچۇ ئادەمگە ئۆلۈم!
نىقابسىز بىر مىنۇت ئۆمرۈم ئۈچۈنلا،
نىقابلىق مىڭ يىللىق ئۆمرۈمگە لەنەت.
خۇدامۇ سەنچىلىك يالىڭاچ، گۈلۈم!
جېنىمنى ئالغىن - دە، سەنمۇ ئۆلۈپ كەت! . . .

# ئىككى شېئىر

ئەكبەر نىياز پەتتارى

## ئۇنتۇلغان سۆز

ئازابلىق دۇنيانىڭ كۆلەڭگىسىدەك،
قەلبىمدە چېچەكلەپ بارماقتا ھەسرەت.
بۇ ھايات بەلكىم بىر تېپىشماق يەنە،
بىلمەيمەن كىم ماڭا قويار مۇھەببەت؟
ناز قىلار ئالدىمدا يوچۇن سىماھلار،
كۆزۈمدىن ئاققۇزار ھىجرانلىق ياشنى.
چۈشۈمنى قايسى چاغ يوقلىدى خىزىر،
قوينۇمدا كۈلدۈرۈپ ئاينى، قۇياشنى.
ناخشامنى سۈبھىدە ئوقۇسا بۇلبۇل،
سۆيگۈدە گۈللەرگە ھالسىز يۈكۈندۈم.
ئالتۇن كۆز تۆكۈلگەن يوپۇرماق مىسال،
ئۇھسىنىپ دىللاردىن بىۋاخ تۆكۈلدۈم.
شۇ يوسۇن ئالماشتى ئاي بىلەن كۈنلەر،
ئۆزۈممۇ بەئەينى بولدۇم بىر سوئال.
بەختىمگە ئاھ ھېچكىم ئىزاھ بېرەلمەس،
دېيەلمەي ئۇنتۇلغان سۆزسەن ئېھتىمال.

# ئاۋازدەك تۇزۇپ كەتكەن قىز

ئەكبەر ئىمام

زۇلمەترەڭ تۈن بولۇپ كەلمەكتە بىر قىز،
بىر دەستە بەختسىز خىيال شەكلىدە.
ئەينەكتەك چېقىلىپ بارماقتا يۈرەك،
شۇ قىزنىڭ مۇزلىغان كۆزى ئەكسىدە.

ھەسرەتلىك چۈش بولۇپ كەلمەكتە بىر قىز،
قەلبىمنىڭ ئۇنتۇلغان پىنھان يولىدا.
مۇھەببەت ئاۋازدەك بارماقتا تۇزۇپ،
رەھىمسىز شۇ قىزنىڭ ھىجران تويىدا.

# كۈتۈش

ئايگۈل مۇتللا

تۇماننىڭ ئىنچىكە كەتكەندەك سىڭىپ،
يوقالدى خۇشاللىق ئاستا شۇۋىرلاپ.
ئېھ مانا زېرىكتىم ھەممە - ھەممىدىن،
سىرغىدى ياشلىرىم خىيالنى بويلاپ.

تۇرىمەن يېگانە سۈكۈتكە چۆمۈپ،
چېھرىمدە قانقاندۇر روھسىز تەبەسسۇم.
ئۇنتۇلۇپ كېتەرمۇ سەبىي تىلەك ھەم
باھاردا ئېچىلغان غەمسىز يۈرۈكۈم.

ھەسرەتكە بۆلىنىپ تۇردۇم خىيالچان،
ئېھ مانا كېچىنىڭ باغرىنى يېرىپ.
نەقەدەر ئازابلىق كۈتۈش سېنى، ئاھ،
ئېھتىمال ئۇخلارمەن شەكلىڭگە كىرىپ.

# ئۆزلۈك ناخشىسى

كېرىمجان سۇلايمان

ئۆزۈم مەيخانا مەن ئۆزۈمگە تالىق،
ھەم ئۆزۈم يېگانە ئۆزۈمگە ئۇلپەت.
ئۆزۈم مەي بولىقى ئۆزۈمگە لايىق،
ئۈن - تىنسىز ئاقارمەن ئۆزۈمگە پەقەت.

ئۆزۈم كەلگىنىمدە ئۆزۈمگە تارلىق،
مەي كەلكۈنى بولۇپ تاشارمەن.
يېشىلگىنىمدە مەستتۇر خالايىق،
ئۆزلۈك داۋانىدىن شۇنداق ئاشارمەن.

# ئىككى شېئىر

نۇرئامىنەم ئەھەت

## سەن مېنى يېتىلەپ ماڭغان شۇ كەچتە

تۇنۇشتۇق يۇلتۇزدا، چايقالدى قولۋاق،
چۈشلەرنىڭ باغرىنى باستى شىۋىرغان.
رېئاللىق كۆز ئاچتى بولدى ئۇچۇرما،
ئالەمنى يالمىدى سۆسۈن رەڭ تۇمان.



چېقىلدى رەقەملەر، چېقىلدى تىنىق،
مۇزىكا ئالقىنى قاندى دەھشەت.
ئاي يۈزى داۋالغۇپ سىلكىتتى شەبنەم،
چىغىر يول نۇرلاندى - نۇرلاندى قەۋەت.

كېچىنىڭ يۇمۇلغان ئىستەكلىرىدىن،
تەلۋىلىك ھۇزۇرى تامچىدى قانچە.
يالىڭاچ يۈرەكتە كۆيدى يالغۇزلۇق،
سەن مېنى يېتىلەپ ماڭغان شۇ كەچتە.

## جاراھەت چېچىكى

قار يېپىنغان كۆزۈمدە ئۇۋۇلماقتا كۆلەڭگەڭ،
نەپەس بولۇپ تولمىدىڭ، كۆكسۈم تېخى بوش پېتى.
يۈرمەكتىمەن رەتمۇ رەت گەۋدىلەرنىڭ ئەۋجىدە،
خىرە - شىرە ئەتىنىڭ كۆرۈنمەيدۇ يا چېتى.
تالاي پۇرسەت ئۇچۇرما بولدى، مەنلا ئۇچمىدىم،
يېنىش-يېنىش لېۋىمدىن سوزۇلسىمۇ موھتاجلىق.
كەيىپ قونغان چۈشۈمدىن ساقىغانتى يۇلتۇزمۇ،
كۆز قىسمىدىم جاراھەت چېچەكلىرى ئېھ، تاتلىق.
قۇيۇن باسقان مەھەللەم ئۆرۈك گۈلى تۇزۇغان،
شاخ يىلتىزى كۆكلەيدۇ، مەن ئۇخلايمەن سېنىڭسىز.
زېمىستاننىڭ قۇچقىچى شەرەتلىشىپ ئۇزىغاچ،
خىيانەتنىڭ بىخىنى لىڭشىتىدۇ تىۋىشسىز.

# چۈش ئارىلى

ئەركىن نۇر

## ساھىبجامال بېلىق

مەن باقىمەن ساڭا ھەرقاچان
مۇھەببەتنىڭ كۆزىدە

ئى بېلىق تەنلىك ساھىبجامال قىز
سەن مېنىڭ باغرىمدا، ئىچكى قىسمىمدا —
ئىزلەمسەن چوڭقۇرلۇق چوققىسىنى ئەڭ؟
قۇچاقلاپ ياتقىنىم سۇ ئەمەس، بەلكى
بىپايان تەنھالىق، زۇلمەتكە تولغان
دېڭىزمەن، سەن ئۈچۈن چەكسىز بىر دېڭىز

جىسمىڭدا يانغاچقىمۇ ئالەمچە سۆيگۈ
سەن يارالغان قىزىق قان بىر مەخلۇق بولۇپ
سالقىندايسەن دائىما
چوڭقۇرلۇقۇم دەرىخىنىڭ سايىسىدە
زىمىستانغا تولسىمۇ ئىچىم
توڭلىماستىن زەررىچە
ئۈزىسەن، يايرايسەن لەززەت دېڭىزىدا شۇ پەيتىم

قاپقاراڭغۇ، زۇلمەتلىك
مېنىڭ ئىچىم شۇقەدەر
سەن ھېرىسمەن بولغاچقا
ئىچىمدىكى كېچىگە
قىلىسەن سەپەر



مەيىن دولقۇنلارغا ئايلىنىپ
سىلايمەن، سۆيىمەن سېنى قانغۇچە
چۆكىسەن چوڭقۇرلۇقۇمغا، تاپالمايسەن ھېچ
چوڭقۇرلۇقۇمنى كەزسەڭمۇ قانچە - قانچە

باغرىمدا ئۇخلايسەن تاتلىق
شېرىن چۈشكە ئايلىنىپ
كېزىمەن روھىڭنى، تېنىڭنىمۇ ھەم
شۇندا، بېلىق بولۇپ مەن ساڭا
ئىچكىرىلەپ كىرىمەن
چوڭقۇرۇڭدىكى ئۆلۈم قولۇلىسىنى ئوينىماق ئۈچۈن
شۇ پەيت، سوزۇلۇپ ياتقان بىر دېڭىز سەن ئەركەم

ئىچىمنىڭ ئىچىدىكى مۇز تاغلار ئارا
سەن ياشايسەن ئىسكىموسلاردەك
ئى بىلىق تەنلىك ساھىبجامال قىز
ئىشىكىڭنى ئاچ، مەۋجۇدىيىتىمىز ئايلانسۇن بىر - بىرىگە
غېرىبانە، مەنىسىز ھايات
كۆيسۇن
ئىچ - ئىچىمىزدىن پاراسلاپ چاچرىغان قىزغىنلىق چوغىدا

مەن باقىمەن ساڭا ھەرقاچان
چوڭقۇرلۇقۇمغا شۇڭغۇ
شۇڭغىغىن چاپسان

## چۈشۈمدىكى ئات

ئۇرۇش پەيتى، تۈشمۇ تۈشتىن قوغلاشماقتا
قوراللانغان ھەممىلا كىشى
دوقمۇش - دوقمۇشلارغا چاپلانغان
مېنى تۇتۇش بۇيرۇقى

جىنايىتىم نېمىدۇر مېنىڭ؟
بىلمەيمەن، بىلىدىغىنىم:
قېچىش كېرەك توختىماي شۇ تاپ

شەھەردىكى خالتا كوچىدىن
پىنھان، قاراڭغۇ
ئاڭلاندى تۈيۇقسىز ئاتنىڭ كىشنىشى
پاھ، بۇ مېنىڭ ئېتىمغۇ!
ئىسقىرتتىم چۇرتتىدە، ئاشىقىمدەك
پەيدا بولدى ئالدىمغا
دەررۇ ئۇ چاپچىپ
باش - كۆزىنى سىلىدىم
يۈزۈمگە يېقىپ يۈزىنى
ئاق يايلىنى تارىدىم
شۇندا بىردىن زۇۋانغا كېلىپ
ئات دېدىكى:
تونۇدۇڭمۇ سەن مېنى
مەن ئوڭۇڭدا سۆيگەن بىر قىزمەن. . .

ھە، بۇ قانداق گەپ؟
ھەيرانلىقتا ئاڭا قارىدىم:
قايسى قىزدۇر بۇ، مەن سۆيگەنلەر ئارىسىدا
ئىنچىكە سەپسالدىم، ئاۋۋال

تازا تولغان ساغرىسى
ئاندىن كۆپكۆك نۇر چېچىپ تۇرغان بويىغا. . .
ئۇ ئۇخشايتتى راستتىنلا بىر قىزغا
ئەجەبلەندىم، ئۇ ئۆلگەن بىر قىزنىڭ روھىمۇ - يا؟!
— كىمنىڭ روھىسەن؟
سورىدىم ئاتتىن
ئۇ ئېيتتىكى:
— سورا روھىڭدىن!

شۇقەدەر ئەسەبىي، ياۋايى ئۇنى
مېھرىم بىلەن سىلىدىم، ئاندىن
شىپپىدە
مىنىۋالدىم پەم بىلەن

ئۇ ئۇچاتتى دولقۇن كەبى ئۆركەشلەپ
يۈرىكىم ئاغدى، يايراپ ۋۇجۇدۇم
پورەكلەپ ئېچىلدى غېرىبلىقىمنىڭ بىر گۈلى
تۈنجى رەت
قۇتقۇزدۇڭ سەن مېنى
ئەي ئاق بوز ئېتىم
چاپماقتىسەن دۈلدۈلدەك
قاناتلىنىپ
كۆتۈرۈلدۇق ئاسمانغا
بارا - بارا يېقىنلىماقتىمىز
بەلكىم تەڭرىگە

ئاستىمدا ئاق ئات
قانىنىڭ زۇلمىتىگە چۆككەن ئىككى تەن
تېگىشىپ - چىلىشىپ تۇرماقتا شۇ پەيت

مەن يايلاقتا باققان بىر زامان
ئۇنى تاراپ، يۇيۇپ، ئاۋايلاپ
سىلاشقا ئامراق ئىدىم نېمىشقىدۇر
تولغان قىزنىڭكىدەك يوغان ساغرىلىرىنى



كىشنىمەكتە جۇپ بەدەن
سەرسان يۈردۈم، كەزدىم جىسمىڭنى
ئاسمانمۇ ۋۇجۇدنىڭ يەنە بىر شەكلى
چاپماقتىمىز ئۇندا نىشانسىز
ھەي ئېتىم
سەن نەگە ئەكەتسەڭ ئەكەتكىن مېنى
قاراڭغۇ ئاسماننىڭ كەينىگە كەتسەڭمۇ مەيلى

ۋەجى شۇ، مەن سۆيىمەن ئەبەدىي سېنى
ئاسماننىڭ تارتىش كۈچىنى سۆيگەندەك
سۆيىمەن تەر ئارىلاش بەدىنىڭدىن تارقالغان ئىللىق
ھىدىڭنى

ھارماي چاپقىن، چاپ ئېتىم
بارايلى بىز
ھاۋا ئانا، ئادەم ئاتا سۈرگۈن بولغان جەننەتكە،
دەرد كەلمىسۇن سۆيگۈ شىرنىسىگە تولغان پۇتۇڭغا
قايرىلمىسۇن، سۇنمىسۇن مۇھەببەتتىن پۈتكەن قاناتلار

قوغلىماقتا تۇشمۇ تۇشتىن
مۇدھىش ئاپەت توپاندەك بىزنى

# تۇمان دېڭىزى

سۇنىڭ ئاستىدا
يالتىرايدۇ چىنلىقنىڭ مەر مەر تاشلىرى

بىر ئانا
قۇللۇقنى ئادەمگە ئەمدۈرگەن
مۇھەببەت



مەن ھۆرلۈكنى خالايمەن، بىراق
ۋاز كېچەلمەي يۈرىمەن نېچۈن
ئانا سۇتىدىن؟

ساختىلىقلار تۇماندۇر
ھاياتىمنى ئورىغان
يالىڭاياق پۇتلىرىم بىلەن
خوخا - تىكەن باسقان دالىدا
مەن بارىمەن شۇنچىلىك ئاستا
ھارۋا سۆرەش مۇسابىقىسىدا
ساختىلىقلار تۇماندۇر
ئادەمزات دۇنياسى ئەمەس
ئادەملەرنىڭ چىيۇن كەبى قانقان بېشىدا
ئىرالاردىن ھازىرغا قەدەر
داۋاملاشقان، ئاققان شۇ ئاڭلار
ساختىدۇر، ساختا
مەن ئېخى خەجلەپ باقمىغان ھاياتنىڭ پۇلى
چوقۇم ياۋا ئادەملەر ياكى

ياۋايى مەخلۇق، يىرتقۇچ ئارىسىدا. . .

يىتۇپ كەتتى ئۆيۈمنى تۇمانلارنىڭ توپانى

چۈش ئارىلىدا قەلبىمنى
خىرە - شىرە كۆردۈم ۋە لېكىن
بىر كۈن كەچكىچە كۆڭلۈم غەش يۈردۈم
مەن سەندىن شۇقەدەر يىرگىنىپ تۇرۇپ
نە سەۋەب سۆيىمەن نېمىشقا يەنە؟
ئەسەبىي، مۇقەددەس تۇيغۇدا

بىلىپ قويغىن مېنى ئاخىرى:
مەن پەرىشتە ياكى ئەمەس بىر خۇدا
ئىزگۈلۈك تېشىنى يۇرمەيمەن يۈدۈپ
مەن شەيتان
چاقىمەن جىمى رامكا، جىمى شەكىللىنى
مەن ئەشەددىي يالماۋۇز
شورايمەن ئاجىزنىڭ قېنىنى تويۇپ
مەگەر كەلسە ئالدىمغا يولباشچى خىزىر
تىللايمەن كۆزىگە قولۇمنى تىقىپ، ھەتتا قويىمەن
كۆزىنى ئويۇپ

مەن تەمەسىز، غەرەزسىز ياشاپ
ئاددىي، چىن، مۇكەممەلسىز، نۇقسانغا تولغان
ئۆزۈمگىلا تەۋە شۇ بارچە ھاياتنى
سۆرەي قانغۇچە ھايات پەيزىنى

# ئەينەك بىلەن خوشلىشىش

سەن مېنى تېخىچە كۆرۈپ باقمىغان
كۆرگىنىڭ مەن ئەمەس، ئەينەكتىكى مەن

بىلسەڭ گەر، ئەينەكتۇر باسقان يوللىرىم
ئەينەكتۇر مەن نەپەس ئالغان بۇ ھاۋا
ئەينەكتۇر ئۆيلىرىم، كىچىك دۇنيايىم
ئەينەكتۇر ھەتتاكى مەن ئىچكەن سۇلار
ئەينەكتۇر پەرىشتە، تەڭرى ھەم شەيتان
ئەينەكتۇر بارچە دىن، روھ ۋە بەدەنلەر
ئەينەكتۇر ئاق - سېرىم، تەپەككۇر، خىيال
ئەينەكتۇر شان - شەرەپ، نورمال ئادەملىك
ئەينەكتۇر مەن يازغان يازمىلار تۈگەل
ئەينەكنىڭ قاينىمى مېنى چۆكتۈرگەن

قورقىمەن ئەينەككە قاراشتىن بەتتەر

ئەينەكتۇر تالاي رەت كۆمۈلگەن قەبرەم
ئەينەكتۇر يوشۇرۇن كۆيگەن يۈرىكىم
ئەينەكتۇر ئازاب ۋە بەخت، ئامەتلەر
ئەينەكتۇر مەن سۆيگەن قەلبىمدىكى ئاي
ئەينەكتۇر چۈشلىرىم، رېئاللىق، دۇنيا
جىمىكى نەرسىلەر ئەينەكتۇر ھامان

مەن گوياكى بەڭباش بىر بالا
ئۆز قولى بىلەن بېرىلىپ ياساپ —
ئۆي، خوتۇن، بالا، دوستلارنى
دېڭىزلاردا ئۈزگەن يەلكەننى
دوزاخ - جەننەتنى
دۇنيادىكى ھەممە - ھەممىنى
يەنە ئۆز قولى بىلەن
پەرۋاسىزلا بۇزۇپ تاشلىغان
ياكى ئۇرغان، دەسسەپ - چەيلىگەن



مەن ئەينەكتىن چىقىپ كېتەي دەپ
چۇل - چۇل قىلىپ چاقتىم ئەينەكنى

مېنىڭ ئۈچۈن ئەينەك بىر جەسەت
ئاتلاپ ئۆتەي مەن ئۇنى ئەمدى
شۇ ماڭغانچە ماڭاي توختىماي
پەشتاق بىلەن كۆككە تۇتاشقان
ئاسماندىكى زىمىنغا چىقىپ
ئىزلەپ تاپاي ئۇندا نىگارنى

# سۇمرۇغ

مۇدھىش قېنىم چوڭقۇرلۇقىدا
چوڭقۇرلۇقىدا سەن
ئىلاھىي بۆرە، ماڭا يول باشلىغان ھالاكەتنىڭ
غارىدا

سەن ئەيساغا، ئوسرىسقا① ھەم
ئۆگەتكەندەك ئۆلۈشنى
ئۆگەتتىڭ قايتا تۇغۇلۇشنى

---

① ئوسرىس (osiris) مىسىرنىڭ گۈل-گىياھ ۋە دەل-دەرەخ ئىلاھى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۆز قېرىندىشى سېت (Set) تەرىپىدىن سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن جەسىتى 14 پارچە قىلىنىپ مىسىرنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تاشلىۋېتىلگەن بولسىمۇ، بىراق ئوسرىس ھەزرىتى ئەيسادەك تىرىلىپ گۇناھكارلارنى دوزاخقا ھۆكۈم قىلغۇچىغا ئايلانغان.

روھىم قۇشلىرى ئۆلۈم شىخىدا
تېۋىنىپ سايرايدۇ ساڭا، سەن چۈنكى
نەبىسەن①، جىمى قۇش ئارا

ئىسىمدە، گۆدەك چېغىم
«قېقنۇسلارنىڭ پاراغىتى»②دىن
تۇنجى بولۇپ كۆرگىنىم:
سېنى —
ئەسىرلەر ياشاپ، ئۆلۈش ئالدىدا
ئۆلۈش زۆرۈرىيىتىنى سەزگەندە، پەيلاسوپلاردەك
زەيتۇن شېخىنى چىشلەپ ئۇچقان كەپتەر تىمسالى
توشۇپ سەندەل دەرىخىنىڭ شاخ ـ شۇمبىلىرىنى
بىر يەرگە دۆۋىلەپ ئوت قويۇپ
ئوت بىلەن ئۆزىنى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرگەن
ھەم ئۆز كۈلىدىن قايتا تۇغۇلغان
مەڭگۈلۈك باغرىغا ھەرگىز ئۆلمەس بوپ. . .



ھە، مانا
بۈگۈن كۆردۈم مەن سېنى
چۈشۈمدە
سۇمرۇغقا ئايلىنىپ كەتكەن
لاۋرېنس، ئەيسا ۋە ئوسىرىسنى بىردىنلا

چۈشەندىم
ئۇلار دېمەك سۇمرۇغ ئىكەن ئەسلىدە

ھەزرىتى ئەيسا
قوينىڭ قېنى بىلەن يۇماق بولۇپ ھاياتىنكى جىمى
داغلارنى
ئۆلۈم چېچىكىگە قوندى ھەسەل ھەرىسى كەبى
ئوتتۇز ئۈچىنچى باھارىدا
بىراق مەنچۇ! . . .

ئوسىرىس
باغاشلىماق بولغاندەك ئۆلگىنىدە بولسىمۇ
قۇچاق يەتمەس، تەبىئەتنى بىپايان
بىر قورساق قېرىندىشىغا ئۆلتۈرگۈزدى ئۆزىنى 14
پارچە قىلىپ
ۋەتىنىنىڭ كۈللى تۇپرىقىغا ئايلاندى ئاخىر
بىراق مەنچۇ؟ . . .

لاۋرېنس
تەن ۋە روھنىڭ چەكسىز چۆللۈكلىرىدە
زۇلمەت توپانىغا غەرق قىلىپ ئۆزىنى
يەتمەك بولدى قارشى قىرغاققا، كېزىپ دۇنيانى
بىراق مەنچۇ؟ . . .

توخۇ يۈرەكمۇ مەن
ئاياللار ئارقىلىق تىرىلمەكنى ئىستىگەن؟
دېۋانىمۇ مەن
ئاياللاردىن سۆيگۈ، بەخت تىلىگەن؟
تەمەخورمۇ مەن
ھەممە خەقنىڭ ياخشى كۆرۈشى، چۈشىنىشى
ئۈچۈن ياشىغان؟

ياق، ياق
جاھىل ئۇنسۇرمەن شۇنداق
يىرتقۇچ كەبى باش ئەگمەس
مەن ساراڭمەن، ئەسەبىي
ئۆز ئىچىمدە ياشىغان
ئۆزۈمگىلا تەئەللۇق پېتى
ياق، ياق
ياشاپ باقمىدىم مەن تېخى
ئۆزۈمگىلا تەۋە ھاياتنى
ياشاپ باقمىدىم تېخىچە سېكۇنت
ياشىدىڭ دېسە خەق مېنى
ياشىغىنى مەن ئەمەس، ئۆزگە
ناتونۇش بىر كىشىدۇر يوچۇن
ئۇزۇن مۇددەت تارتقاچقا نىقاب
ئۆزىنىڭ كىملىكىنىمۇ بىلمەس بوپ قالغان

ئۆزگەرمەكتە كۈللى شەيئىلەر
ئۆزگەرمەكتە زامانمۇ
مۇشۇ ئالتۇن دەۋردە
ئەي سۇمرۇغۇم قانىتىڭ ھەتتا
ئايلاندىمۇ ئالتۇنغا
سەزمىگىلى قاي زامان
قاناتلىرىڭنىڭ قېقىلىشىدىن چىققان شامالنى
مەن مۇشۇ سۇمرۇغ ماكانىدا تۇرۇپمۇ③
مەدەنىيەتنىڭ ئالتۇن كرېستى
مىخلىمىدى قايسى بىر زاتنى؟

جەنۇبىي قۇتۇپتىمەن
ئاتەش ـ ئوتسىز كۈنلىرىم
مۇزلىماقتا يۈرىكىم

① نەبى — ئەسلىدە ئەرەبچە سۆز. مەنىسى پەيغەمبەر، ئەۋلىيا ـ ئەنبىيا دېگەنلىك.
② «قېقنۇسلارنىڭ پاراغىتى» — شائىر گومورونىڭ لىرىك پوئېمىسى بولۇپ، قېقنۇس سۇمرۇغنىڭ باشقا بىر خىل ئاتىلىشى.
③ خې شىنىنىڭ «كرىزىس ۋە قايتا ئويلىنىش» ناملىق كىتابىدا سۇمرۇغنىڭ بارغانچە باشقا شەكىلگە ئۆزگىرىشى ھەمدە ھازىرقى تۆگە قۇشىنىڭ ئەسلىدىكى سۇمرۇغ ئىكەنلىكى، تۆگە قۇشىنىڭ غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي دىياردىن پايتەخت ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە توشۇلىدىغانلىقى ئىلمىي يوسۇندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

ئۆلگەن قۇشنىڭ تېنىدەك
قار - مۇز بىلەن قوپۇرۇلغان ئۆيۈمدە
قايدىسەن، ئىنسان ئۇچۇن ئوت ئوغرىلىغۇچى
پىرومىتى؟
مۇزلىماقتا قېنىممۇ تامام

يانغىن، يانغىن ئەي ماماتلىق گۈلخىنى
سۇمرۇغمەن، باغرىڭ تامان ئاتاي ئۆزۈمنى
ئۆلۈمنى سۆيىمەن ھاياتىنىمۇ بەك
ھاياتىم، تۇرمۇشۇم تولسۇن خەتەرگە
مەن غۇلاي ھاڭلارغا، تاللىغىنىم بولغاچ بارسا -
كەلمەس يول
ھېلىھەم سۆيىمەن سېنى —
ئەي ھاياتىمنىڭ پىنھان قاتىلى — يىرگىنىپ
ئۆزۈمدىن شۇقەدەر بولۇپ كۆڭۈلسىز
ئۆزۈمگە ئاياندۇر بۇنىڭ ھەممىسى
قايتا تۇغۇلۇشقا ئىشەنگەچ چەكسىز
مەردانە قەدەم تاشلايمەن قورقماستىن
ھالاكەتنىڭ ئەڭ خەتەرلىك غارىغا

ئويلايمەن، خورازمۇ بىر خىلىدۇر سۇمرۇغنىڭ
قۇياش بولسا تاڭدىكى خورازنىڭ ئۆزى
ۋە لېكىن مەن كۆرمىدىم قۇياشنى
ئىچىمدە تېخىچە جىنسىيەتتەك پارلاق نۇر چاچقان

# پورەكلەپ باقمىدىم تېخى بىر نۆۋەت

## ئەخمەتجان تۇرۇپ

شەپەقتەك رەڭلەنگەن ئازاب گۈللىرى
قەلبىمدە ئېچىلىپ تۇرار ھەر سەھەر.
قەھرىتان قۇچاقلاپ سۆيسىمۇ مېنى،
گۈللىرىم يەنىلا قالدى بىخەتەر.

بىراق، مەن ھالقىشنىڭ داۋانلىرىدا
پورەكلەپ باقمىدىم تېخى بىر نۆۋەت.
شۇندىمۇ ياپرىقىم ئېيتار بىر ناخشا:
«بۇ ئەمەس سەن ئۇچۇن ئاخىرقى پۇرسەت.»

# چىۋىن

## قۇدرەت قۇربان

تىلسىملىق، سىرلىك، يوچۇن مەھبۇسخانا،
تاتارغان تام بېتىدە جاراھەت، داغ.
ئىسلاشقان ھاۋادىدا تۇنەيدۇ ئاي،
نەدىندۇر ۋەھىمىلىك توۋلايدۇ زاغ.
بىر چىۋىن ئۇچۇپ كىرىپ ھاۋادىدىن،
ئۆمۈچۈك ياىغان تورغا ئۇسۇپ قالدى.
گىژىلداپ تور ئىچىدە جىمىپ بىر پەس،
تورۇستىن زەرداب يەرگە چۈشۈپ قالدى.
ئۆمۈلەپ كەلدى چىۋىن بىر قاناتلىق،
ئايرىلغان تور ئىچىدە قانتىدىن.
بىر مەھبۇس ئىچى پۇشۇپ بۇ چىۋىنگە،
ئايرىماق بولدى يەنە ھاياتىدىن.
مەھبۇسنى توسىۋالدى غايىپ بىر قول،
چىۋىننى ئوراپ رەڭدار نۇر ئۇچقۇنى.
ئاڭلاندى: «مەنمۇ سەندەك ئاشىق، غېرىپ،
كەلگەنتىم سەن بىلەن بىر مۇڭداشقىلى. . .»
سۈكۈتكە پاتتى مەھبۇس ھەيران بولۇپ،
چىۋىننى ھاۋادىدىن پۈۋلىۋەتتى.
ئورنىغا قايتىپ كېلىپ ئولتۇرۇپ ئۇ،
تۇيۇقسىز ھۆكىرەپ - ھۆكىرەپ يىغلىۋەتتى.
سەھەردە بىر چۈش كۆردى بۇ چۈشىدە
بوۋىسى كەپتۇ روھى چىۋىن بولۇپ
دەپتۇ ھەم: «كەلدى ئەنە بۆرە ئىلاھ،
كۆزلىرى كۆكتىكى جۈپ چېقىن بولۇپ.
قايتۇرۇپ كەلدى بەلكىم ئاشۇ بۆرە
قەدىمي ئۆڭكۈردىكى ئەرلىكىڭنى.
قايتۇرۇپ كەلدى بەلكىم تالاي ئەسىر
ئىزدىگەن ھۇجەيرەڭنى، جەۋھىرىڭنى. . .»





# خۇرشىت

(ئەدەبىي خاتىرە)

ھۆرلىقا ئابدۇرشىت

1996 - يىلى ئىيۇلنىڭ باشلىرى، ھاۋا ئەتىگەندىلا تۇتۇلۇپ، ئاسماننى قارا بۇلۇتلار قاپلىغان، ھاۋا قاتتىق گۈلدۈرلەپ ھېلىلا شارقىراپ يامغۇر ياغىدىغاندەك قىلاتتى. مەكتەپ مۇدىرىنىڭ بۈگۈنكى خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشىدىن تولىمۇ ھەيران قېلىپ، يېنىمدا كېتىۋاتقان خىزمەتدىشىمدىن سورىدىم:

— نېمىشقا بالا يىغقىلى چىقىمىز؟ ئوقۇش يېشىغا توشقان بالىلارنى نېمىشقا ئاتا - ئانىلىرى ئۆزلىرى مەكتەپكە ئەكىلىپ تىزىملاتمايدۇ؟

مائارىپ ساھەسىدە يىگىرمە يىلدىن ئارتۇق ئىشلىگەن بۇ پېشقەدەم ئوقۇتقۇچى سوئالىمنى ئاڭلاپ ئاچچىققىنا كۈلدى:

— بىز بالىلارنىڭ ئائىلىسىگە بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىسىغا ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلىمىسەك، ئۇلار پەرزەنتلىرىنى مەكتەپكە بەرمەيدۇ، بەردى دېگەندىمۇ بۇنداقلار ناھايىتى ئاز ساندا، — ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن بىر خىل ھارغىنلىق، زورۇقۇش كەيپىياتى چىقىپ تۇراتتى.

50 — 60 - يىللاردا مۇئەللىملەر ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ ئۇلارنى يىغىپ ئەكىلىپ ئوقۇتاتتى، دەپ چوڭلارنىڭ ئېغىزىدىن ئاڭلايدىغان. لېكىن ھازىر قانچىنچى يىل، قانداق دەۋر؟ ئازكەم يېرىم ئەسىردىن كېيىنمۇ بۇنداق ئىشلار يەنە تەكرارلانسا - ھە! بىزنىڭ بۇ ماكاندىكى دەۋر چاقى كەينىگە چۆرگىلەۋاتامدۇ - قانداق؟ ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەشكە كۆڭۈل بۆلمىسە، پەرزەنتلەرمۇ كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ تەربىيىلىنىشىگە كۆڭۈل بۆلەلمەيدۇ. بىر ئەۋلاد كىشىلەر ساۋاتسىز قالدى دېگەنلىك — بىر ئەۋلاد كىشىلەر نادانلىقتا، قاراڭغۇلۇقتا قالدى دېگەنلىك. ئادەم دېگەن تۇغۇشنىلا بىلىپ تەربىيىلەشنى بىلمىسە، ئۇنىڭ كېيىنكى تەقدىرى، ئىستىقبالى بىلەن كارى بولماي «ئېغىرىنى يەر كۆتۈرەر، رىزقىنى خۇدا بېرەر» دەپ يۈرۈۋەرسە بولامدۇ؟ دەۋر تەرەققىي قىلىپ نەگە بارغانلىقىدىن ئاتا - ئانىلار بىخەۋەرمىكىنە؟ ئۇلار ئەتراپىدا نېمە ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى، باشقىلارنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرمەيۋاتامدىكىنە؟! پەرزەنتلىرىنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىنى ئويلىمامدىكىنە؟!

سۆزلىگەنسېرى قېنىم قىزىپ قايناپ كەتتىم. پېشقەدەم ئوقۇتقۇچى X سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ دېدى:

— ئۇكا، سىز تېخى ياش، خىزمەتكە يېڭى چۈشتىڭىز، بۇ ئىشلارنى ئانچە ئۇقۇپ كەتمەيسىز، كارامەت ئىشلارنى ھېلى بالىلارنىڭ ئۆيلىرىگە بارغاندا ئاندىن كۆرىسىز، ئۆمرىڭىزدە ئاڭلىمىغان سېسىق گەپلەرنى ئاتا - ئانىلارنىڭ ئېغىزىدىن ئاڭلايسىز. ئۆتكەن يىلى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپتىن چېكىنگەن ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپ قويىنىغا قايتۇرۇپ ئەكىلىش ئۈچۈن، شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى تەشكىللىگەن ئۆمەك بىلەن قوشۇلۇپ ئاۋات يېزىسىغا باردۇق. بۇ يېزىدا 95 — 96 - يىلى ئىچىدە ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن مەكتەپتىن چېكىنگەن ۋە ئوقۇشتىن توختاپ قالغان 44 نەپەر ئوقۇغۇچى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئوقۇشتىن توختاپ قالغىلى بىر يىل، بەزىلىرىگە بىرنەچچە كۈن بولغان يەتتە ياشتىن ئون ئىككى ياشقىچە ئارىلىقتىكى نارسىدىلەر ئىدى. بىز يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇللىرى، كەنت ۋە گۇرۇپپىلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك كادىرلىرى، مائارىپ ئىشخانىسىنىڭ خادىملىرى، مەكتەپ مۇدىرلىرى بولۇپ 20 - 30 ئادەم ئۇلار-

نىڭ ئۆيلىرىگە كىرىپ «مائارىپ قانۇنى»، «مەجبۇرىي مائارىپ قانۇنى» ۋە شەھەرلىك، يېزىلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ھۆججەت، بەلگىلىمىلىرىنى ئوقۇپ، چۈشەندۈرۈپ خىزمەت ئىشلەپ، ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنى پەرزەنتلىرىنى مەكتەپكە ئەۋەتىشكە قايىل قىلدۇق. دېمىسىمۇ ئۇلارنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىنى مەكتەپتىن چىقىرىۋېلىشىغا ھېچقانداق ئاساسى يوق ئىدى.

بىز شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئاۋات يېزىسىنىڭ مىنكۇنگەر كەنتىدىكى X كىشىنىڭ ئۆيىگە باردۇق. ئۇ ئۆيدە بىكار ئولتۇرغانىكەن. بىزنى كۆرۈپ خۇشياقمىغاندەك ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭغا كېلىش مۇددىئايىمىزنى ئېيتقىنىمىزدا، ئۇ بۇ يىل باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 3 - يىللىقىدا ئوقۇيدىغان ئون ياشلىق ئوغلىنى مەكتەپكە ئەۋەتمەيدىغانلىقىنى «جاكارلىدى». يېزىلىق ھۆكۈمەت باشلىقى يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ «توققۇز يىللىق مەجبۇرىي مائارىپنى يولغا قويۇش تەدبىرى»نى ئوقۇپ، پەرزەنتلىرىنى ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن مەكتەپتىن قالدۇرغانلارنىڭ بەش مو ئۈنۈملۈك يېرىنى ئېلىۋېلىش چارىسى قوللىنىلىدىغانلىقىنى ئېيتقىنىدا، ھېلىقى كىشى يېزا باشلىقىنىڭ سۆزىنى قېقىۋەتتى:

— ھېلىغۇ بەش مو يەر ئىكەن، يىگىرمە سەككىز مو يېرىمنىڭ ھەممىسىنى ئېلىۋېلىشسىلىمۇ ئوغلۇمنى مەكتەپكە بەرمەيمەن.

ئارىمىزدىن بىرەيلەن:

— ئۇنداقتا سۇنى بەرمەيمىز، — دېۋىدى.

— يەر بولمىغاندىكىن ماڭا سۇنىڭ نېمە كېرىكى، — دېدى ئۇ كىشى مەنسىتمىگەندەك قىلىپ.

يېزا باشلىقى يەنە:

— ئەگەر يەنە مۇشۇنداق تەتۈرلۈك قىلىپ بالىڭىزنى مەكتەپكە ئەۋەتمەيدىكەنسىز، توك سىملىرىڭىزنىمۇ كېسىۋېتىمىز — دېۋىدى، ئۇ بۇلارنى ئاللىقاچان بىلىپ بولغاندەك:

— زەھمەت ھەرقايسىلىرىغا، توك يوق چاغدىمۇ قارا چىراغنى ياندۇرۇپ ئولتۇرۇۋەرگەن خەق بىز. ئاتا - بوۋىلىرىمىزمۇ توك چىراغ ياندۇرماي ئۆتۈپتىكەنغۇ، — دەپ تەتۈر قارىۋالدى.

بۇ كىشىنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى بېخىللىق، نامراتلىق، قاراڭغۇلۇقنى كۆرۈپ قاتتىق ئېچىندۇق. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ئۇنىڭ قوتان ۋە تاغدا جەمئىي 150 دەك چوڭ - كىچىك چارۋىسى بولۇپ، بۇلارنى بالىسى باقمىسا بولماسمىش. بۇ ئائىلىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ كۆرگىنىمىزدە، پۈتۈن ئائىلىدە سەككىز جان ئادەم بولۇپ، مۇشۇ بالىسىدىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسىلا ئوقۇمىغان ياكى ئوقۇغان بولسىمۇ ساۋاتىنى چالا - بۇلا چىقىرىپلا بولدى قىلغانلار ئىكەن. پۇل بولسىلا ئوقۇمىسىمۇ بولارمىش. 150 تۇياق مالنىڭ گۆشىمۇ، يۇڭىمۇ، تېرىسىمۇ، ئۈچەي - قارنىمۇ، تېزەك، ماياقلىرىمۇ ئىشقىلىپ ھەممە نېمىسى پۇلمىش.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بىر ماتېرىيالدا كۆرگەن مۇنۇ مەزمۇنلار يادىمدىن كەچتى. «ياپونىيىلىكلەرنىڭ قارىشىچە، مائارىپ بىلەن ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ. ياپونىيە ئىگىلىكىنىڭ كەسكىن خەلقئارا رىقابەتتە ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتەلىشى، دەل ئۇنىڭ مائارىپىنىڭ ئومۇملىشىشى ۋە مائارىپ سۈپىتىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلىشىگە بېقىنغانلىقىدىن بولغان. ياپونىيە تەبىئىي بايلىق مەنبەسى كەمچىل دۆلەت. ئۇنىڭ مەلۇم دەرىجىدە كۈمۈش ۋە سىنك زاپىسى بولغاندىن باشقا نېفىت، تەبىئىي گاز، تۆمۈر رودىسى، مىس رودىسى ۋە ئاليومىن قاتارلىقلارنى ئاساسەن باشقا دۆلەتلەردىن ئىمپورت قىلىدۇ». ئامېرىكا خارۋارد داشۆسىنىڭ بىر پروفېسسورى: «ئەگەر ياپونىيە ئىگىلىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىنى ئۇنىڭ ئۆزىدىن چۈشەندۈرسەك، ئۇلارنىڭ بىلىمگە قەتئىي بوشاشماي كوللېكتىپ ئىنتىلگەنلىكىدىن بولغان» دېگەن دانا ھۆكۈمىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ھازىر ياپونىيىدە مەملىكەت بويىچە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇش يېشىدىكى ياشلار 98% گە يېتىپ دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

دۇنيادىكى مىللەتلەر ئىچىدە يەھۇدىيلارغا ئوخشاش قاتتىق ئازاب - ئوقۇبەت چېكىپ تۇرۇپ، يەنە ئۆزىنىڭ خاسلىقى ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى ساقلاپ قالغان مىللەت ئاز ئۇچرايدۇ. بۇنىڭ بىر سەۋەبى شۇكى، يەھۇدىيلارنىڭ ئېسىل مائارىپ ئەنئەنىسى بار. ئۇلار مائارىپ ئىشلىرىغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ دۆلىتى بولغان ئىسرائىلىيە ھەم قەدىمىي، ھەم ياش دۆلەت. ئۇنىڭ نوپۇسى كۆپ ئەمەس، لېكىن ئۇلار دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن، شەرق ۋە غەرب مەدەنىيىتى ئۈچ قىتئە تۇتاشقان بۇ جايدا مۇجەسسەملەشكەن. ئىسرائىلىيىدە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاددىي ئۆيلەردە قىسىلىپ

تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھەممىلا يەردە كۆرگىلى بولىـ
دۇ. لېكىن مەملىكەت بويىچە چوڭ ـ كىچىك
120 مۇزېي ۋە ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەر بولسا
كۆركەم، ئازادە، ئېسىل بىنالارغا جايلاشقان.
ئىسرائىلىيىلىكلەر دائىم «بىزنىڭ بايلىقىمىز
مېڭىمىزدا» دېيىشىدۇ. ھەر نۆۋەتلىك ئىسرائىـ
لىيە ھۆكۈمىتى «ئادەم ئىسرائىلىيىنىڭ ئەڭ
قىممەتلىك بايلىقى» دېگەن ئورتاق تونۇشنى تەكـ
رارلاپ تۇرىدۇ. «مائارىپ ئىسرائىلىيىنىڭ ئاـ
ساسلىق كەسپى، ئىختىساس ئىگىلىرى ئىسرائىـ
لىيىنىڭ ئاساسلىق بايلىقى». مانا بۇ —
ئۇلارنىڭ دۆلەتنى ئۇزاق مۇددەت راۋاجلاندۇرۇشـ
تىكى تۈپ ئىستراتېگىيىسى. شۇڭا ئۇلار مائارىپـ
قا تايىنىش، ئىختىساس ئىگىلىرىگە ئەھمىيەت
بېرىش ۋە ئۇنى يېتىشتۈرۈش، قىيىن شارائىتتا
ياشاش ۋە تەرەققىي قىلىش يولىنى تاللىغان.
1948 ـ يىلى ئىسرائىلىيە قۇرۇلغاندا ئەڭ ئاۋۋال
ئېلان قىلىنغان قانۇن «مەجبۇري مائارىپ قانۇـ
نى» بولۇپ، ھۆكۈمەت مەجبۇري مائارىپنى يولغا
قويۇشنى قانۇندا بىرىنچى قېتىم ئېنىق بەلگىلىـ
گەن. شۇ يىلى يەنە ئالتە يىللىق ھەقسىز مەجبۇـ
ري مائارىپنى يولغا قويغان. بىرنەچچە يىل تىرىـ
شىش ئارقىلىق ئىسرائىلىيە ھۆكۈمىتى 1954 ـ
يىلى مەجبۇري مائارىپنىڭ ۋاقتىنى ئالتە يىلدىن
توققۇز يىلغا ئۇزارتىشنى قارار قىلغان. 70 ـ
يىللاردا ئىسرائىلىيە ھۆكۈمىتى يەنە ھەقسىز
مەجبۇري مائارىپنىڭ ۋاقتىنى 9 يىلدىن 12 يىلغا
ئۇزارتقان. مەملىكەتتىكى ئالتە ياشتىن 12 ياشـ
قىچە بولغان بالىلار ھەممىسىنىڭ ھەقسىز مەجـ
بۇري مائارىپنى قوبۇل قىلىشىنى قارار قىلغان.
ھۆكۈمەت يەنە «ئوقۇش يېشىغا توشقان ھەر بىر
بالىنى بىر يۈرۈش كىتاب، پارتا ـ ئورۇندۇق،
بىر قۇر مەكتەپ كىيىمى ۋە چۈشلۈك تاماق بىلەن
تەمىنلەش» نى قارار قىلغان. دۆلەتنىڭ مالىيە
كۈچى جىددىي ئەھۋالدا كۆپ تەرەپلىمە مەبلەغ
توپلاپ، ئوندىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى بار بولغانلا
جايدا بىر مەكتەپ قۇرۇشنى قارار قىلغان. بۇـ
نىڭ بىلەن ئوقۇش يېشىغا توشقان ھەر بىر بالىـ
نىڭ ئوقۇشقا كىرىپ، مۇنتىزىم مەكتەپ تەربىيىـ
سىدىن بەھرىمەن بولۇشى ئىشەنچلىك كاپالەتكە
ئىگە قىلىنغان. . .

دۇنيا يېقىنقى زامان تارىخىدا يەھۇدىلار ئىـ
چىدىن بېتخوۋىن، ماركس، پىكاسسو، فروئۇد،
چاپلىن، ئېينشتېيىن. . . قاتارلىق بىر تۈركۈم
مەشھۇر زاتلار بارلىققا كەلدى. ئۇلار ئىنسانىيەتـ
نىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى
ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى. ئىسرائىلىـ
يە قۇرۇلغاندا پەقەت ئىككىلا ئالىي مەكتەپ بار
بولۇپ، ئاران 1600 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلاتتى.
ھازىر ئىسرائىلىيىدە 20 ئالىي مەكتەپ بار. ئۇـ
لاردا 120 مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ئوقۇيدۇ.
ئىسرائىلىيە ئالىي مائارىپ تەربىيىسى ئالغان
نوپۇس نىسبىتى بويىچە ھېسابلىغاندا دۇنيا بويىچە
ئەڭ يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ. ب د ت مائارىپ،
ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ 1993 ـ
يىلىدىكى سانلىق مەلۇماتىدىن قارىغاندا، دۇنيا
بويىچە ئالىي مائارىپ راۋاجلانغان ئامېرىكا قۇراـ
مىغا يەتكەن ياشلار ئىچىدە ئالىي مەكتەپكە كىرـ
گەنلەرنىڭ نىسبىتى %60 كە يەتكەن. لېكىن
ئىسرائىلىيىدە %75 كە يېتىدىكەن. ئىسرائىلىـ
يىلىكلەرنىڭ مائارىپنى ھەممىدىن مۇھىم ئورۇنـ
غا قويۇشى، پەن ـ مائارىپقا، ئەۋلادلارنى تەربىـ
يىلەشكە ئەھمىيەت بېرىشى ئىسرائىلىيىنى بارـ
غانسېرى قۇدرەت تاپقۇزۇپ، ئوتتۇرا شەرقتە،
جۈملىدىن پۈتۈن دۇنيادا سەل قارىغىلى بولمايدىـ
غان كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلاندۇرغان. . .

بىز بۇ ئائىلىدىن ئايرىلىپ كوچىلىرى بىر ـ بىـ
رىگە تولىمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان، ئاھالىسىنىڭ
80 پىرسەنتى سودا ـ سېتىق ئىشلىرى بىلەن
شۇغۇللىنىدىغان بوستان كەنتىنىڭ 2 ـ مەھەللىـ
سىگە يېتىپ كەلدۇق. بىز سەل نېرىدىكى ئۈجمە
دەرىخىنىڭ ئاستىدا ئويناۋاتقان بىر توپ بالىلارـ
نىڭ ئىچىدىن، مەكتىپىمىزنىڭ 4 ـ يىللىق «ب»
سىنىپىدا ئوقۇيدىغان ئېلىجان ئىسىملىك بىر ئوـ
قۇغۇچىنى چاقىرىپ قولىمىزدىكى تىزىملىكنى
كۆرسەتتۇق. ئۇ تىزىملىككە بىر قۇر قاراپ چىقـ
قاندىن كېيىن، بىز ئىزدەۋاتقان قىزنى تونۇيدىـ
غانلىقىنى ئېيتىپ بىزنى ئۇنىڭ ئۆيىگە باشلاپ
ماڭدى. دەرۋازىنى ئالاھەزەل بەش مىنۇتتەك قاقـ
قاندىن كېيىن ئون ياشلار چامىسىدىكى بىر قىز
دەرۋازىنى ئاچتى. بىز ئىزدىگەن قىز شۇ ئىدى.
ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنى مەكتەپكە تىزىملىـ
تىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى ئۇنىڭ قولىغا
تۇتقۇزۇپ، ئەتىدىن قالماي مەكتەپكە بېرىشنى
ئېيتىپ قايتتۇق ۋە شۇنچە سۈرۈشتۈرۈپمۇ تىزىمـ
لىكتىكى باشقا بالىلارنىڭ ئۆيىنى تاپالماي يېرىم
كۈنلۈك خىزمىتىمىزنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا مەجـ
بۇر بولدۇق.

چۈشتىن كېيىنمۇ خىزمىتىمىز تېخىمۇ جاـ
پالىق بولدى. سىم ـ سىم يامغۇر يېغىشقا باشلىـ

دى. بىز تىزىملىكتىكى باللارنىڭ ئۆيىنى ئىزدەپ مېڭىپ كۆنچى دەرياسى بويىدىكى مەھەللىگە چىقىپ قالدۇق. يولنىڭ ئىككى چېتى مەجنۇنتاللار بىلەن قاپلانغان بولۇپ، ئۆستەڭ بويىدا رەتلىك، پاكىز كىيىنگەن 5 ـ 6 ياشلار چامىسىدىكى ئۈچ خەنزۇ بالىنىڭ سۆھبىتى دىققىتىمنى تارتتى:

— ئۆستەڭنىڭ سۈيى بۈگۈن ئۆلغىيىپ قاپتىغۇ؟ — دېدى بىرى يېنىدىكى ئىككىسىگە.

— يامغۇر يېغىشتىن ئىلگىرى ھاۋا تۇتۇلىدۇ، قارلىغاچلار سۇ يۈزىنى بويلاپ پەس ئۇچىدۇ، دەريا ـ ئۆستەڭ سۇلىرى ئۆلغىيىدۇ، قۇشقاچلار توپىدا ئېغىنايدۇ، دەپ سىنىپ تەربىيىچىمىز ئېيتقانىغۇ، بۇنى ئۇنتۇپ قاپسەن ـ ھە؟ ! — دېدى ئىككىسى تەڭلا.

مەن ئەجەبلەندىم: بۇ يەردىكى خەنزۇلار بالىلىرىنىڭ يېشى توشا ـ توشمايلا مەكتەپكە بېرىشىدىكەنغۇ؟ ئەجىبا، بىز...

بىز ئۇلاردىن سەل نېرىراقتا ھۆل يەرگە كاسىسىنى چاپلاپ ئويناۋاتقان بىر توپ ئۇيغۇر بالىلىرىنى كۆرۈپ، شۇلاردىن سوراپ باقماقچى بولدۇق.

— نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟ — دەپ سورىدىم ئېڭىشىپ تۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى يېشى سەل چوڭراق بىرسىدىن. ئۇ بىزدىن خۇددى يات ئادەملەردىن ئۈركىگەندەك تۇرۇپ:

— يەتتە ياشقا، — دېدى ئارانلا ئاڭلانغۇدەك ئاۋازدا.

— ئىسمىڭىز نېمە؟

— پاتى.

بىز تىزىملىككە قارىدۇق، تىزىملىكتە «پاتى» ئىسىملىك قىز يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئەزان توۋلاپ قويغان ئىسمى پاتىگۈل، پاتىمە، پاتىخە ياكى پاتەم بولغىيمىدى. لېكىن تىزىملىكتە بۇنداق ئىسىملارنىڭ بىرەرسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

بىز تىزىملىكتىكى ئىسىملارنى يەنە بىرمۇ ـ بىر ئوقۇپ بەردۇق. ھېلىقى قىز:

— بىزنىڭ مەھەللىدە بۇنداق باللار يوق، — دەپ ھەمراھلىرىنى باشلاپ يۈگۈرگىنىچە چوڭ قوش قاناتلىق دەرۋازىلىق ھويلىغا كىرىپ دەرۋازىنى ئىچىدىن تاقىۋالدى.

ئۆستەڭ بويىدا ئويناۋاتقان خەنزۇ باللار بىلەن بۇ باللارنى سېلىشتۇردۇم. مەيلى كىيىنىش، گەپ ـ سۆز ياكى باشقا جەھەتلەردە بولسۇن، پەرق شۇنچە چوڭ. ئۇلارنىڭ بالىلىرى پاكىز، رەتلىك كىيىنگەن، گەپ ـ سۆزلىرى، پىكرى شۇنچىلىك ئەركىن ۋە تىرەن. بىزنىڭ بالىلىرىمىزچۇ؟ قاش ـ كۆز دېسە ھەممىسىنى بېسىپ چۈشكۈدەك، كىرپىكلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان بالىلىرىمىزنىڭ يۈز ـ كۆزلىرى مەينەت، بويۇن، قۇلاقلىرىنى كىر باسقان، كىيىم ـ كېچەكلىرى رەتسىز، چىرايىدىن توپا يېغىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئوقۇش يېشى ئېشىپ توپاقتەك بولۇپ كەتسىمۇ ئاتا ـ ئانىسى مەكتەپكە بېرىشمەيدۇ. ھەتتا بىراۋ ئىسمىنى سورىسىمۇ ئىككىلىنىش، تېڭىرقاش ئىلكىدە ئارانلا جاۋاب بېرىۋاتقان بالىلىرىمىزغا قاراپ ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى.

يامغۇرنىڭ شارقىراپ يېغىشى بۈگۈنكى خىزمىتىمىزنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى. ئۈستىبېشىمىز چىلىق ـ چىلىق ھۆل، قورساقلىرىمىز كوركىراپ قالغان بولۇپ، بۈگۈنكى خىزمەت بىزنى خېلىلا ھالسىرىتىپ قويغانىدى.

يولدا كېتىۋېتىپ خىزمەتدىشىم X بىلەن پاراڭلاشتىم.

— پەرزەنتلەرنىڭ مۇنداق چوڭ بولۇشىدا ئاتا ـ ئانا بولغۇچىلارنىڭمۇ مەسئۇلىيىتى ناھايىتى چوڭ، — دېدىم مەن.

— شۇنداق، — دەپ سۆزۈمنى قوۋۋەتلىدى X ۋە بېشىدىن ئۆتكەن مۇنۇ ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى:

— مەن ئۆتكەن يىلى يازلىق تەتىل مەزگىلىدە شەخسىي ئىشىم بىلەن ئۈرۈمچىگە بېرىپ، ئىككى ھەپتە تۇرۇپ قالدىم. ئىش بېجىرىشكە ئەپلىك بولسۇن ئۈچۈن، ياتاقنىمۇ ئۆزۈم بۇرۇن ياتقان ۋە ئىش بېجىرىدىغان ئورۇنغا يېقىن بولغان دۆڭكۆۋرۈك سودا بازىرىنىڭ ئارقىدىكى «تۇرپان مېھمانخانىسى» دىن ئالغانىدىم. مەن ياتقان ياتاقتا مەن كېلىشتىن ئىككى كۈن بۇرۇن سىڭلىسىنىڭ كېسىلىنى ئېنىقلىتىش ئۈچۈن بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىدىن كەلگەن بىر قازاق ئوقۇتقۇچى بولۇپ، پاراڭچى، چىقىشقاق ئايال ئىدى. ئۇ كۆرگەن ـ بىلگەن ئىشلىرىنى، قازاقلارنىڭ تۇرمۇشىنى، تارىخىي كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ مېنى زېرىكتۇرمەيتتى. 45 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان بۇ ئايال قارىغاندا خېلى بىلىملىك، كۆپىنى كۆرگەندەك قىلاتتى. بىر كۈنى كەچتە ياستۇقتا يۆلىنىپ كىتاب كۆرۈپ ئولتۇراتتىم، ئىشىك تاراقلاپ ئېچىلدى ـ دە، ھېلىقى ياتاقدىشىم ئۆڭ ـ سولى ئۆچكەن ھالدا ياتاققا كىرىپ كەلدى ۋە بىرسىنى

ئەيىبلەشكە باشلىدى. مەن ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇ بىرەرسى بىلەن سەن - يەن دېيىشىپ قالغان بولسا كېرەك.

— نېمە بولدىڭىز؟ بىرەرسى بىلەن خاپا بولۇشۇپ قالدىڭىزمۇ؟— دەپ سورىدىم مەن.

— ھەي، سىلەر قاچانغىچە مۇشۇنداق يۈرەرسىلەركىن - تاڭ؟! نېمىشقىمۇ ئۆزۈڭلەرگە، بىھۇدە ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كۈنلىرىڭلەرگە ئېچىنمايدىغانسىلەر،— دېدى ئۇ قايناپ،— «ئىتتىپاق» تىياتىرخانىسىنىڭ ئالدىغا بارسام ماۋۇ خەنزۇلار قەيەردە ئوبدان نەرسىلەر بولسا شۇنى — كاۋاپ دەمسەن، تاۋا كاۋاپ دەمسەن، ئىشقىلىپ ئوبدان نەرسىلەرنى بالا - چاقىلىرى بىلەن يېيىشىپ مەززە قىلىشىدىكەن. ئىچىدىغىنىمۇ ناھايىتى بىرەر - ئىككى بوتۇلكا پىۋا، كۇۋاس دېگەندەك ئىچىملىك. سىلەر ئۇيغۇرلارچۇ؟ قارىسا سۆلىتىنى تۆت ئاتمۇ تارتالمايدىكەن، كىيىم - كېچەكلىرىدىن، بېشىغا سانجىلغان ئاقلاردىن كىشى ئەيمەنگۇدەك ئېسىل سۈپەت ئادەملىرىڭلار قاتۇرۇپ دەزماللانغان بۇرۇلكىلارنىڭ ساغرىسىنى مەينەتداق يەرگە چاپلاپ، غۇژمەك بولۇپ ئولتۇرۇشۇپ، ئوتتۇرىغا بىر بوتۇلكا ئەرزان باھالىق ئاق ھاراقنى قويۇۋېلىشىدىكەن - دە، موخۇركىلىرىنى كۆچەپ تارتىشىپ، بەلغەم تۈكۈرۈشۈپ، ئېغىزغا ئالغۇسىز ئەپسانە تىللار بىلەن بىر - بىرىنى تىللاشقىنىچە ۋارقىرىشىپ مەززە قىلىشىپ كېتىدىكەن. زاكۇسكىسى قوللىرىدىكى ئاچچىق موخۇركا بىلەن بىر چىنە مەينەت زاسۇي. ھاراق ئېغىر كېلىشسە تېخى بىر - بىرسىنى ئىتتەك بوغۇشقىنى ئاز كەلگەندەك تاۋۇزچى ياكى زاسۇيچىنىڭ ئالدىدىكى قىڭراق - پىچاقلارنى ئېلىپ بىر - بىرىنى سۇر - توقاي قىلىشىدىكەن. ھەي، شۇنىمۇ تۇرمۇش دېگىلى بولامدۇ؟ ئادەم بولغاندىن كېيىن تۇزۇك ياشىسا بولمامدىغاندۇ؟! مۇشۇنداق ئاتىلاردىن تۆرەلگەن بالىلارنىڭ كېيىنكى تەقدىرى نېمە بولماقچى؟ ئۇلار ھاراق ئىچىپ جەڭگى - جېدەل بىلەن ئۆتكۈزۈشۋاتقان ۋاقتىنى بالىلىرىنىڭ ئۆگىنىشىگە كۆڭۈل بۆلۈشكە، ئۇلارنى تەربىيىلەشكە سەرپ قىلىشسا، بىر يېرى كەملەپ كېتەمدىغاندۇ؟!

مەن بۇرۇن قازاقلار ئارىسىدا بىزدىنمۇ نادان كىشىلەر كۆپ دەپ ئويلايتتىم. ئەمما، شۇ تاپتا بىر قازاق ئايالنىڭ ئېغىزىدىن چىقىۋاتقان ئۆتكۈر سۆزلەر مېنىڭ جان - جېنىمدىن ئۆتۈپ مېڭەمنى زىڭىلدىتىۋەتتى. مەن ئۆزۈمنى تولىمۇ ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندەك ھېس قىلدىم.

مەن ئۆتكەندە بىر ئاپتورنىڭ ئەدەبىي ئاخباراتىدىكى «دۆڭكۆۋرۈك — ئۇيغۇر پسىخىكىسىنىڭ مۇجەسسەملەشكەن جايىدۇر» دېگەن سۆزىنى كۆرۈپ ئۇنى تازا لايىق ھۆكۈم بوپتۇ دەپ ئويلىغانىدىم. راست، دېمىسىمۇ بۇ قازاق ئايالنىڭ قايىنغىنىنىڭ ئاساسىي بار ئىدى. ھېلىقى ساغرىسىنى سېمونت يەرگە يېقىپ، ئاچچىق ھاراق بىلەن ئۆز جانلىرىغا ئۆزلىرى ئېكەك سېلىشىۋاتقان نوچىلارنىڭ ئىچىدە زىيالىيلار، سودىگەرلەر، ئۇششاق ئېلىپ - ساتارلار، بىكار تەلەپ ئاقنادچىلار — ھەر خىل كىشىلەرنىڭ بارلىقىدىن گۇمانلانمايمەن.

ئۈرۈمچىدىلا ئەمەس، بىزنىڭ بۇ جايدىمۇ شۇنداقلاردىن قەدەمدە بىر ئۇچرىتىش مۇمكىن. بىزنىڭ بۇ يۇرتتىمۇ ئەنە شۇنداق «دۆڭكۆۋرۈك» لەردە «دۆڭكۆۋرۈكچىلەر» نى يوق دەپ قېنى كىم ئېيتالايدۇ؟

خەنزۇلارچۇ؟ ئۇلار قورۇلۇش ئورۇنلىرىدا، بىنەم تاقىر يەرلەردە، ئېتىز - ئېرىقلاردا جاپالىق ئىشلەۋاتقان، ھېچ بولمىسا ئەسكى - تۈسكىلەرنى ھارۋىلىرىغا بېسىپ، ھەركۈنى نەچچە ئون كويلاپ پۇل تېپىۋاتقان، تېخى شىنجاڭغا كەلگىنىگە ئىككى يىل بولمىغان بەزىلىرىنىڭ ئاستىدا «ياماخا» ماركىلىق موتسىكلىت. بىزنىڭ خەلقىمىزچۇ؟

ئەتىدىن - كەچكىچە تۆت كوچىنىڭ ئېغىزىغا توپلىشىۋېلىپ، پو دېگەننى زەي سالماي ئېتىشىپ، ياكى ئۆزى قىلالماي، باشقىلار قىلغاننى تېخى كۆرەلمەي، ئەسكى چاپاننىڭ ياقىسىغا تۇمشۇقىنى تىقىۋېلىپ ئولتۇرۇشقان، ھويلا تېمىنىڭ بىرەر يېرى ئۆرۈلۈپ كەتسە خەقتىن قەرز ئېلىپ بولسىمۇ، ئۇنى ئاشۇ خەقلەرگە ئەتتۇرىدۇكى، تۆت كەتمەن لاي ئېتىپ، خەققە بەرگەن پۇلنى ئۆزۈم خەجلەي دېمەيدۇ. مانا مۇشۇنداق ئاتىلاردىن تۆرەلگەن، مۇشۇنداق ئاتىلارنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولغان پەرزەنتلەر بوشاڭ، ئەقلى كۆتە، مۆڭ بولماي قانداق چوڭ بولماقچىدى؟

مەن بۇ ئەدەبىي خاتىرىنى يېزىۋاتقىنىمدا ماڭا قاتتىق تەسىر قىلغان مۇنداق بىر ئىش ئېسىمگە كېلىپ قالدى.

بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل ئىلگىرى چارباغ يېزىسىنىڭ سايباغ كەنتىدە چولپانخان ئىسىملىك بىر تۇل ئايالنىڭ ھويلىسىدا ئىككى ئېغىز ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرغانىدۇق. ھويلا دەرۋازىسىنىڭ سول تەرىپىدە ئىككى ئېغىزلىق قاراڭغۇ

ھەم زەي ئۆي بولۇپ، ئۇنىڭدا 45 ياشلار چامى-
سىدىكى خې فامىلىلىك بىر خەنزۇ ئولتۇراتتى.
ئۇنىڭ بىرى تۆت ياشقا، يەنە بىرى بەش ياشقا
كىرگەن قىزى بولۇپ، ئايالى ئىشلىمەي بالىلى-
رىنى باققاچ ئۆي ئىشلىرىنى قىلاتتى. ئۇلارنىڭ
تۇرمۇشى بەكمۇ نامرات بولۇپ، ئۆتكۈزۈۋاتقان
كۈنىگە قاراپ ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلاتتى. ئۆي
ئىچىگە قارايدىغان بولسىڭىز تۈزۈكرەك يوتقان،
كۆرپە ياكى تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى كۆرۈنمەيت-
تى. يەپ - ئىچىدىغانلىرىمۇ قوناق ئۇمىچى،
كەسمە چۆپ دېگەندەكلەر بولۇپ، قارىغاندا
گۆش، سەي - كۆكتات ئالىدىغانغا ئۇلارنىڭ قۇد-
رىتى يەتمەيدىغاندەك قىلاتتى. ئەر قاقپودا چىقىپ
كەتسە قاراڭغۇ چۈشكەندە پەيدا بولاتتى. ئۇنىڭ
قولىدىن تامچىلىق كېلىدىغان بولغاچقا قۇرۇلۇش
ئورۇنلىرىدا ئىشلەيتتى. بىز ئۇلارغا كۆڭۈل بۆ-
لۈپ، تېخى ئىشلەتمىگەن بىر پارچە تەگلىمات
كىگىزنى بىر كۈنى كەچتە خې ئۇستام ئىشتىن
ياندىغاندا ئۆيىگە ئەكىرىپ بەردۇق. ئۇلار ئەر -
خوتۇن ئىككىسى كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ
بىزگە قايتا - قايتا رەھمەت ئېيتتى. بىرەر يىل-
دىن كېيىن بىز مەكتەپ قورۇسىغا كۆچۈپ كې-
لىۋالدۇق. ئۇلار شۇنىڭدىن كېيىنمۇ بىزنى دا-
ئىم ئەسلەپ تۇردى. ھەر ھېيتتا بالا - چاقىسى
بىلەن تاتلىق - تۈرۈملەرنى ئېلىپ بىزنى يوقلاش-
نى ئېسىدىن چىقارمىدى. كېيىن ئۇنىڭ ئايالى
«كۆنچى سودا بازىرى» دا ئاشخانا ۋە سوغۇق ئى-
چىملىكلەر دۇكىنى ئاچتى. ئۇلار جاپالىق ئىش-
لەپ، پۇل تېپىپ ئاخىرى قۇرۇلۇش ھۆددىگىرى-
گە ئايلاندى. ھازىر ئۇلارنىڭ چارباغ يېزىسىنىڭ
قوشباغ كەنتىدە خىشتا سېلىنغان كەڭ ھەم ئازادە
قورۇ - جايى، ئاستىدا ئېسىل كىچىك ماشىنىسى
بار. ئۇلار يەنە ھەر يىلى بالا - چاقىلىرى بىلەن
يۇرتىغا بېرىپ تۇغقانلىرىنى يوقلاپ تۇرىدۇ.

بىر كۈنى مەن ئۇنىڭ بىلەن چېقىشىپ:

— خې ئۇستام، ئۆزىڭىز ھازىر چوڭ بايلار
قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ، خېلى كۆزگە كۆرۈنۈپ
قالدىڭىز. بالىلىرىڭىزنى ئەمدى ئوقۇتمايسىزغۇ
دەيمەن، — دېۋىدىم، ئۇ دەرھاللا:

— نېمە دەيدىغانسىز؟ ئوقۇمىغاننىڭ دەردى-
نى ئاپىسى بىلەن مەنلا تارتىپ ئۆتۈپ كېتەيلى،
پۇل تاپتۇق دېگەنبىلەن شۇ پۇلنىمۇ مىڭ ئۆلۈپ،
مىڭ تىرىلىپ يامان تەستە تاپتۇق دەڭا، ئوقۇمى-
غان ئادەم پۇلنىڭ قۇلى بولۇپ ياشايدىغان گەپ-
كەن. ئۆمرۈم يار بەرسە، بالىلىرىمنى چەت ئەل-
دىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇتىمەن. ئۇلار باشقا
ئەللەرنىڭ پەن - تېخنىكىسىنى ئىگەللەپ، دۆلى-
تىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇرسۇن. بالىلارنى
مۇشۇنداق ئارزۇ بىلەن تەربىيىلىگەندىلا ئاندىن
ئاتا - ئانىلىق بۇرچىمىز ئادا بولغان بولىدۇ، —
دېدى.

ياڭ زىگۈڭ دەيدىغان يەنە بىر تونۇشۇم بولى-
دىغان، ئۇمۇ تۆت بالا، ئەر - ئايال جەمئىي ئالتە
جان ئادەم بولۇپ، ئائىلە بويىچە ياڭ زىگۈڭلا
گۇڭشېنىڭ ئۇن زاۋۇتىدا ۋاقىتلىق ئىشچى بولۇپ
ئىشلەيتتى. بىلىشىمچە ئۇنىڭ ئايلىق ئىش ھەققى
ئارانلا يىگىرمە سەككىز يۈەن ئىدى، تۇرمۇشى
ناھايىتى غۇربەتچىلىكتە ئۆتەتتى. كېيىنكى ۋا-
قىتلاردا ئۇ كورلا شەھىرىنىڭ «گۇڭنۇڭبىڭ
مېھمانخانىسى» نىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى بىر
بوش ئورۇنغا ياغ زاۋۇتى قۇرۇپ، ناھايىتى تېزلا
ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشىلىنىپ تۆتىنىڭ بىرى
بولۇپ قالدى. بالىلىرىنى ئوقۇتۇپ ھەممىسىنىلا
ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى. ئۇنىڭ ئىسمى ھازىر
«ياڭ زىگۈڭ» ، «ياڭ ئۇستام» ئەمەس، بەلكى
ياڭ لاۋبەن، ياڭ چاڭجاڭ!

يېقىندا مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر يىغىندا بىرگە
بولۇپ قېلىپ ئۇنىڭدىن سورىدىم:

— ياڭ چاڭجاڭ، سىز زاۋۇت قۇرغان كونا
ئورۇنغا يېڭىدىن بىر بىنا چۈشۈپتۇ دەپ ئاڭلىدى-
مەن، ئۇنداقتا زاۋۇتنىڭ ئورنىنى باشقا بىرەر
يەرگە يۆتكىگەن ئوخشىمامسىز؟

— شۇنداق، — دېدى ئۇ، — ئۇ جايغا يېڭى-
دىن بىر بىنا سېلىندى. زاۋۇتنىڭ ئۈسكۈنىلىرى-
نى سېتىۋەتتىم. ئۆزۈم ئارام ئېلىۋاتىمەن.

— ئارام ئېلىش ئۈچۈنمۇ پۇل بولمىسا بول-
ماس، يېتىپ يەۋەرسە تاغمۇ توشۇمايدۇ دېگەن
گەپ بار ئەمەسمۇ.

مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىغان ياڭ ئۇستام كۈ-
لۈپ كەتتى - دە، ئالدىرىماي سۆزىنى داۋاملاش-
تۇردى:

— توغرا ئېيتتىڭىز، يېتىپ يېسە تاغمۇ
توشۇمايدىغانلىقى راست، لېكىن مېنىڭ بۇ تېغىم
ئاسان تۈگەپ كەتمەسمىكىن دەيمەن. بىرنەچچە
يىل جاپالىق ئىشلەپ بىرنەچچە ئون تۈمەن پۇل
تېپىپتىمەن. ھەر ئايدا شۇنىڭ ئۆسۈمىنى ئېلىپ
خەجلىسەممۇ ئەر - خوتۇن ئىككىمىزنىڭ تۇرمۇ-
شىغا يېتىپ ئاشىدۇ. مەندە ھازىر نېمە غەم بار
دەيسىز؟ ئۈچ يېرىم تۈمەنگە تاۋار ئۆي سېتىۋال-
دىم. بالىلىرىمنىڭ ھەممىسى ئوقۇپ ئىشقا ئو-

رۇنلاشتى. ئىشىنغان پۇللىرىمدىن مائارىپقىمۇ ياردەم قىلىپ تۇرۇۋاتىمەن. كونىلار قولدەك ئىشلەپ بەگدەك ياشا دەيدۇ ئەمەسمۇ.

كۆرۈڭ، ئۇلارنىڭ ئەقلىنى، ياشاش لوگىكىسىنى، مائارىپ ئېڭىنى.

مەن ئۆزىمىزنى ئەيىبلەپ، باشقا مىللەت كىشىلىرىنى ئاساسسىز ماختاۋاتقىنىم يوق. ھەرقانداق ئىشنىڭ ماھىيىتىنى ئىچكىرىلەپ بىلىش ئۈچۈن كۆزىتىش، تەكشۈرۈش، تەھلىل قىلىش كېرەك.

ئۇلار كۈچلۈك ئىرادە، چىدام، غەيرەت بىلەن ئىشلەپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. باي بولدى. تاپقان پۇلىنىڭ مېغىزىنى چاقتى! بېيىغاندا پەرزەنتلىرىگە بىلىم بېرىپ كۆكتە پەرۋاز قىلدۇرغان مائارىپنى ئۇنتۇپ قالمىدى.

ئۆتكەن يىلى يازدا خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن شەھىرىمىزنىڭ جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان پوخەي چارۋىچىلىق فېرمىسىغا بېرىپ قالدىم. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە بولۇق ئۆسكەن كېۋەزلىك بولۇپ، ئۇنىڭ چېكى كۆرۈنمەيتتى. ئىشلەۋاتقانلارنىڭ ھەممىسىلا خەنزۇلار، ئىشخانىغا كىرگەندىن كېيىن مەن فېرما باشلىقى قۇربان تەۋەككۇلدىن سورىدىم:

— ئېتىزدا ئۇيغۇردىن بىرەرسىمۇ كۆرۈنمەيدىغۇ؟

سوئالىمنى ئاڭلاپ بۇ پېشقەدەم رەھبەر ئاچچىق كۈلۈپ قويدى - دە، قولىدىكى تاماكىسىنى كۈچلۈك بىرنەچچىنى شوراپ مۇنداق دېدى:

— سىلەر كۆرگەن بۇ كېۋەزلىكنىڭ تولىسى بىز خەقنىڭ. ئۇلار قولىدىكى يەرلىرىنى ئاشۇ خەنزۇلارغا 5 - 10 يىللىق بېرىۋېتىپ ئۇنىڭ پۇلىغا موتسىكلىتتىن بىرنى ئالىدۇ - دە، ئۇنىڭ قوڭىدىن ئىس چىقىرىپ كوچىمۇ - كوچا، مەھەللىمۇ - مەھەللە چاپىدۇ. ئاشقان پۇللىرىغا بولۇشىغا ھاراق ئىچىپ، ئاشخانىدا تاماق يەپ دېگەندەك بىھۇدە بۇزۇپ چاچىدۇ. شۇنداق قىلىپ بىر يىلغا بارمايلا پۇل - پۇچەكلىرىنى تۈگىتىشىپ، ھەتتا ئاستىدىكى موتسىكلىتلىرىنىمۇ سېتىپ خەجلەپ بولغاندىن كېيىن، ناسىۋال قاپاققا نان بارمۇ دەپ، ئەسكى تامنىڭ تۈۋىدە تۆشىنى ئاپتاپقا قاقلاپ ئولتۇرۇشىدۇ ۋە ئاخىرى ئۇمۇ بولماي ئۆزىنىڭ يېرىگە ئۆزلىرى مەدىكار بولۇپ ئىشلەشكە مەجبۇر بولۇشىدۇ. بۇنداق سۇئالەت قاپاق نوچىلاردىن فېرمىمىزدا ماڭدامدا بىرنى تېپىش مۇمكىن.

— بۇنداقلارغا يەرنى ئۆزلىرى تېرىش ھەققىدە تەربىيە ئىشلىسەڭلار بولمامدۇ؟

— قىزىق گەپ قىلىدىكەنلا، تەربىيە دېگەنمىچۇ قۇلىقى يۇمشاق، مەسىلىگە ئاڭلىق قارايدىغان ئادەملەرگىلا سىڭىدىغان نەرسە ئىكەن. ئۇلارغا قىلمىغان گەپ، سۆزلىمىگەن سىياسەت قالمىدى. ئامال قانچە، ئۇلارنىڭ بولار يېرى شۇ تۇرسا.

— مېنىڭچە يەرلىرىنى سېتىپ، ئۇنىڭ پۇلىنى بىھۇدە بۇزۇپ، چېچىپ ئىسراپ قىلىۋاتقانلارنىڭ كۆپىنچىسى يەنىلا شۇ ساۋاتسىزلارغۇ دەيمەن.

— شۇنداق، ھەممىسى ساۋاتسىز ياكى چالا ساۋاتلار. ئۇلار تېخى ئۆزلىرى ئوقۇمىغاننى ئاز دەپ باللىرىنىمۇ ئوقۇتمايدۇ. ئۇلارنى ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىغا سالامدىكىن دېسە ئۇنداق ئەمەس. كىچىكلىرى توپىغا مىلىنىپ بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئويناۋاتقان. چوڭلىرى بىليارت تاختىسىنىڭ قېشىدىن نېرى كەتمىگەن. باشقىلار ئىككى قولىغا، ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە تايىنىپ بېيىپ كېتىۋاتقان. بىز ئۆزىمىزنىڭ قولىدىكىنىمۇ ئەپلەپ بىر ئىش قىلالماي، باشقىلار قىلسا كۆرەلمەي ئىچىمىزگە تىنىپ يۈرۈۋاتقان... ئۇ سۆزلىگەنسېرى پىغانى ئۆرلەپ، چىرايى ئاچچىق تۈس ئالدى.

راست ئەمەسمۇ، تاۋارنىڭ گېزىدەك يەرلەرنى ئۆزلىرى تېرىماي باشقىلارغا بېرىۋېتىپ، ئۇنىڭ پۇلىغا بىردەملىك خۇشلۇقنى دەپ، ئۆزىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىگە ماس كەلمەيدىغان نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ، ئاخىرىدا ئۇمۇ يوق، بۇمۇ يوق قاق سەنەم بولۇپ قېلىشقىنىنى ئۆزىنىڭ بولۇمسىزلىقى، نادانلىقىدىن كۆرمەي، تەقدىردىن، شارائىتتىن كۆرۈۋاتسا بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟

ئۆتكەن بىر يىلى يازدا، بۇغدايلار راسا پىشىپ ئورما باشلىنىپ كەتكەن چاغ ئىدى. مەن X يېزىسىغا چىقىپ بىر خىزمەتدىشىم بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ سورىدىم:

— سېنىڭ خىزمىتىڭ شەھەردە تۇرسا، بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسەن؟

— نېمە ئىش قىلاتتۇق، ئۆيمۇ - ئۆي كىرىپ دېھقانلارنى ئورمىغا ھەيدەپ يۈرىمىز شۇ.

مەن تېخىمۇ ھەيران بولدۇم - دە، ئۇنىڭدىن يەنە سورىدىم:

— ئۆزلىرى تېرىغان بۇغدايلارنى سىلەر

ھەيدىمىسەڭلارمۇ ئۆزلىرى ئورۇيدىغاندۇ؟

خىزمەتدىشىم گېپىمنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى:

— جېنىم ئاداش، ئۇلار ئۆزلىرى شۇ ئىشنى ئاڭلىق قىلىدىغان بولسا بىزنىڭ بۇ يەرگە چىقىشىمىزنىڭ نېمە ھاجىتى بار دەيسەن، — دېدى مېنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرۇپ، — ئوبلاستلىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى «سۇن ۋۇكۇڭ» دېگەن بىر نېمىنى باشلىۋېدى، ئېتىزدا بۇغدىيىمىز پىشىپ تۆكۈلۈپ كېتىۋاتىدۇ دېيىشمەي، بۇ خەقنىڭ ھەممىسى بالا - چاقىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، ئۆيلىرىدە سۇن ۋۇكۇڭغا مەستانە بولۇپ ئولتۇرۇشىدۇ. ئۆزلىرى ئىشلىمىگەننى ئاز دەپ، بالا - چاقىلىرىنىمۇ ئېتىزغا چىقىرىشمايۋاتىدۇ تېخى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ھەيران قالدىم.

توۋا، ئالتە ئاي ئىشلەپ، ئۇنىڭ ھوسۇلىنى يىغىۋالىدىغان چاغدا تېلېۋىزورغا چاپلىشىپ ئولتۇرغىنىنى بۇ خەقنىڭ. دېھقان دېگەن يەر بىلەن كۆكلەيدىغان، يەردىن چىققان ئاشلىققا تايىنىپ جان باقىدىغان خەق تۇرسا. بۇغدايلىرى شامالنىڭ قارىسىنى كۆرە - كۆرمەستىنلا شالدىرلاپ يەرگە قېقىلىپ چۈشىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ نېمىشقا بىپەرۋا يۈرۈيدىغاندۇ؟! بۇلار ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ «كۈندىن قالدىڭ، يىلدىن قالدىڭ» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزلىرىنى بىلىشمەمدىكىنە. سۇن ۋۇكۇڭ سېھىرلىك كالتىكىنى بىرلا شىلتىپ ئاسماندىن بۇغداي ياغدۇرۇپ بېرىدۇ دەپ ئويلامدۇ - يا. ھەي ھاماقەتلىك، ھەي بوشاڭلىق.

ئىنسانىيەت جەمئىيىتى 21 - ئەسىرگە قەدەم قويۇش ھارپىسىدىكى ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كېلىۋاتقان ھازىرقى ئۇچۇر - ئېلېكترون دەۋرىدە ھېچنېمىدىن خەۋىرى يوق، ھەممىگە بىپەرۋا قارايدىغان بۇ خەق، ئەتراپىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە، باشقا زامانداش قېرىنداش مىللەتلەرگە قاراپ ئويالمامدىغاندۇ؟! نېمىشقا ۋۇجۇدىدا سىلكىنىش ھاسىل بولمايدىغاندۇ؟!

ئەتىسى خىزمەتدىشىم X بىلەن يەنە ئوقۇش يېشىدىكى باللارنى تىزىملاش ئۈچۈن «بوستان» كەنتىنىڭ ئىككىنچى مەھەللىسىگە ماڭدۇق. مەھەللىگە بىز كېلىشتىن بۇرۇن بىزنىڭ خەۋىرىمىز كېلىپ بولغانمۇ قانداق، بىز قايسى ئۆينىڭ ئىشىكىنى قاقساق ھويلا ئىچىدىن خۇددى كېلىشىۋالغاندەكلا «بۇ يەردە ئوقۇيدىغان بالا يوق» دېگەن سوغۇق، بىزارلىق ئاۋازلارنى ئاڭلىدۇق. بۇ كۆڭۈلسىز مەنزىرىلەردىن ئەتىگەندىلا كۆڭلۈم چۈشۈپ يەۋالغاندەك غەش بولۇپ قالدى ۋە ئىلگىرى دادام سۆزلەپ بەرگەن مۇنداق بىر ۋەقە خىيالىمدىن كەچتى:

يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىر ئوقۇتقۇچىسى چۈشكىچە دەرسلىرىنى ئۆتۈپ بولۇپ، يىراق بىر كەنتكە ئۆز سىنىپى ۋە يەنە بىر سىنىپتىكى مەكتەپكە كەلمىگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئەكىلىش ئۈچۈن بېرىپتۇ. بەزى ئاتا - ئانىلارنى باللىرىنى مەكتەپكە ئەۋەتىش ھەققىدە ماقۇل كەلتۈرگىچە كەچ بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ چاغلاردا ۋېلىسىپىت دېگەن ناھايىتى قىس بولغانلىقى ئۈستىگە، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققىمۇ تۆۋەن بولغاچقا ۋېلىسىپىت ئېلىشقا چامىسى يەتمەيدىكەن. ھېلىقى ئوقۇتقۇچى ئاچ قورساق، ئاران مېڭىپ كېلىۋاتسا كەينى تەرەپتىن بىر يارىيار ھارۋا يېتىپ كەپتۇدەك. مۇئەللىم دېھقانغا ئۆزىنى ھارۋىغا سېلىۋېلىشنى ئېيتىپتۇ. دېھقان ماقۇل بوپتۇ. بىرەر - ئىككى يۈز مېتىرچە ماڭغاندىن كېيىن ھېلىقى دېھقان ئۆز ھەمراھىغا قاراپ:

— كادىر بالام، ئۆزلىرى نەدە ئىشلەيدىكىن، — دەپ سوراپتۇ. مۇئەللىم دېھقانغا كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ھە، مېنى دەملا، مەن مۇشۇ گۆڭشىنىڭ ئوتتۇرا مەكتىپىدە بالا ئوقۇتىمەن، — دېيىشىگىلا، دېھقاننىڭ چىرايى ئۆڭۈپتۇ - دە:

— بۇ گەپچە سىلى ئەپەندى ئىكەنلىدە، — دەپ مۇئەللىمنىڭ كۆزىگە سوغۇق نەزەر بىلەن قادىلىپتۇ. مۇئەللىم:

— شۇنداق، مەن ئەپەندى، بالا ئوقۇتىمەن، — دېيىشىگىلا دېھقان چىرايىنى ئۆزگەرتىپ:

— ھە، ئەپەندى كۈلتۈك، چۈشە ھارۋامدىن، — دەپ ھېلىقى مۇئەللىمنى ھارۋىسىدىن چۈشۈرۈۋېتىپتۇ.

قاراڭ، بۇ دېھقاننىڭ مائارىپ ئېڭىغا. ئۇلار نېمە ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىلارنى شۇنچىلىك ئۆچ كۆرىدۇ؟ بۇنىڭ داۋلىسى ئاددىي. ئەينى يىللاردىكى چېكىدىن ئاشقان ئىنتايىن سول لۇشيەن ھۆكۈم سۈرگەن، ھەممە كىشى داش قازاننىڭ ئۇمىچىغا تەلمۈرۈپ تۇرغان ئاشۇ غۇربەتچىلىك كۈنلەردە، قاۋۇل ئەمگەك كۈچلىرىمۇ كۈندۈزنى كېچىگە ئۇلاپ ئىشلىسىمۇ يەنىلا تۆت سەر ئۇماچنىڭ پۇلىغا تۇشلۇق ھەققە ئېگە بولالمايتتى. ئۆزىنى ۋە بالا - چاقىلىرىنى بېقىشقا ئامالسىز قالغان بىچارە دېھقانلار ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىنى مەكتەپكە يىغىۋېلىشىدىن قورقاتتى. ئېتىز بېشىغا

قارىسىڭىز چوڭ - كىچىك ھەممەيلەننىڭ ئۆشنىسىدە تاغار، بىردەم بىكار تۇرىدىغان ئىش يوق. بۇنداق ئەھۋالدا ئاتا - ئانىلار ئۆز بالىلىرىنى كىچىك بولسىمۇ ئىشلەپ، قورسىقىنىڭ يېرىمىنى باقسىمۇ يۈكىمىز ئاز - تولا يەڭگىللەيدۇ دەپ قارايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە «جىگدە شېخى بادىر بولماس، دېھقان بالىسى كادىر» دېگەن ئىدىيە دېھقانلارنىڭ ئېڭىغا سىڭىپ كەتكەنلىكتىن، پەرزەنتلىرىنى مەكتەپكە بېرىشتىن قاچاتتى. ئىشىكى ئالدىغا كەلگەن ئوقۇتقۇچىلارنىمۇ يامان كۆرەتتى.

لېكىن ھازىرچۇ؟

زامان ئوڭشىلىپ، ئىقتىساد، پەن - مەدەنىيەت، مائارىپ قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلەردە يېڭىلىنىش، ئالمىشىش ۋە رىقابەت بارغانسېرى تېزلىشىۋاتقان شارائىتتا يەنىلا بەزى كىشىلىرىمىزنىڭ «ھەممىدە پۇلغا قاراش» ئېڭى ھەيران قالارلىق دەرىجىدە كۈچىيىپ، زىيالىيلارنى، بولۇپمۇ جەمئىيەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان ئوقۇتقۇچىلارنى كەمسىتىدىغان، ئۇلارغا سوغۇق مۇئامىلە قىلىدىغان ئەھۋاللارنى پات - پات ئۇچرىتىش مۇمكىن. تۆۋەندىكىلەر بۇنىڭ بىر مىسالى:

دەم ئېلىش كۈنى ئىدى، ئەتىگەندىلا ئۆينىڭ پارچە - پۇرات ئىشلىرىنى تۈگىتىپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىللىقىدا ئوقۇيدىغان بىر جۈپ سىڭلىمنى يېتىلىگىنىمچە، بازارنىڭ بالىلار كىيىم - كېچەكلىرىنى ساتىدىغان يېرىگە كەلدىم. نەچچە كۈندىن كېيىن يېتىپ كېلىدىغان بالىلار بايرىمىغا ئاتاپ سىڭىللىرىمغا بىر جۈپ كۆڭلەك ئېلىپ بېرىش ئارزۇيۇم ۋە ۋەدەم بويىچە مال كۆرۈشكە باشلىدىم. ئىككى سىڭلىم تەڭلا تېگى ئاق، گۈلى قىزىل، يېشىل يوپۇرماق نۇسخىسى چۈشۈرۈلگەن رەختتىن تىكىلگەن كۆڭلەكلەرگە قول ئۇزىتىپ:

— ھەدە، مۇشۇنى ئالايلىلا، بەك چىرايلىق كۆڭلەك ئىكەن، — دەپ چۇرقىراشتى.

بۇنى كۆرگەن سودىگەر يىگىت سىڭىللىرىم كۆرسەتكەن كۆڭلەكلەرنى ئىلغۇدىن ئېلىپ:

— بۇ قىزلار كىچىك بولغىنى بىلەن كۆزى مال تونۇيدىكەن، بۇ ئۆزى گۇاڭجۇنىڭ بەك مېلى. باھاسىمۇ مۇۋاپىق، ناۋادا ئالغۇلىرى بولسا كېلىشىپ قالىمىز. قېنى كۆرۈپ بېقىشسىلا، — دېدى ماڭا قاراپ كۆزلىرىنى ئويىنىتىپ.

مەن كۆڭلەكنى بىر قۇر ئۆرۈپ - چۆرۈپ سىڭىللىرىمنىڭ بويىغا ئۆلچەپ كۆرگەندىن كېيىن سودىگەر يىگىتتىن سورىدىم:

— قانچە پۇلغا بېرەلا؟

— ئەرزان، سەكسەن بەش كوي.

مەن ئۇنىڭ بۇ كۆڭلەكلەرگە يۇقىرى باھا قويۇۋاتقانلىقىغا قاراپ ئازراق ئاچچىقىم كېلىپ بىرنەرسە دەي دېدىم - يۇ، ئۆزۈمنى بېسىۋالدىم.

— ئوتتۇز بەش كوي بېرەي.

— نېمە، ئوتتۇز بەش كوي، — سودىگەر يىگىتنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى - دە، ئاچچىقىدا كۆڭلەكنى قولۇمدىن يۇلۇپ ئېلىپ نېرىغا تاشلاپ قويۇۋېتىپ سورىدى:

— سىلە مۇئەللىم ئوخشىمامىلا؟

ئۇ «مۇئەللىم» دېگەن سۆزنى سوزۇپ بىر خىل مەسخىرە تەلەپپۇزىدا ئېيتقان بولسىمۇ، مەن بۇنىڭغا پەرۋا قىلمىغاندەك ئۇنىڭ مېنىڭ كەسپىمنى قانداقلارچە بىلىۋالغانلىقىنىڭ سىرىنى چەشنەمەكچى بولۇپ سورىدىم:

— تاپتىلا، مەن مۇئەللىم. شەھەرلىك 8 - ئوتتۇرا مەكتەپتە بالا ئوقۇتىمەن. مېنىڭ مۇئەللىم ئىكەنلىكىمنى قانداق بىلىۋالدىلا؟

— ئوكاي، مۇشۇ ئەپەندى، مۇئەللىم دېگەنلەرچۇ بىر موچەننىڭ تۆشۈكىدىن نەچچە مىڭ قېتىم ئۆتىدىغان خەق. ئەللىك سانتا لاتا ئالسىمۇ باھا تالىشىپ ئادەمنى ئاۋارە قىلىشىدۇ، ئاڭلىشىمچە ئۇلارنىڭمۇ مائاشى خېلى ئۆسۈپتۇمىش، لېكىنزە يەنىلا چۈپەيلىكتىن قالمايدۇ. بولدى، بۇ كۆڭلەكنى ئالالمىغۇدەكلا، باشقا دۇكانلارنىمۇ كۆرۈپ بېقىشسىلا.

ئۇ سۆزلەۋېتىپ ئالدىدىكى كىيىم - كېچەكلەرنىڭ ئۇ يەر، بۇ يەرلىرىنى تۈزەشتۈرۈشكە باشلىدى.

ئاچچىقىم كەلسىمۇ دىمىمنى ئىچىمگە يۇتۇشقا مەجبۇر بولدۇم. كۆڭلۈم غەش ھالدا ئۆيگە يېنىپ كېلىشنى ئويلىدىم - يۇ، ئاپامنىڭ «ئازراق گۆش ئالغاچ كېلەرسىز» دېگەن بۇيرۇقىنى ئېسىمگە كېلىپ، گۆش بازىرىغا قاراپ يول ئالدىم.

گۆش كانارلىرىنىڭ ئالدىدا ئادەم ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. سېمىز، شاپ بۇرۇت، يۈزى ياغلىشاڭغۇ، قىرىق بەش ياشلار چامىسىدىكى قاسساپقا ئون كوي پۇلنى تەڭلىدىم ۋە بىر جىڭ گۆش بېرىشنى ئېيتتىم.

قاسساپ پۇلنى قولۇمدىن ئېرىنچەكلىك بى-

لەن ئالدى ـ دە، سوراپ قالدى:

— ئۆزلىرى مۇئەللىم ئوخشىمامدۇ؟

— شۇنداق، مەن مۇئەللىم، بالا ئوقۇتى-
مەن، قانداق دەيلا؟

— دەيمىنا ئەمدى. مۇشۇ مۇئەللىم خەقتىن
باشقىسى بۇنداق چۈپەي ئوقەت قىلمايدۇ. بۇلار
كېلىدۇ، ئالىدىغىنى يېرىم جىڭ، جىقراق بولسا
بىر كىلو گۆش، ئادەمنى ئاۋارە قىلىپ.

ئۇ شۇنداق دەۋېتىپ يېرىمى ئۇستىخان، يې-
رىمى ماي، يەنە تېخى بۆرەك ۋە جىگەر قېتىلغان
ئارىلاشما گۆش بىلەن ئاشقان پۇلنى قولۇمغا چاڭ-
گاللىتىپ قويدى.

ئاچچىق مىڭەمگە تەپتى. ۋۇجۇدۇم غەزەپتىن
ياپراقتەك تىترەشكە باشلىدى. ئۆزۈمنى ئاران ـ
ئاران تۇتۇۋېلىپ بىر جۈپ كۆزۈمنى ئۇنىڭ ياپما
قاپاق ئاستىدىكى خۇددى ئالدىدىكى گۆشنىڭ قې-
نىدەك قىزىرىپ كەتكەن قىيسىق كۆزلىرىگە بى-
گىز دەك قادىدىم ـ دە:

— شۇنداق، مەن مۇئەللىم. سىزدەك ئالدى ـ
كەينىدىن ئون مىڭ ۋاتلىق لامپۇچكىنى تىقىپ
ياندۇرۇپ، دۈمبىسىگە ئوتتۇز يەردىن قوزۇق
قېقىپ ئۇنى تارتىۋېلىپ كۆن نۇرىغا قاقلىسىمۇ
ئىچىگە يورۇق چۈشمەي، يەنىلا قاپقاراڭغۇ تۇرى-
دىغان قەلبى ئەمالارنىڭ قەلبىنى ئىلىم ـ مەرى-
پەت نۇرى بىلەن يورۇتقۇچىمەن. قانداق؟ —
دېدىم.

قاسساپنىڭ كۆزلىرى بىر نۇقتىدا توختاپ،
قولىدىكى پىچاق يەرگە «تاراڭڭىدە» چۈشۈپ كەت-
تى. يەمىمچە قاسساپ ۋە ئەتراپتىكىلەر مېنىڭ
بۇنداق دېيىشىمنى كۈتمىگەن بولسا كېرەك. تە-
رەپ ـ تەرەپتىن سىرلىق پىچىرلاشلار، ئېغىر
ئۇھسىنىشلار، مەسخىرىلىك كۈلكىلەر ئاڭلى-
نىشقا باشلىدى.

مەن پەرۋاسىز هالدا سىڭىللىرىمنى يېتىلى-
گىنىمچە توپتىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ ئۇدۇل ئۆي-
گە يېنىپ كەلدىم ۋە كارىۋاتقا ئۆزۈمنى تاشلاپ
چوڭقۇر ئويغا پاتتىم.

ئۇلار نېمە ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىلارغا شۇنچە
سوغۇق، شۇنچە توڭ مۇئامىلە قىلىشىدۇ؟...
ئۆز كۈنىگە، روزىغارىغا شۈكرى ـ قانائەت قى-
لىش، پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆزلىرىدىن ياخشىراق
كۈن كەچۈرۈشىنى ئىزدىمەسلىك، ئويلىماسلىق،
بولۇپمۇ دېھقانلارنىڭ ناتۇرال ئىگىلىك ئىدىيىسى-
نىڭ يېڭىلانماسلىقى ئۇلارنى ئاشۇنداق بىغەم،
قاششاق، مائارىپ ۋە تەربىيىلەشكە سەل قارايدى-
غان،ھەتتا ئۇنىڭغا يات كۆزدە قارايدىغان قىلىپ
قويغان.

مەكتەپ مەمۇرىيىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى
بويىچە 1997 ـ يىلى 20 ـ مارت كۈنى چۈشتىن
كېيىن پۈتۈن مەكتەپ بويىچە ھەرقايسى سىنىپ-
لاردا ئاتا ـ ئانىلار سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى.
مەن بۇ يىغىندا كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان ئايرىم ئەھ-
ۋاللارغا قاراپ، بەزى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتلى-
رىنى تەربىيىلەش يولىدىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇ-
سىنىڭ ناھايىتى كەملىكىنى ھېس قىلدىم. كۆڭ-
لۈمنى بىر خىل ھەسرەت، تەئەججۈپ ۋە ئېچى-
نىش ئىگىلىۋالدى. ھەتتا خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە
نېمە ئۈچۈن؟ بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ دېگەن بىر
خىل قىيىن سوئال ئىچىدە ياشىدىم.

مەن 5 ـ يىللىق «ب» سىنىپنىڭ قوشۇمچە
سىنىپ مەسئۇلى بولغاچقا ئۇ كۈنى شۇ سىنىپنىڭ
ئاتا ـ ئانىلار بىلەن بولغان سۆھبەت يىغىنىغا
قاتناشتىم. سىنىپ مەسئۇلى گۈلھەسەل ئوقۇغۇ-
چىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ كېلىش
ئەھۋالىنى يوقلىما قىلغاندىن كېيىن يىغىننىڭ
كۈن تەرتىپىنى ئېلان قىلدى. توساتتىن ئون ـ
ئونبەشكە يېقىن كىشى كەينى ـ كەينىدىن «باشقا
سىنىپلاردىمۇ باللىرىمىز بار ئىدى. كىرىپ مۇ-
ئەللىملەرگە كۆرۈنۈپ قويايلى» دېيىشىپ چىقىپ
كېتىشتى. بۇ ئەھۋالدىن سىنىپ مەسئۇلى گۈل-
ھەسەل بىلەن ئىككىمىز ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈ-
شۈپ قالدۇق. نېمە دېگۈلۈك؟ ئۇلار پەقەت پەر-
زەنتلىرى ـ ڭ مەجبۇرلىشى بىلەن ئوقۇتقۇچىنىڭ
يوقلىمى ـدىن ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈنلا كەلگەن تۇر-
سا.

شۇنىڭدىن كېيىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەھۋالى
تېخىمۇ بەتتەرلىشىپ كەتتى. چۈشتىن بۇرۇن
ئوقۇغۇچىلارغا يىغىن ئىنتىزامىنى ساقلاش توغ-
رۇلۇق سىنىپ مەسئۇلى شۇنچە كۆپ ئىدىيىۋى
خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن بولسىمۇ لېكىن ئوقۇغۇ-
چىلار باپكارنىڭ موكىسىدەك بىرسى كىرسە،
ئىككىسى چىقىپ دېگەندەك يىغىننىڭ تەرتىپىنى
ساقلاش مۇمكىن بولماي قالدى. گۈلھەسەل مۇ-
ئەللىم ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنت تەربىيىلەش

ئەھۋالىنى ئىگىلەپ كۆرمەكچى بولۇپ، سەمەتجان ئىسمىلىك ئوقۇغۇچىنىڭ دادىسىدىن:

— سىلە سەمەتجانغا ئائىلىدە قانداق تەربىيە بېرىدىلا؟ قايسى جەھەتلەردىن تەربىيىنى كۈچەيتتىلە؟— دەپ سورىغاندا، ئۇ كىشى:

— گەپلىرىنى تازا چۈشىنەلمىدىم خانىم؟— دەپ مۇئەللىمنىڭ كۆزىگە قارىدى.

گۈلھەسەل بۇ كىشىدىن سورىماقچى بولغان سوئالنى تېخىمۇ ئاممىباب ۋە چۈشىنىشلىك قىلىپ تەكرارلىغاندىن كېيىن، ئۇ كىشى بىپەرۋالىق بىلەن:

— ھە، مۇنداق دېسىلە، ئائىلىدە بالا بىلەن ھېچقايسىمىزنىڭ كارى يوق. ئۆگىنىش قىلامدۇ - قىلمامدۇ، ئۇنى سۈرۈشتۈرۈپمۇ ئولتۇرمايمىز. ئۇنىڭسىزمۇ ئۆيدىكى ئىش - كۈشلىرىمىز بېشىمىزدىكى چاچتىن تولا. قايسىبىرسىگە يېتىشىپ بولىمىز دەيلا،— دەپ بىزنى ھاڭ - تاڭ قالدۇردى.

سىنىپ مەسئۇلى يەنە مەرگۈل ئىسىملىك قىزنىڭ ئاپىسىدىن:

— سىلە قىزلىرىغا قانداق تەربىيە ئۇسۇللىرىنى قوللىنىلا؟— دەپ سورىۋىدى، بۇ ئايال ھېلىقى كىشىنىڭ دېگەنلىرىدىن ھېچ پەرقلەنمەيدىغان تىلىپ:

— ھېچقانداق تەربىيە بەرمەيمەن، قىزىم مەكتەپتىن كېلىپلا ئۆي ئىشلىرىغا ياردەملىشىدۇ. ئاندىن ئۆگىنىشىنى قىلىدۇ. ئۆيدە دادىسى ياكى مېنىڭ باللار بىلەن ئانچە كارىمىز يوق،— دەپ جاۋاب بەردى.

قاراڭ، بۇ ئاتا - ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەشتىكى مەسئۇلىيەتسىزلىكىگە. كەپتەر، قۇشقاچلارمۇ باللىرىنى ئاچ قويماي باقىدىغۇ، ئۇلار پەرزەنتلىرىنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىنى، تەقدىرىنى ئويلىمامدىكىنە؟! كەلگۈسىدە پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆزلىرىدىنمۇ ياخشىراق تۇرمۇش كەچۈرۈشىنى خالىمامدىكىنە؟!

باللار ھاياتنى، تۇرمۇشنى ئەڭ دەسلەپتە ئاتا - ئانىسىدىن بىلىدۇ، ئۆگىنىدۇ. بۇنداق كىشىلەرنىڭ باللىرىنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى نېمە بىلەن باشلىنىپ، نېمە بىلەن ئاياغلىشار. ئۇلار ئۆز پەرزەنتلىرىگە نېمىلەرنى قالدۇرار؟ ھورۇنلۇق، بوشاڭلىقنىمۇ ياكى شۈكرى - قانائەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىرادىسىزلىكىنىمۇ ۋە ياكى بىغەملىككە ھامىلدار پەرۋاسىزلىقنىمۇ؟

يېقىنقى بىرقانچە يىللاردىن بۇيان مىللىتىمىز، خەلقىمىزدىن بەزى داڭلىق ياش ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر كەينى - كەينىدىن يېتىشىپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ كەشپىيات ۋە نەتىجىلىرى بىلەن دۇنيا ئىلىم - پەن سەھنىسىدە ۋەتىنىمىز ۋە خەلقىمىز ئۈچۈن زور شان - شەرەپلەرنى كەلتۈردى. ياش مېدىتسىنا ئالىمى خالمۇرات غوپۇر، جۇغراپىيە كەسپى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى تاشپولات، فىزىكا ساھەسىدىكى دوكتور ئاشتى كۇرەش ئىبراھىم، خىمىيە پەنلىرى بويىچە دوكتور ئاشتى زەپەر ئابلىز، فىلولوگىيە پەنلىرى بويىچە ئالتايشۇناس لېتىپ توختى، تۈركولوگ ياسىن ھوشۇر، ئابدۇرېشىت ياقۇپ قاتارلىق ياشلار چەت ئەللەردە ئوقۇپ، دۆلىتىمىزگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مەخسۇس تېمىلار بويىچە ئىلمىي تەتقىقات پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى بىلەن ۋەتەنگە، خەلققە بەخت يارىتىش ئۈچۈن ئۆزلۈكسىز ئىزدەنمەكتە، تىرىشماقتا، بۇداپىشتتا ئوقۇۋاتقان ئون يەتتە ياشلىق دىلرابا ئابدۇلئەھەت چەت ئەللەردىن كېلىپ بۇ جايدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماجار تىلىدىكى نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسىدە بىرىنچىلىككە ئېرىشىپ، بۇداپىشت شەھىرىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى.

ئەلۋەتتە بۇ مۇنەۋۋەر ئەزىمەتلىرىمىزنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىنى، مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشىنى ئاتا - ئانا تەربىيىسىدىن، مەكتەپ تەربىيىسىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئاتا - ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئىستىقبالىغا، ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ گۈللىنىپ روناق تېپىشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، مەكتەپ ھەم تەربىيىلەش ئورۇنلىرى بىلەن زىچ ماسلاشسا، قىسقىسى، ئۆزىنىڭ بۇرچ ۋە مەسئۇلىيىتىنى چوڭقۇر تونۇسا يۇرت ۋە مىللەت سۆيگەن بىلىملىك، دانا ئوغلانلار بىزدىن تېخىمۇ كۆپلەپ يېتىشىپ چىقىدۇ. قېنى، ئاتا - ئانىلار، باللار، ھەممىمىز بۇ ھەقتە سوغۇققانلىق بىلەن بىر ئويلىنىپ باقايلى. ھەممە ئىشنى ئۆزىمىزدىن باشلايلى. . .

# نەسرلەر

# گۈللەر ئاۋازى

### ئىبراھىم نىياز

## بەخت ئىزدەش

مەن ھېلىھەم ئاشۇ بۇلاقتەك كۆزلىرىڭگە مەڭگۈلۈك بەختىم يوشۇرۇنغاندەك ھېس قىلىمەن. مېنىڭ بەختىم كىرپىكلىرىڭ ئاستىدا سايىداۋاتقان دەقىقىلەردە، مېنى ئەسكە ئالامسەن، دىلبەر! . . . بەلكىم، بەخت بىلەن بەختسىزلىك بىر - بىرى بىلەن ئېلىشىۋاتقان جايدا، پىلسىرات كۆۋرۈكىنىڭ ئۇ تەرىپىدە، ھايات ۋە ماماتنىڭ پاسىلىدا كۈلكە بىلەن كۆز ياش جەم بولغان جايدا. . . ئىككىمىزنىڭ بەختى بىزنى كۈتۈپ تۇرغاندۇ. . . لېكىن، مېنىڭ بەختىم سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭغا، كۆزلىرىڭگە، لەۋلىرىڭگە. . . سېنىڭ مەۋجۇتلۇقىڭغا سىڭىپ كەتتى! . . .

## كۈز ياپراقلىرى

ياپراقلار تۆكۈلمەكتە. ياپراقلىرىدىن ئايرىلغان شاخلار پەرزەنتىدىن ئايرىلىپ قالغان ئانىلاردەك تولىمۇ مەيۇس، غەمكىن كۆرۈنىدۇ، ئۇنىڭغا قاراپ ئىچىم سىيرىلدى، كۆڭلۈم غەش. . .

بىردىن ياپراقلاردىن ندا كەلدى. . .

— بىز ئەمدىلا ھەممىنى چۈشەندۇق. بىز ئەسلىدە شاھ ھۇزۇرىنى سۈرۈۋاتقاندا، ھاياتلىقنى مەڭگۈ شۇنداق دەپ ئويلىغانىكەنمىز. ئەپسۇس، دۇنيا قالىدىكەن. ھاياتلىق خۇددى گۈلگە ئوخشاش ئاستا - ئاستا توزۇپ كېتىدىكەن. باھار ھېچقانداق جانلىققا باقىۋەندە ئەمەس ئىكەن. بىز ھاياتنىڭ سىرىنى تولىمۇ كېچىكىپ چۈشىنىدىكەنمىز. شۇ چاغدىلا شېرىن بىر ئازابنى ھېس قىلىدىكەنمىز.

ياپراقتىن كەلگەن ندا مېنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. . . راست، بىز ئادەملەر ھاياتنى قانچىلىك سۆيەلىدۇق؟

## قىز

ماڭا تىكىلىپ قارا! ئۆز ئەركىڭ، ئىختىيارىڭ بويىچە كۆزلىرىمگە تىكىلىپ قاراۋەر. . . مەن سېنىڭ ھەر بىر ئەزالىرىڭغا قەدەر ئۆز مەيلىمچە تىكىلىمەنۇ، سەن نېچۈن كۆزلىرىڭنى ئېلىپ قاچىسەن؟ . . . كۆرۈۋاتىمەن، كۆڭۈل كۆزلىرىمدە ھەممىنى كۆرۈۋاتىمەن. خىجىل بولۇۋاتساڭ كېرەك، كۆڭلۈڭدىكىنى چىقىرىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدىڭ. كۆزلىرىڭ، يۈرىكىڭ سۆزلەۋاتىدۇ. بىلىمەن، سەن مېنى سۆيىسەن، ماڭا ئاشىقسەن. . .

جاھاندا گۈل - گىياھنىڭ، ئۇچار - قاناتلارنىڭ ھەتتا قۇرت - قوڭغۇزلارنىڭمۇ جۈپتى بولىدۇ. ئاشۇلارمۇ ئۆز كۆڭلى بويىچە ياشايدۇ. بىزچۇ؟ ئەجەبا، ئاشۇلارچىلىك بولالمىساق - ھە!

قورۇنما، قىلچە ئىككىلەنمە! ئۆز كۆڭلۈڭدىكىنى سەنمۇ روياپقا چىقىرىشىڭ، كۆيۈۋاتقان يۈرىكىڭنى ئالقىنىڭغا ئالالايدىغان بولۇشۇڭ كېرەك، چۈنكى سەن ھەممىدىن غالىپ كېلەلەيدىغان ئادەم! . . .

## گۈللەر ئاۋازى

يالپۇزدەك يۇمران ۋە سەبىي تەبەسسۇمىڭدا، ئەقىل قۇشۇمنى قاناتلاندۇرۇپ، شېئىردەك تاتلىق بىر تۇيغۇنى بەخش ئەتكىنىڭدە قانداقمۇ شېئىر يازماي تۇرالايمەن! چۈنكى، سەن، مەن يازماقچى بولغان شېئىرنىڭ نەپەسلىرىدە تۇرساڭ. . .

* *

يىراقتىكى گۈزەل ئەسلىمىلەر مېنى ھايا-

جانغا سالغاندا، كۆزلىرىمنى يېرىم يۇمۇپ خىيالغا پاتىمەن. شۇ چاغدا سېنىڭ تەنها ئەتىرگۈلدەك ئوماق سىمايىڭ تەبەسسۇم ئىلكىدە قېشىمدا زاھىر بولىدۇ. كۆزۈمنى ئاچماستىن سېنى چاقىرىمەن:

— تارتىنما كەل، كېلىۋەر، يېقىنراق كەل! . . .

*　　*

سۆيگەن قىزلار بولمىسا ئەگەر، مەنىسىنى يوقىتىدۇ بۇ جاهان. . .

*　　*

بىلمىدىم، بەخت قۇشۇمنى قاچان ئۈركۈتۈپ قويىدۇمكىن، تېخىچە قايتىپ كېلىدىغاندەك ئەمەس. كۆزلىرىم تالدى، ئۇنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ. . .

*　　*

سوئاللار ئىچىدە ياشا! سەن ئۆزۈڭگە تاشلىغان سوئاللار هاياتىڭنى مەنىلەر قاينىمىغا باشلاپ كىرىدۇ.

*　　*

سەن — يىراقتىكى تەبەسسۇم، مېنى هەسرەتتە، پىغاندا قويۇۋاتقان نەرسە دەل يىراقتىكى تەبەسسۇمىڭ. . .

*　　*

بىز جۇدالاشقان شۇ كۈن ئېسىڭدىمۇ؟ يۈرىكىم ئۇنىسىز ياش تۆكۈپ ساڭا ئاق يول تىلىگەنىدى. ئېسىڭدىمۇ، سۆيۈشلىرىم شۇقەدەر قاتتىق ئىدى. بىز ئۇنىسىز ياش تۆكۈپ خەيرلەشكەنىدۇق. . .

*　　*

سېغىنىش سۆيۈش ئۈچۈن ئەمەس. سۆيۈش — يۈرىكىڭدە جاراهەت ئىزى قالدۇرىدۇ، گەرچە ئۇ تولىمۇ گۈزەل ئەسلىمىلەرگە يۈركەنسىمۇ. . .

*　　*

قىزنىڭ چۈشى بۇزۇلغان دەقىقە، مەن هاياتلىقنىڭ قىسمىتىنى بېشىمدىن كەچۈرۈۋاتقان دەقىقىدۇر.

## يالىڭاچ بالا

### ئادالەت ئابدۇرېھىم

— ئاۋۇ، ئەگىپ يۈرگەن نىمە ئاپا؟

— ئاۋۇ ئالتۇن نۇر چېچىۋاتقان يۇمۇلاق شارنى دەمسەن بالام؟ ئۇ ئاي، ئۇ تولۇن ئاي! نېمىشقا كېچىدە چىقىدۇ دەمسەن بالام؟ ئۇ زۇلمەتلىك كېچىنىڭ شاهىنشاهى. ئېھتىمال ئۇ ئاخشاملىرى سېنىڭ ئۇستىڭدىكى كىيىم - كېچەكلىرىڭنى سېلىۋېتىپ، تولغان يالىڭاچ ئېتىلىك بىلەنلا ئۆيىنى چاڭ كەلتۈرۈپ ئوينايدىغانلىقىڭنى بىلىدىغاندۇ؟ !

سېنىڭ سۈت بىلەن يۇغۇرۇلغاندەك ئاپئاق، بۇدرۇقىنە بىلەكلىرىڭنى، تويۇنغان گەۋدەڭنى كۆرۈش ئۈچۈن دېرىزە ئالدىغا كېلىپ تاماشا قىلىماقچىدۇ! ئېھتىمال ئالتۇن قوڭغۇراقتەك زىل، چۈچۈمەل گەپ - سۆزلىرىڭنى خۇپپىيانە تىڭشاش ئۈچۈن بۇلۇت پەرەنجىسىدىن دەممۇ - دەم مارايدىغاندۇ؟ ئاينى يۇلۇپ ئېلىپ بەر دەمسىنا؟ ئاھ، ئوماق قوزام، سەن قاچانمۇ چۈشىنەرسەن؟ ماڭ، قازناقتىكى مىس لېگەننى ئوينا، ئاپئاق بالام، ئۇنى ئاۋالىغۇدەك قوربەت بولسا بىز سامان چوغىدا نان پىشۇرامتۇق؟ كەل، كىيىمىڭنى كىيدۈرۈپ قوياي. ئاينىڭ تال - تال نۇرلىرى كۆزنىڭ يېغىنى يەيدىغان پور، سېمىز ئۇستىخانلىرىڭنى سۆيۈۋالمىسۇن! بولدى. ۋىلىقلاپ كۈلۈۋەرمە، سېنىڭ ئاۋازىڭ مەيىن شامال ئېلىپ كەلگەن پادىچى ناخشىسىنى بېسىپ كەتتى. «كۆز تېگىدۇ» دېگەن گەپنى ئاڭلىغانمۇسەن؟ كەل، دولقۇنلىنىپ تۇرغان بۇدۇر چاچلىرىڭغا پوسما كىيگىن. كەل، ئاقلىقى بىلەن ئاينى ئۇيالدۇرىدىغان ئۇستىخىنىڭغا پىنجىكىڭنى يېپىپ قوياي. كەل ئوغلۇم. . .

# ئەرشتىن قوغلانغان ئىبلىس ئەلەيھى لەنتى

(ئەدەبىي ئاخبارات)

**داۋۇت مەتنىياز**

## 1. ئادەملەر گۈلباغقا يول ئالدى

1996 - يىل 26 - ئىيۇن.

خوتەن شەھىرىدە تاراسلاپ يامغۇر ياغماقتا. يامغۇر يۇيۇپ ئەينەكتەك پارقىرىتىۋەتكەن ئاسفالىت يوللاردا كىشىلەر ئالدىراپ كېتىپ بارماقتا. بەزىلىرى يۈگۈرمەكتە...

بۈگۈن ئەتىگەندە ھەرقايسى ئىدارە - ئورگانلارنىڭ ئىشخانىسى ئېچىلمىدى. تىجارەتچىلەر دۇكانلىرىنى، ئاشپەزلەر ئاشخانىسىنى، ناۋايلار ناۋايخانىسىنى تاقىدى... ھەممە كىشى گۈلباغقا قاراپ سەلدەك ئاقاتتى. گۈلباغقا تۇتىشىدىغان چوڭ - كىچىك يوللاردا ماتورلۇق قاتناش قوراللىرىنىڭ يول يۈرۈشى قامال قىلىندى. گۈلباغنىڭ شەرق، غەرب، شىمال ۋە جەنۇب تەرەپلىرىدە ئولتۇرىدىغان خوتەن شەھىرىنىڭ پۈتۈن ئاھالىسى ئاشۇ بىر نۇقتىغا قاراپ سىلجىيتتى. ئۇلار كىملەرگىدۇر ئېچىنىپ نەپرەتلىنەتتى، كىملەردىندۇر ئېپتىخارلىنىپ ئۇلارغا ھۆرمەت بىلدۈرەتتى.

كىشىلەر ئالدىرىشاتتى، ۋېلىسىپىتلىك ياكى پىيادە تولىمۇ ئىلدام يۈرەتتى. خوتەن شەھىرىنىڭ مەركىزىدىكى پۈتۈنلەي تاشلىنىپ قالغىلى تۆت يىلدىن ئاشقان خوتەن مەدەنىيەت سارىيىنىڭ ئالدى بىردەمدىلا ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى، شۇنداقتىمۇ گۈلباغقا قاراپ كېلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ يەنىلا ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. تاشلاندۇق بىنانىڭ پەلەمپەيلىرىدە، ئىشىك، دېرىزە ئورنىتىش ئۈچۈن قالدۇرۇلغان كامارلاردا تولۇق قوراللانغان تەرتىپ ساقلىغۇچى ئەسكەرلەر ھوشيار تۇراتتى. بىنانىڭ ئالدىدىكى بوش يەرگە جايلاشقان يىغىن سەھنىسىدە خوتەن ۋىلايىتى ۋە خوتەن شەھىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرى، سوت مەھكىمىسىنىڭ مەسئۇل خادىملىرى چىرايى جىددىي تۈس ئالغان ھالدا ئولتۇرۇشاتتى. ياي شەكلىدىكى تۆمۈر رىشاتكا سوت مەيدانى بىلەن يولنى ئايرىپ تۇراتتى. سەھنە ئەتراپىدا، رىشاتكا سىرتىدىكى يىغىن ئىشتىراكچىلىرى ئارىسىدا سالماق قەدەملەر بىلەن مېڭىپ يۈرۈشكەن ساقچىلار، رىشاتكىلارغا، سارايىنىڭ تاملىرىغا چاپلانغان پىلاكات، شوئارلار، جىنايەتچىلەرنىڭ ئۆتكۈزگەن جىنايىتى ۋە ئۇلارنىڭ سۈرەتلىرى بۈگۈنكى بۇ ئاممىۋى يىغىننىڭ پەۋقۇلئاددە مۇھىملىقىدىن بېشارەت بېرەتتى. نەچچە ئون مىڭ جۈپ كۆزلەر ئۇزۇندىن بۇيان كىشىنىڭ ئانچە نەزەرى چۈشمىگەن بىناغا، بىنا ئالدىدىكى پەۋقۇلئاددە سوت مەيدانىغا تىكىلگەنىدى. بالىلار سەھنىگە يېقىنراق بېرىۋېلىش ئۈچۈن كىشىلەر ئارىسىغا ئېھتىيات بىلەن قىستىلىشاتتى. سەھنىنىڭ ئالدىدىكى چوڭ مەيدانغا سىغمىغان يەنە نۇرغۇن كىشى «شىنخۇا كىتابخانىسى» نىڭ ئارقا تەرىپىدىكى بالكونغا، سەھنىنىڭ ئۇدۇلىدىكى نەچچە قەۋەتلىك «شەرق شامىلى» سودا سارىيىنىڭ دېرىزە راملىرىغا قۇشقاچتەك قونۇۋالغانىدى.

يىغىننىڭ باشلانغانلىقى ئېلان قىلىنىش بىلەن مەيداندا ئېغىر جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. كىشىلەر بىنانىڭ نەچچە يېرىگە ئورنىتىلغان ئاۋاز ياڭراتقۇدىن جاراڭلاۋاتقان سۆزلەرگە دىققەت بىلەن قۇلاق سالاتتى. رەھبەرلەرنىڭ كەسكىن نۇتۇقلىرىدىن كېيىن جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ خادىمى ئاممىنىڭ يىغىن داۋامىدا رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك قائىدە - تۈزۈملەرنى ئۇقتۇردى. يىغىن باشقۇرغۇچىنىڭ «جىنايەتچىلەر يالاپ ئېلىپ كېلىنسۇن» دېگەن بۇيرۇقى بىلەن تەڭ ساقچىلار جىنايەتچىلەرنى يالاپ مەيدانغا ئېلىپ چىقتى. كىشىلەر توپى دەۋرەپ كەتتى. خەلق جىنايەتچىلەرنى ئوچۇقراق كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن جىنايەتچىلەر تەرەپكە بويۇندايتتى. قوللىرىغا كويزا سېلىنغان جىنايەتچىلەر پۇشايمان، نومۇس ۋە ئەلەمدىن قىزارغان زەپىران چىرايىنى، نۇرسىز كۆزلىرىنى ئاۋامدىن يوشۇرۇپ يەرگە قارىۋېلىشتى. 17 - 18 ياشلار چامىسىدىكى قارا قۇمچاق بىر قىزنىڭ كۆز چانىقىدىن نادامەتلىك كۆز ياشلىرى ياداڭغۇ مەڭزىنى بويلاپ يامغۇردەك تامچىلايتتى.

## 2. يامراپ كېتىۋاتقان مىكروب

ئىنسانىيەت 21 - ئەسىرنىڭ بوسۇغىسىغا يېقىنلىشىپ، ھەرقايسى ساھەلەردە ئۇچقاندەك تەرەققىياتلار بولۇۋاتقاندا زەھەر جىنايەتلىرى ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەرگە سېلىشتۇرغاندا ئېغىر ۋابادەك كەڭ ۋە تېز يامراشقا باشلىدى، كەلتۈرگەن زىيىنىمۇ ئىنتايىن ئېغىر بولدى. ھازىر دۇنيادا زەھەر ئىستېمال قىلىدىغانلار 200 مىليونغا، زەھەر ئىستېمال قىلىپ ھەر يىلى ئۆلگەن-

لەر 200 مىڭ ئادەمگە يەتتى.

زەھەر كەلتۈرۈپ چىقارغان نومۇسلۇق تارىخنى ئۇنتۇمىغان ئېلىمىز خەلقى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن زەھەرنى پاك - پاكىز تازىلىۋەتكەنىدى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ باشلىنىشى بىلەن خەلقئارا زەھەر ئەتكەسچىلىرى گۇرۇھى ۋە زەھەر ئەتكەسچىلىرىنىڭ ئىبلىس قولى ئېلىمىزنىڭ چېگرا رايونلىرىغا سوزۇلدى. ئۇلار ئېلىمىزنىڭ بىر قىسىم چېگرا ئېغىزىنىڭ ئېچىۋېتىلگەنلىكىدىن ۋە ئاسىيادىكى ئەڭ چوڭ زەھەر ماكانى «ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك»نىڭ جۇڭگوغا يېقىن بولۇشىدىن پايدىلىنىپ زەھەرنى جۇڭگو ئارقىلىق خەلقئارا زەھەر ئىستېمال بازىرىغا توشىدى. دۆلىتىمىزدىكى بەزى قانۇنسىز ئۇنسۇرلارمۇ بۇ زەھەر ئەتكەسچىلىكىگە قاتنىشىپ جۇڭگودا زەھەر ئىستېمال قىلىشنىڭ چېگرا رايونلاردىن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە، يېزىلاردىن شەھەرلەرگە كېڭىيىشىدەك يامان ئاقىۋەتنى پەيدا قىلدى. ھازىر ئېلىمىزدە تىزىمغا ئېلىنغان زەھەر ئىستېمال قىلىدىغانلار 520 مىڭ كىشىدىن ئېشىپ كەتتى.

زەھەر شىنجاڭغا ھىندىستان ئارقىلىق 16 -، 17 - ئەسىرلەردە كىرىشكە باشلىغان. 18 - ئەسىرگە كەلگەندە ئاۋام خەلق ئارىسىدا نەشە چېكىش ئادىتى پەيدا بولغان. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدا مىللىتارىست ياڭ زېڭشىن شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن دېھقانلارنى ئەپيۇن تېرىشقا مەجبۇرلىغان. خروئىن شىنجاڭغا ئىككى رايون ۋە ئىككى يول بىلەن كىرگەن: بىرى يۈننەن، گۇاڭجۇ، شىئەن، لەنجۇ قاتارلىق ئۆلكە، شەھەرلەر ئارقىلىق جەنۇبىي ئاسىيادىكى «ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك»تىن؛ يەنە بىرى «يېڭى ھىلال ئاي» خروئىن سېتىش رايونىدىن كىرگەن. «ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك»تىن كىرگەنلىرىنى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ياكى شىنجاڭدىكى زەھەر سودىگەرلىرى، «يېڭى ھىلال ئاي»دىن كىرگەنلىرىنى چەت ئەللەردىكى قانۇنسىز ئۇنسۇرلار يۆتكىگەن. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ نەشە، ئەپيۇن ۋە خروئىندىن ئىبارەت ئۈچ زەھەرنىڭ تەڭلا ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، جۇڭگودىكى زەھەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئون چوڭ رايوننىڭ بىرى بولۇپ قالغان.

دۆلىتىمىز زەھەرنى چەكلەش جەھەتتە قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ 1990 - يىلى 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى «زەھەرنى چەكلەش توغرىسىدا قارار» ماقۇللىدى. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا دۆلەتلىك زەھەر چەكلەش كومىتېتى قۇرۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن جاي - جايلاردا زەھەرنى چەكلەشكە رەھبەرلىك قىلىش ۋە ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرى تەسىس قىلىندى. مۇشۇنداق بىر تەخىرسىز مەزگىلدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەڭ جەنۇبىدىكى خوتەن ۋىلايىتىدىمۇ ئەمدىلا قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇپ يانچۇقى پۇل كۆرگەن خەلقنى زەھەرلەۋاتقان بۇ ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، 1992 - يىلى ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىدا «زەھەرنى چەكلەشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى» قۇرۇلدى. بۇ گۇرۇپپا خوتەن تۇپرىقىدا پەيدا بولغان شۇمبۇيلارنى يۇلۇپ تاشلاش ئۈچۈن ئاز بولمىغان تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن، سىياسىي - قانۇن، ئاخبارات - تەشۋىقات ئورۇنلىرى زەھەرنىڭ ئىنسانىيەتكە كەلتۈرىدىغان بىۋاسىتە زىيىنىنىڭ مۆلچەرلىگۈسىز ئېغىرلىقىنى كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلىپ، كىشىلەرنى بۇ قورقۇنچلۇق ۋابادىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىشقا، ئۇنىڭدىن ھوشيار بولۇشقا قايتا - قايتا ئاگاھلاندۇرغان بولسىمۇ، زەھەر ئىستېمال قىلىدىغان، زەھەر سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار بارغانسېرى كۆپىيىپ، بەزى زەھەر ئىستېمال قىلىدىغانلارنىڭ خۇمارى نەشىدىن خروئىنغا ئۆتتى. ئۇلارنىڭ يانغىنغا تاشلانغان پەرۋانىدەك ئۆزىنى ئۆزى نابۇت قىلىش قەدىمى تېخىمۇ تېزلىشىپ كەتتى.

خوتەن ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى زەھەرنى چەكلەشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك يولداشلارنىڭ ئەھۋال تونۇشتۇرۇشىچە، خوتەن ۋىلايىتى تەۋەسىدە زەھەر ئىستېمال قىلىش ۋە زەھەر سودىسى قىلىش جىنايىتى سەۋەبىدىن جازالانغانلار 1993 - يىلى 385 نەپەر، 1994 - يىلى 2854 نەپەر، 1995 - يىلى 403 نەپەر، 1996 - يىلى 7 - ئايغىچە 635 نەپەر بولۇپ، بۇ ئۈچ يېرىم يىلدا جەمئىي 4277 نەپەر ئادەم زەھەر ئىستېمال قىلىش جىنايىتى سەۋەبىدىن جازالانغان، يەنە تېخى تورىدىن چۈشۈپ قالغان ۋە بۇ سانغا كىرمىگەن جىنايەتچىلەر قانچىلىك، بۇ كىشىنى ئويلاندۇرماي قالمايدۇ. مۇشۇنداق چەت ھەم نامرات بىر جايدا زەھەرنىڭ بۇنچىۋالا يامراپ كېتىشى، زەھەر ئىستېمال قىلىدىغان جىنايەتچىلەرنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىپ بېرىشىدىكى سەۋەب نەدە؟ سەۋەب — ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ تۆۋەنلىكى ۋە قانۇن ئېڭىنىڭ ئاجىزلىقىدا.

## 3. ئازغۇنلار ئارخىپى

تولۇقسىز مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا گۇاڭجۇ شەھىرىدە بىر گرام خروئىننىڭ باھاسى 150 - 250 يۈەنگىچە، ئۈرۈمچىدە 600 - 700 يۈەنگىچە ئىكەن. ئەمما خوتەندە — بۇ نامرات يۇرتتا بولسا بىر گرام خروئىن 700 - 1000 يۈەنگىچە سېتىلىدىكەن. خروئىن چېكىشنى ئۆگىنىپ قالغان جىنايەتچىلەر خۇمارى قاتتىق تۇتقاندا بىر مىللىگرام خروئىننى 1000 يۈەندىن سېتىۋېلىپ چېكىشكە مەجبۇر بولىدىكەن. خوتەندە بىر گرام

ئالتۇن 130 يۈەن ئەتراپىدىكى قىممەتنى ساقلاپ
تۇرۇۋاتقان مۇشۇ كۈنلەردە بىر گرام خروئىننىڭ
باھاسى 1000 يۈەنگە چىقىپ، ئالتۇننىڭ 7.7
ھەسسىسىگە باراۋەر قىممەتنى ئىگىلىشى بىر قە-
سىم يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدە ئاللە-
قانداق رەزىل خىياللارنى پەيدا قىلماي قالمايدۇ.
بىز بۇ يەردە ھارام نەپسى ئۈچۈن ھالاكەت يولىغا
ماڭغان، ئاق ئالۋاستىنىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا بەر-
داشلىق بېرەلمىگەن بىرنەچچە جىنايەتچىنىڭ ئار-
خىپىنى كۆرۈپ باقايلى؛

① **ت ئايال:** خوتەن شەھىرى لاسكۈي با-
زارلىق ئاقتاش كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ 33
ياشلىق بۇ ئوقۇتقۇچىسى ئائىلە تۇرمۇشىدا بىر
قېتىم ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغاندىن كېيىن جەمئىي-
يەتتىكى خروئىن چېكىدىغان كىشىلەر بىلەن ئا-
رىلىشىپ قالدى. دەسلەپتە ئۇلپەتلىرىنىڭ سىر-
لىق قەغەزدىن تولغىنىپ كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئاپئاق
ئىسنى ئاچكۆزلۈك بىلەن سۈمۈرۈشى ئۇنىڭغا يات
تۇيۇلدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بىلەن ئۇ بۇنىڭدىن
ئەجەبلەنمەيدىغان، بەلكى «ئازراق سۈمۈرۈپ باق-
سا قانداق بولىدىغاندۇ؟» دېگەن قىزىقىش پەيدا
بولدى. ئۇ ھەر كۈنى خىزمەتتىن چۈشۈپلا ھېلە-
قى دوستلىرىنى ئىزدەيتتى. ئۇلارنى تاپمىسا،
ئۇلار بىلەن تەڭ ئاشۇ ئاق ئىسنى سۈمۈرمىسە
كۆڭلى ئۇنىمايتتى.

خروئىن ئەمدى ئۇنىڭ تۇيغۇلىرىنى چاڭگەل-
لىغا ئېلىپ، ئۆزىگە خومار قىلدى. ھەر قېتىم
خومارى تۇتقاندا كۆڭلى ئاينىپ، كۆزلىرىدىن
ياش ئاقاتتى. بىرسى ئۆرۈپ بەدىنىنى چىقىۋەت-
كەندەك چىدىغۇسىز بىئارام بولاتتى. يالتىراق
قەغەزدىن تولغىنىپ كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئاپئاق ئىس
كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ، ئەقلىدىن ئازدۇرۇۋەت-
تى. ئۇ ئاخىرى ئۆزىنىڭ ئاق ئالۋاستىنىڭ چاڭ-
گىلىغا چۈشۈپ قالغىنىنى چۈشىنىپ پۇشايمان
يىغىسىنى باسالمىدى. چاچلىرىنى يۇلۇپ ئەسە-
بىيلىك بىلەن يۈز - كۆزىنى تاتىلاپ كەتتى.
ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنى ئويلىدى، ئۇنىڭ تېخى
نۇرغۇن گۈزەل غايىلىرى بار ئىدى. باشقىلاردەك
خۇشال - خۇرام، خاتىرجەم ياشاشنى ئارزۇ قىلات-
تى، ئۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش خىيالىدىن يالتاي-
دى، قوۋناق ھايات، تۇرمۇش ئۇنى ئۆز قوينىغا
چاقىرىپ تۇراتتى. تېخىمۇ مۇھىمى نەمدىلا باش-
لانغۇچ مەكتەپكە كىرگەن ئىككى پەرزەنتى ئۇنىڭ
يەنە ياشىشىنى، ئۇلارنى قارا يېتىم قىلىپ
قويماسلىقىنى ئۆتۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ شۇ چاغدا
خروئىن چېكىش خومارىدىن قۇتۇلسىلا، بۇ ئال-
ۋاستىنىڭ يېنىغا ئىككىنچى يېقىن يولىمايدىغانغا
ئۆز - ئۆزىگە قەسەم ئىچتى. لېكىن رېئاللىق
ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولمىدى. . .

خروئىن خۇددى قەرز سۈيلەپ كەلگەن ئىن-
ساپسىز خوجايىندەك ئۇنى چېكىشكە ئالدىراتماق-
تا، چىدىغۇسىز بىئارام قىلماقتا ئىدى. لېكىن
بۇ چاغدا باشتا ھە - ھۇ دەپ قىزىقتۇرۇپ چەك-
تۈرگەن «دوستلىرى» ئەمدى بىر قېتىممۇ بې-
كارغا چەكتۈرمەيدىغانلىقىنى، ئالدىن پۇل تاپ-
شۇرمىسا خروئىننىڭ ھىدىنىمۇ پۇراتمايدىغان-
لىقىنى ئېيتىشتى. ئۇ خروئىننى يۇقىرى باھادا
سېتىۋېلىپ چېكىشكە مەجبۇر بولغانىدى. ئۇ ئا-
شۇ «دوستلىرى» دىن خروئىننىڭ گۇۋاڭجۇدىكى،
ئۈرۈمچىدىكى ۋە خوتەندىكى باھاسىدىنمۇ خەۋەر
تاپتى، كۆڭلىدە بىردىنلا بىر يامان پىلان پەيدا
بولدى، «گۇۋاڭجۇ، ئۈرۈمچىدىن باشقىلار ئەكەل-
گەن نەرسىنى مەن ئەكىلەلمەمدىم؟! شۇنداق قى-
لىپ ماڭا پايدا قالغىنىنى ئۆزۈم چەكمەمدىم».
ئۇ ئاشۇنداق قارا نىيەت بىلەن ئۈرۈمچىگە باردى
ۋە 14 گرام خروئىن ئەكىلىپ بىر ياقتىن خوما-
رىنى باسسا، بىر ياقتىن ساتتى. ئۇ تۇنجى قەدە-
مىدىلا مەقسىتىگە يەتكەچكە ئىككىنچى قېتىم يەنە
بېرىپ 27 گرام خروئىن ئەكەلدى. ئۇ ئىككى
قېتىم خروئىن ئەكىلىپ، ئۇنىڭدىن 19 گرامنى
ئۆزى چېكىپ 13 گرامنى باشقىلارغا ساتقان. ئۇ
ئاخىرى 9 گرام خروئىن بىلەن جامائەت خەۋپ-
سىزلىكى خادىملىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ، 14
يىللىق قاماق جازاسى، 5 يىللىق سىياسىي ھوقۇ-
قىدىن مەھرۇم قىلىش ۋە 9 مىڭ يۈەن جەرىمانە
تۆلەش جازاسى بېرىلدى.

② **ق ئايال:** 39 ياش. خوتەن ۋىلايەتلىك
ئۆپكە تۇبېركۇليوز دوختۇرخانىسىنىڭ دوختۇ-
رى. ئۇ ئۆزى ئىشلەۋاتقان دوختۇرخانىدىكى شە-
رەپ گۇۋاھنامىسى ئەڭ كۆپ، ئۇنۋانى ۋە ئىش
ھەققى ئەڭ يۇقىرى بولغان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ
ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئايال ئىدى. ئۇ دوختۇرلۇق
ھاياتىدا سانسىزلىغان جىددىي كېسەللەرگە شىپا-
لىق بېرىپ، نۇرغۇن بىمارلارنى ئۆلۈم بوسۇغى-
سىدىن ھاياتلىق قوينىغا قايتۇرۇپ كەلگەنىدى.
ئەمما كىشىلەرنى جىسمانىي ئازابتىن قۇتۇلدۇرى-
دىغان بۇ ئاق خالاتلىق پەرىشتىنى كۈنلەرنىڭ
بىرىدە نەپسى بالاسى تۇپەيلىدىن يىرگىنىشلىك
ئالۋاستىغا ئايلىنىپ قېلىشىنى كىممۇ ئويلىغان
دەيسىز. ئۇ 90 - يىللارنىڭ بېشىدىكى «دېڭىزغا
چۈشۈش» دولقۇنىغا ئەگىشىپ پۇل تېپىشنىڭ
كويىغا چۈشتى. دەرۋەقە بىرئاز پۇلمۇ تاپتى. ئۇ
تېخىمۇ كۆپ ھەم تېز پۇل تېپىش ئۈچۈن كۆپ
كاللا قاتۇرۇپ ئاخىرى خىيالى «ئاق ئالۋاستى»
غا بېرىپ مەركەزلەشتى. ئۇ بۇ رەزىل مەقسىتىگە
يېتىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە باردى - دە، 27 گرام
خروئىن سېتىۋالدى. ئاندىن بۇ خروئىننى قول-
دىن چىقىرىشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن دوختۇرخا-
نىنىڭ ئانالىز بۆلۈمىدىكى ئانالىز تارازىسى بىلەن
ئۆلچەپ خروئىننى بىر مىللىگرامدىن بۆلدى ۋە
قەغەز بولاقچا ئوراپ يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ ئىك-
كى قىرغىقىدىكى چېكەرمەنلەرگە ساتتى. خرو-
ئىن سودىسىدىن كېلىدىغان ھارام پايدىنىڭ كۆپ-
لۈكىنى بىلگەن ق، ت بىلەن بىرلىشىپ (ت 11

مىڭ يۈەن، ق 6 مىڭ يۈەن پۇل چىقارغانىدى)
يەنە خوتەنگە 27 گرام خروئىن يۆتكەپ كەلدى.
ئەمما ئۇ ئۆزى چەكمىدى، بەلكى باشقىلارنى زە-
ھەرلەش بىلەنلا شۇغۇللاندى. لېكىن ئۇ ئاخىرى
قانۇن تورىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. 9 گرام
زاڭ مال بىلەن قولغا چۈشۈپ 13 يىللىق قاماق
جازاسىغا، 3 يىللىق سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھ-
رۇم قىلىش ۋە 6 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى جەرىمانە
تۆلەش جازاسىغا بۇيرۇلدى.

③ **پ ئايال:** خوتەن شەھەر لاسكۈي بازار-
لىق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى.
ئۇمۇ ق غا ئوخشاش 1992 - يىلى 3 - كەسىپ
بىلەن شۇغۇللىنىپ پۇل تېپىشقا چىققان. مەك-
تەپ ئۇنىڭ ئىش ھەققىنى تولۇق تۆلەپ تۇرۇش
ھەمدە بىر ئايدا 30 يۈەن ئۆسۈم قايتۇرۇش شەر-
تى بىلەن 10 مىڭ يۈەن دەسمايە سېلىپ بەرگەن.
ئۆز نۆۋىتىدە مۇنداق ئىككى تۈرلۈك مەسىلىنى،
يەنى مەكتەپنىڭ ئۆتكۈزگەن ئىككى تۈرلۈك سە-
ۋەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

بۇنىڭ بىرى بانكىدىن باشقا ھەرقانداق ئو-
رۇننىڭ باشقىلارغا ئۆسۈملۈك پۇل ئارىيەت بې-
رىش ھوقۇقى يوق. مۇنداق قىلىشقا قانۇن يول
قويمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئەمما لاسكۈي بازارلىق مەر-
كىزىي باشلانغۇچ مەكتىپى قانۇننى كۆزگە ئىلماي
ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن پ 1 گە ئۆسۈملۈك پۇل
ئارىيەت بەرگەن؛ يەنە بىرى بۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ
بىرەر كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ پۇل تېپىش
ئىقتىدارىنىڭ بار - يوقلۇقىنى ئېنىقلاپ كۆرمە-
گەن. يا ھۈنىرى، ياكى تىجارەت قىلىپ باقمىغان
بىر ئايالغا پۇل تېپىشقا يەڭگىللەتكىلىك بىلەن يول
ئېچىپ بەرگەن.

پ 1 مەكتەپتىن قەرز ئالغان 10 مىڭ يۈەننى
دەسمايە قىلىپ تىجارەتنى چوڭراق ئىشتىن باش-
لىماقچى بولۇپ، باشقىلارنى دوراپ گىلەم، قاش-
تېشى قاتارلىق تاۋارلارنى ئېلىپ ساتقان. ئەمما
قاملاشتۇرالماي ئۇزاققا بارمايلا پۈتۈن دەسمايىسى-
دىن ئايرىلىپ قالغان. «يىقىلغان چېلىشقا تو-
ماپتۇ» دېگەندەك ئۇ يەنە باشقىلاردىن پۇل قەرز
ئېلىپ خوتەندىن ئۈرۈمچىگە قاشتېشى يۆتكىگەن.
لېكىن بۇ قېتىممۇ دومىلىغا ئۇچراپ 40 مىڭ
يۈەنلىك قاشتېشىنى ئالدامچىغا نېسى بېرىپ قو-
يۇپ پۇلىنى ئالالمىغان. ئۇ ئاشۇ چاغدا داد -
پەرياد سېلىپ كۆز يېشى زادىلا قۇرىمىغان. نەچ-
چە ھەپتىگىچە گېلىدىن غىزا ئۆتمەي ئورۇقلاپلا
كەتكەن.

ئۈچ يىللىق مۆھلەت توشتى. پ 1 ئەمدى
قەرزلىرىنى قايتۇرۇۋېتىپ مەكتەپ بىلەن بولغان
ھېساباتنى ئۈزۈپ دەرس مۇنبىرىگە قايتىپ كېلى-
شى لازىم ئىدى. لېكىن ئۇنىڭدا مەكتەپكە تۆلى-
گۈدەك پۇل يوق. قانداق قىلىش كېرەك؟ يەنە
قەرز ئۈچۈن ئاللىكىملەرنىڭ ئالدىدا سارغىيىشقا
توغرا كەلدى. ئۇ ھەقىقەتەن سارغايدى، يالۋۇر-
دى، يىلىندى. ئاخىرى نۇرغۇن قەرزلەرنى بوينى-
غا ئېلىپ ئىشقا چۈشۈش پۇرسىتىگە ئېرىشتى.
پ 1 نىڭ كۆڭلى يەنىلا پەرىشان، كۆڭلىرى غەم -
ئەندىشىلىك ئىدى. پۇل قەرز ئالغان بانكا ۋە
شەخسلەر ئۇنىڭدىن توختىماي قەرزىنى سوراپ
ئارام بەرمەيۋاتاتتى. بەزىلەر تەھدىتمۇ سېلىشات-
تى. پ 1 مەكتەپتىن يەنە بىر ئايلىق رۇخسەت
سوراپ ئۈرۈمچىگە كەلدى. بۇ قېتىمقى سەپىرى-
نىڭ مەقسىتى 40 مىڭ يۈەنلىك قاشتېشىنى ئې-
لىۋېلىپ قويرۇق تۇتقۇزمىغان ئالدامچىنى تېپىپ
پۇلنى قايتۇرۇۋېلىش ئىدى. ئەمما ئۇ مەقسىتىگە
يېتەلمىدى. بۇ چوڭ شەھەرنىڭ ھەممە جايلىرى-
دىن ئىزلەپ، سۈرۈشتۈرۈپ خېلى ئۇزاق ۋاقىت
ئۆتكەن بولسىمۇ ھېلىقى ئالدامچىنىڭ ئۆزى تۇر-
ماق خەۋىرىنىمۇ ئۇقالمىدى. دەل شۇ چاغدا بىر-
سى ئۇنىڭغا ئەقىل كۆرسەتتى:

— گۇاڭجۇغا بېرىپ خروئىن ئەكەلسىڭىز
نەچچە ھەسسە پايدىغا ئېرىشەلەيسىز.

— خروئىن! ؟— ئۇ قاتتىق چۆچۈپ كەت-
تى. بىرسى نومۇسلۇق ئىشقا چىللاۋاتقاندەك يۈ-
رىكى ئەنسىز سوقۇپ كەتتى.

لېكىن قارشى تەرەپ ئۇنىڭغا گۇاڭجۇدىكى
خروئىن بار جاينىڭ ئادرېسىنى ئېنىق چۈشەندۈ-
رۈپ، بەك قورقۇپ كەتمىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى،
كۆرۈشىدىغان ئادەمگە تېلېفون بېرىۋەتسە بارلىق
ئىشلارنىڭ ئاسانلا پۈتىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، ئۇ
سەل ئارىسالدى بولۇپ قالدى. ئۇ يۇرتىغا قايتىپ
كېتەلمەيتتى. قەرزنى تۆلىمىسە خوتەننىڭ كو-
چىلىرىدا خاتىرجەم ماڭالمايتتى. ئىشخانىسىدا،
ئۆيىدە ئەندىشىسىز ئولتۇرالمايتتى. ھېچكىم ئۇ-
نىڭ 55 مىڭ يۈەنلىك قەرزىنى تۆلەپ بەرمەيتتى.

پ 1 گۇاڭجۇ شەھىرىگە قاراپ ئۇچتى. ئۇ-
رۈمچىدىكى ھېلىقى «كۆيۈمچان» تونۇشى يالغان
سۆزلىمىگەنىدى. ئۇ كۆرسەتمە بويىچە ئىزلەپ
ھېلىقى خوجايىننى ئاسانلا تاپتى. خوجايىنمۇ ئۇ-
نىڭغا كونا تونۇشلاردەك مۇئامىلە قىلىپ مالنى
ئەرزانراق بېرىشكە ماقۇل بولدى. ئۇنىڭ بۇ يەر-
دىكى ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق بولۇۋاتقاندەك قىلات-
تى. ئۇ گۇاڭجۇدا بىر كېچە قونۇپ 28 گرام
مالنى قارا خۇرۇم سومكىسىغا قاچىلىدى - دە،
بۇ شەھەر بىلەن خوشلاشتى. ئۈرۈمچىگە كەلگەندە
ھېلىقى «مېھرىبان» تونۇشىنى ئىزلەشنى، تې-
گىشلىك مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈشنى ئۇنتۇمى-
دى.

پ 1 يولغا چىقىپلا خىيالغا پاتتى... بۇ
قېتىم قەرزىمنىڭ بىر قىسمىنى تۆلىيەلەيمەن.
قەرزدىن قۇتۇلساملا بۇ خەتەرلىك يولدىن دەرھال
يانمىسام بولمايدۇ. ناننى ئازراق يېسەممۇ، پۇلنى
ئازراق خەجلىسەممۇ خاتىرجەم خىزمىتىمنى قى-
لىمەن. ئاپتوبۇس داۋانچىڭنىڭ ئېگىز - پەس
تاغلىرىدىن ھالقىپ بېرىۋاتقاندىمۇ، ئوتتۇرا تارىم
چۆلىنىڭ تاناپتەك تۈز يوللىرىدا غۇيۇلداپ ئۈزۈ-

ۋاتقاندىمۇ، كېرىيە، چىرانىڭ بوستانلىق مەھەلـ
ـلىلىرىنى يانداپ ئۆتتۈۋاتقاندىمۇ ئۇنىڭ جاراھەتـ
ـلىك قەلبىدە ھامان شۇ خىيال كېچەتتى. ئەمما
ئۇنىڭ خىيالى خوتەنگىچە يېتىپ كېلەلمىدى.
سومكىسىدىكى زەھەرلىك چايان خوتەنگىچە يېتىپ
كېلەلمىدى. جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر - ساقـ
ـچىلىرى چىرا بىلەن لوپ ناھىيىسىنىڭ ئارىلىقىـ
ـدىكى بىر ئۆتەڭدە ساقلاپ تۇرۇپ ئۇنى 28 گرام
زاڭ مال بىلەن قولغا چۈشۈردى. يۇقىرىقى جىنا-
يىتى ئۇنى 13 يىللىق قاماق جازاسىغا، 3 يىللىق
سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش ۋە 6 مىڭ
يۈەن جەرىمانە تۆلەش جازاسىغا سۆرەپ باردى.

خوتەن شەھەرلىك سوت مەھكىمىسىدىكى
مۇناسىۋەتلىك خادىملارنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، پ
1 نىڭ سوت مەھكىمىسىدە ئۆزى ئېتىراپ قىلغان
55 مىڭ يۈەنلىك قەرز ھۆججىتى بار ئىكەن.
قەرز ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىدىغانغا ئۇنىڭدا
بىر تىيىنمۇ بولمىغاچقا سوت مەھكىمىسىمۇ ئا-
مالسىز قىلىۋېتىپتۇ.

④ **پ 2 ئايال:** خوتەن شەھىرى لاسكۈي
بازارلىق ئاقتاش كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ
مەسئۇلى. ئۇ يا ت غا ئوخشاش خرويىن چەكمىـ
ـگەن، يا ق ۋە پ 1 دەك گۇاڭجۇ، ئۈرۈمچىلەردىن
زەھەر يۆتكەپ كېلىپ ساتمىغان. پەقەت باشقىلار-
نىڭ خرويىنىنى ئىككى سوتكا ئەتراپىدا ساقلاپ
بەرگەن، خالاس.

خوتەنگە خرويىن ئەكېلىپ سېتىش ۋە چىڭـ
ـكىشتە ئايال جىنايەتچىلەر ئىچىدىكى ئەڭ غوللۇق
ئۇنسۇر ت ئۆزىنىڭ يەنە بىر شېرىكى X نىڭ
جامائەت خەۋپسىزلىكى خادىملىرى تەرىپىدىن تۇ-
تۇلۇپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ. بۇ چاغدا ئۆ-
زىنىڭ 9 گرام، ق نىڭ 8 گرام جەمئىي 17 گرام
خرويىن ئۇنىڭ قىزىل چامادىنىنىڭ تېگىگە يو-
شۇرۇپ قويۇلغانىدى. ت ئالاقزاه بولۇپ، زەھەر-
نى يوشۇرىدىغان مۇۋاپىق جاي تاپالماي تۇرغاندا
ئۆزىنىڭ قىيامەتلىك دوستى ۋە مەكتەپ مەسئۇلى
پ 2 نى يادىغا ئالىدۇ - دە، 17 گرام زەھەرنى
ئېلىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە كېلىدۇ، ھەمدە:

— مۇھىم بىرنەرسەم بار ئىدى، بىر - ئىكـ
ـكى كۈن ساقلاپ بەرگىنا، — دەيدۇ ت دوستىغا
يېلىنىپ.

— ئۆزۈڭ ساقلىيالمايدىغان قانداق مۇھىم
نەرسە ئىدى ئۇ؟ — دەپ سورايدۇ ئۇ ت نىڭ
چىرايىدىن سەل جىددىيلىك چىقىپ تۇرغانلىقىنى
سېزىپ گۇمان بىلەن.

— ۋاي، جېنىم دوستۇم، نېمىلىكىنى سۇ-
رۇشتۇرمەي ساقلاپ بېرىشىنىلا بىلگىنا. ھەجىمى
كىچىك، ئەمما قىممىتى ناھايىتى چوڭ نەرسە،
ساڭا ھېچقاندا ئاۋارىچىلىق كەلتۈرمەيدۇ.

— بوپتۇ ئەمىسە، ساقلاپ بەرمىسەم رەنجىـ
ـگۈدەكسەن.

ئۇ ماقۇل بولىدۇ. ئەمما ئۇ ت نىڭ قولىدىـ
ـكى ئامانەتنى ئېلىۋاتقاندا تېخىمۇ ھەيران قالىدۇ.
راست دېگەندەك بۇ «مۇھىم» نەرسە قەغەز بولاق
ئۈستىدىن يىپەك قول ياغلىق بىلەن چېگىلگەنىـ
ـدى.

— نېمە بۇ، ئالتۇنمۇ؟

— ئالتۇن ئەمەس، ئەمما ئالتۇندىنمۇ قىمـ
ـمەت مال.

— كەچۈرگىن ئاداش، بۇ ئامانىتىڭنىڭ
ھۆددىسىدىن مەن چىقالمىغۇدەكمەن. ئۆزۈڭ بىـ
ـلىسەن، ئېرىمنىڭ ئاچچىقى بەك يامان. ئۇ سې-
زىپ قالغۇدەك بولسا...

— ساندۇقىڭنىڭ تېگىگە سېلىۋەتسەڭ ئې-
رىڭ ئاختۇرۇپ يۈرەتتىمۇ.

— ئەمىسە ئېچىپ كۆرسەتكىن، نېمىلىكىـ
ـنى بىلىپ ئالاي.

— ھېلىلا كۆرمەسلىككە ماقۇل بولغانتىڭـ
ـغۇ، ماڭا ئىشەنمەمسەن؟

— ساڭىغۇ ئىشىنىمەن...

شۇنداق قىلىپ كۆڭ ياڭاقتەك چوڭلۇقتىكى
بۇ سىرلىق تۈگۈنچەك پ 2 دە قالىدۇ. ئەتىسى
كەچتە «ت تۇتۇلۇپ قاپتۇ» دېگەن خەۋەر مەكتەپ
ئىچىگە پۇر كېتىدۇ. بۇ چاغدا پ 2 ساندۇقىنىڭ
تېگىدىكى ھېلىقى سىرلىق تۈگۈنچەككە جىنايەتـ
ـنىڭ مەنبەسى يوشۇرۇنغاندەك، ھېلىلا ئۇنىمۇ
تۇتۇپ كېتىدىغاندەك ئۆزىدىن ئەنسىرەپ قالىدۇ.
«ئىسىت، نېمىشقىمۇ ئالغاندىمەن؟ ئۇ نەرسە زادى
نېمىدۇ؟ ت نېمە جىنايەت بىلەن تۇتۇلغاندۇ...» دەپ
پۇشايمان قىلىدۇ ئۇ. پ 2 ت نىڭ ئىز - دېرىكىـ
ـنى قىلىشقا باشلايدۇ، ئۇ شەھەردىكى تۆت ساقـ
ـچىخانىدىن سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ ئاخىرى ت نىڭ
دېرىكىنى شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىـ
ـدارىسىدىن ئالىدۇ. ئۇ شەھەرلىك جامائەت خەۋپـ
ـسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ خىزمەت بىناسىغا كىرىپ
ئىدارە باشلىقى بىلەن كۆرۈشىدۇ.

— ت دەيدىغان بىر ئوقۇتقۇچىنى تۇتۇپتىـ
ـكەنسىلەر؟

— شۇنداق، سىز ئۇنىڭ نېمىسى؟

— مەكتەپ مەسئۇلى.

— ھە، مۇنداق دەڭ، ئۇنى تۈنۈگۈن تۇتۇپ
كەلدۇق.

— نېمە جىنايەت بىلەن؟

— زەھەر ئەتكەسچىلىك جىنايىتىگە چېتىشـ
ـلىق ئىكەن. ئېنىقراق ئېيتقاندا خرويىن ئېلىپ
ساتقانىكەن.

ئۇنىڭ يۈرىكى جىغ قىلىپ قالدى. يېقىن
دوستۇم دەپ ئىشىنىپ يۈرگەن ئادىمىنى بىردىنلا
چۈشەندى. ئۆزى ساقلاۋاتقان تۈگۈنچەكنىڭ ئىنـ
ـتايىن خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى، ت نىڭمۇ ئاشۇ
نەرسە تۈپەيلى قولغا ئېلىنغانلىقىنى ھېس قىلىپ
ئۈلگۈردى.

— ناۋادا بىر ئادەم زەھەرلىك چېكىملىك
سودىسى بىلەن شۇغۇللانغۇچىنىڭ زاڭ مېلىنى

ساقلاپ بەرگەن بولسا ئۇمۇ جىنايەت ھېسابلىنامدۇ؟— دەپ سورايدۇ ئۇ .سەل دۇدۇقلاپ.

— ئەلۋەتتە جىنايەت ھېسابلىنىدۇ. ئاز دېگەندىمۇ 3 ـ 4 يىل تۈرمىدە يېتىشى مۇمكىن.

پ 2 نىڭ روھىي ھالىتىدىن، سورىغان سوئالىدىن بىرەر ئىشنى ھېس قىلغان تەجرىبىلىك ساقچى باشلىقى يەنە قوشۇپ قويىدۇ.

— ئەگەر زاڭ مالنى ساقلىغۇچى ئۇنى سوۋرۇشتۇرۇپ تېپىۋېلىشتىن ئاۋۋال تاپشۇرۇپ بەرسە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلمايدۇ، بەلكى مۇكاپاتلىنىدۇ. بىزدە بۇ ھەقتە قوشۇمچە بەلگىلىمە بار.

پ 2 ئىشخانىدىن چىقىپ كېتىدۇ. ئۇ بىر تەرەپتىن ئۆز تەقدىرىدىن ئەنسىرىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىگە تەسەللى بېرىدۇ؛ «ئۇلار ماڭا جىنايەت ئارتالىشى ناتايىن، مەن دېگەن مەكتەپ مۇدىرى، رەھبىرىي كادىر دېگەننى ئاسانلىقچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىشقا پېتىنالمايدۇ. ھەرقانچە قىلسىمۇ شۇنچە يىل جاپالىق ئىشلىگەن خىزمەتلىرىمنى دەپ بولسىمۇ ئۇنچىلىك ئىشتىن قوغداپ قالار...»

ئۇ چوتنى خاتا سوققانىدى. قانۇن ئۇنىڭغا يۈز ـ خاتىرە قىلمىدى. يۇقىرىمۇ بۇ ئىشتا ئۇنى قاناتى ئاستىغا ئالمىدى. ئۇنىڭغا 3 يىللىق قاماق جازاسى، 5 مىڭ يۈەن جەرىمانە تۆلەش جازاسى بېرىلدى.

## 4. قازاندا كۆيگەن ئوت

رىۋايەت قىلىنىشىچە شەيتاننىڭ ئەسلى ئىسمى ئىبلىس ئەلەيھىسسالام بولۇپ، ئىلىمدە كامالەتكە يەتكەن ئالىم ھەم ئوقۇتقۇچى ئىكەن. ئۇ ئاللانىڭ يېنىدا تۇرۇپ 70 مىڭ پەرىشتىگە دەرس سۆزلەيدىكەن، ئۇنىڭ نۇتۇقى ئاجايىپ ۋەزىنلىك، پاساھەتلىك بولغاچقا، پەرىشتىلەر تولۇق ئەستە قالدۇرۇشقا تىرىشىدىكەن. ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ دېگىنىگە ئۆزى ئەمەل قىلمىغاچقا ئىبلىس ئەلەيھىسسالام دېگەن سەلتەنەتلىك ئىسمى ئىبلىس ئەلەيھى لەنىتىگە ئۆزگەرتىلىپ ئەرشتىن قوغلانغانمىش. مىللەتنىڭ ئۇمىدى ۋە ئەتىسى — ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ئاق قەغەزدەك قەلبىگە ئىلىم ئۇرۇقلىرىنى چېچىۋاتقان، سەبىيلەر ئاتا ـ ئانىسىدىنمۇ بەكرەك قەدىرلەپ ھۆرمەتلەيدىغان ئاشۇ نەچچە ئوقۇتقۇچىنىڭ تۇيۇق يولغا كىرىپ خەلقنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىگە ئۇچرىشى، لەنىتى شەيتاننىڭ شەرمەندە بولۇشى بىلەن نېمىدېگەن ئوخشاش ـ ھە! ؟

شۇ كۈندىكى ئوچۇق سوت يىغىنىدا قانۇننىڭ جازاسىغا ئۇچرىغان جىنايەتچىلەر جەمئىي 56 نەپەر. بۇنىڭدىن نەشىگە چېتىلىدىغان (نەشە ياساغان، ئېلىپ ـ ساتقان، چەككەن ۋە نەشە ياساش مەقسىتىدە كەندىر تېرىغان) جىنايەتچى 19 نەپەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى دېگۈدەك ھايات مۇساپىسىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى تاماملاپ بولغانلار ئىدى. ئاق ئالۋاستى ـ خېروئىنغا چېتىلىدىغان (خېروئىن ئېلىپ ـ ساتقان، چەككەن ۋە باشقىلارنىڭكىنى ساقلاپ بەرگەن) جىنايەتچى 33 نەپەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاياللار ۋە ئېغىزىدىن ئانا سۈتى پۇراپ تۇرىدىغان ياشلار ئىدى. ئۇلاردىن 16 نەپەر جىنايەتچى خەلق سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن 2 يىلدىن 14 يىلغىچە قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. 24 نەپەر جىنايەتچىنى تەپتىش مەھكىمىسى قولغا ئېلىشقا تەستىقلاپ بۇيرۇق چۈشۈردى. 16 نەپەر جىنايەتچى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورۇنلىرى تەرىپىدىن بىر يىلدىن ئۈچ يىلغىچە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىشكە تاپشۇرۇلدى.

جىنايەتچىلەردىن 105 گرام خېروئىن، 45 كىلوگرام نەشە ۋە بىر بۆلۈك نەشە چېكىش سايمانلىرى يىغىۋېلىنغان بولۇپ، بۇلارنى خوتەن خەلقىنىڭ كۆز ئالدىدا ئاشكارا كۆيدۈرۈش ئۈچۈن گۇلباغنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان چوڭ قازانغا تۆكۈلدى. كۆيدۈرۈش بۇيرۇقى بېرىلىش بىلەن تەڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى خادىملىرى قازانغا بېنزىن چېچىپ ئوت يېقىۋەتتى. گۈپ قىلىپ تۇتاشقان ئوت يانغىنغا ئايلىنىپ خوتەننىڭ ئالتۇن تۈپرىقىنى بۇلغىغان زەھەرلەرنى چاراسلىتىپ كۆيدۈرۈشكە باشلىدى. خەلق بۇ يوغان قازانغا، قازاندا گۇرۇلدەپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا پۇخادىن چىققۇچە قاراپ تۇردى. زەھەر كۆيدۈرۈلۈۋاتقان قازاندىن غەلۋىردەك، تاۋاقتەك قىزىل يالقۇن كۆتۈرۈلۈپ ھاۋاغا ئۇچاتتى ـ دە، بوشلۇقتا كۆزدىن غايىب بولاتتى.

ئاۋاز ياڭراتقۇ قايتا ياڭراپ يىغىننىڭ تاماملانغانلىقى ئۇقتۇرۇلدى. جىنايەتچىلەر سېلىنغان ئاپتوموبىللار ساقچى ماشىنىلىرى ۋە موتسىكلىتلارنىڭ نازارىتىدە گۇلباغنىڭ شىمالىغا ئاستا يۈرۈپ كەتتى. خەلق بىر ـ بىرلەپ تارقاشقا باشلىدى. دەل شۇ چاغدا تۇساتتىن كىشىنىڭ باغرىنى سىيرىلىۋېتىدىغان بىر ھادىسە يۈز بەردى؛ چاچلىرى چۇۋۇلغان، ئورۇقلاپ چىرايى سارغىيىپ كەتكەن 9 ـ 10 ياش چامىسىدىكى بىر قىز ياداڭغۇ گەۋدىسىنى غازاڭدەك تىترىتىپ جىنايەتچىلەرنى يالاپ ئېلىپ ماڭغان ئاپتوموبىللارنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ بىر پاي ئايىغى نەلەردىدۇ چۈشۈپ قالغان، سول پۇتىدا كونا سېرىق چۇخەي تۇراتتى. ئۇ يىقىلىپ يەنە قوپاتتى. كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆككىنىچە بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتقان ئاپتوموبىللارغا قولىنى سوزۇپ ئېسەدەپ تۇۋلايتتى:

— ئانا! ، جېنىم ئانا! ...

# ستۇدېنتلار

**مۇھەررىردىن:** شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەشنى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى قىلغان ئالىي بىلىم يۇرتى. بۇ بىلىم يۇرتى ئوقۇتۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ياراملىق تايانچ كۈچلەرنى يېتىشتۈرۈپ بىرىپلا قالماي، يەنە ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈنمۇ قاسىم سىدىق، مۇسا ئەھەدلەردەك ئىقتىدارلىق ياش ئەدىبلەرنى يېتىشتۈرۈپ بەردى. بولۇپمۇ، يېقىنقى بىر - ئىككى يىلدىن بۇيان مەكتەپتە ياخشى ئەدەبىي مۇھىت بارلىققا كېلىپ قەلەمكەش ستۇدېنتلارنىڭ سان ۋە سۈپەتتە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئۆستى. ئابدۇقادىر جالالىدىن، جېلىل خېلىل، ئابلەت ئابدۇرېشىت (بەرقى) قاتارلىق ياش شائىرلارنىڭ تۇرتكىسى، ستۇدېنت ئاپتورلارنىڭ تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە بىرقەدەر مەنىلىك ئەدەبىي پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىلدى. ئۇلارنىڭ بۇ خىل قىزغىنلىقى ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھازىرى ۋە كەلگۈسى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقىغا ئىلھام بېرىش، باشقا ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدىكى قەلەمكەش ستۇدېنتلارنىڭمۇ جۇشقۇن ئەدەبىي ھايات يارىتىشىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ سانىدا شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىدىكى قەلەمكەش ستۇدېنتلارنىڭ تاللانغان شېئىرلىرىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇندۇق.

# ئايان بولغان غايىب قۇرلار

## جېلىل خېلىل

### تارىم

كەلدىڭ نەدىن، بارىسەن نەگە
تەبىرسىز قالغان چۈشقۇ ئېقىشىڭ.
بىغەم بەڭۋاشسەن، غالجىر، ئەسەبىي
ئوخشار قاغىغا غەمكىن بېقىشىڭ.

ئۈسكەك بۇقىدەك پاتماي قېنىڭغا
ئۆزگەرتىپ كەلدىڭ ئېقىش يولۇڭنى.
ئەگەشتى قۇملۇق، ئەگەشتى توغراق
ئەگەشتىم مەنمۇ تاشلاپ بارىمنى.

ئىچتىم سۈيۈڭنى ئىچكەندەك روھنى
تاپتىم ئۇنتۇلغان ياۋايىلىقنى.
بۆسكەندەك سەنمۇ قاشنى - قىرغاقنى
بۆسەي ئۆزۈمنى، تەڭرىنى، جاننى.

بىر قارىماققا تۆگىسەن ياۋاش
ھېسابسىز يۈكلەر مۈكچەيتكەن سېنى.
يېتەكلەپ ئالۋۇن سېنى ھەر تامان
ئالغان ئىگىلەپ سېنىڭ مەيلىڭنى.

بىر قارىماققا ئازغان كارۋانسەن
ئاققان ھەر تەرەپ كارۋان بېشى يوق.
باغلانغان رىسقىڭ سەپەرگە، چۆلگە
ئىستىگەنلىرىڭ كەتكەن يوق بولۇپ.

بىر قارىماققا كاتتا لۈكچەكسەن
تاكى ئەزەلدىن كۆنمىگەن تاپقا.
بىر قارىماققا ئوسال بەڭگىسەن
پېتىپ چۈشكۈنلۈك ئۈمىدسىزلىككە
ياتقان مەست - ئەلەس ئوخشاپ بىتاپقا.

يۈرەر ئۈستۈڭدە لەيلەپ ئەرۋاھلار
جىنلار توپ بولۇپ كېزەر بويۇڭنى.
ئاڭلىنار خىرە باخشىلار كۈيى
قىلغاندەك گويا سېنىڭ تويۇڭنى.

سىرلىق چاتقاللار چاچلىرىڭ بولۇپ
قايناق دەشتكىچە كەتكەن سوزۇلۇپ.
كېتەر سۇلىرىڭ بىردىن ئوت ئېلىپ
چۆل مەركىزىگە يېتىپ بارغاندا
ۋىسالغا يەتكەن ئاشىقتەك بولۇپ.

ئاھ، جەۋھەر دەريا شەكلىڭگە كىرىپ
قۇمغا ئۇن - تىنسىز ئاقمەن ھەر كۈن.
تومۇردا كەلكۈن باخشىلار كۈيى
تېنىم سۈيىڭدىن ئۆرلىگەن تۈتۈن.

## سەن مەن پەيتى

1

سۆيدۈم سايەڭنى
كىرىپ كەلدىڭ شەكلىمگە
ئۇزاپ كەتتىم سەندىن ساڭا سەنسىز...
بولغانغان ئىدىڭ
ئىچىمدىكى ئەلمىساقنىڭ بەرگىدە،
شۇڭا شۇندىن شۇ تۇسىگە كىرمەكتىمەن
دېڭىز نىقابى تارتىلىپ قاغجىرىغان كېمىلەردە.
سەن قوم قۇشقىچى
بوران يالاپ قىزىل گۆشكە ئايلانغان تۇرقۇڭ
كۆك شېخىغا تۇك - پەيلىرىڭ قالغان ئىلمىشىپ.
نۇر ھاڭلىرىدا قارايغان ئۆزۈم
كەلمەكتە
كەلگەندەك
مەندىن ماڭا مەنسىز مەنلىنىپ
خۇشپۇراق سېسىپ.

2

بەك يىراق سۈكۈناتتا مەۋجۇتلۇقۇم
تۇغۇلغان قېرى جانان تۈنجى باھاردا
چېچەكلەر ھەرىكەتلەنگەن دېڭىلەردەك
تۇيغۇم قاتلىمىدا پەسىل جەسىتى
ئاھىمدا ھۆركىرىگەن سەنىنىڭ «سەن» ى
قۇياش دەرياسى دولقۇنلىغان كۆزلەردىكى ئاسمان
يىلتىزىدا.
ماڭا ئاققان بارچە لەززەت شېرىنلىكى،
زامان يېرىقىدا تا ئاخىرغىچە قىزىل بويالغان سەپەر
سەندىن ساڭا داۋام قىلماقتا ماڭا
يىلان نەشتىرىدە چېچەكلىگەن نازاكەت گويا
بالىياتقۇ ئىچرە ئەركىن ھاياتتەك گويا!...
شۇنداق بىر كۈنى
قويقاندا گۆرلەر ئەمچەك ئۇستىدە
ئۆزۈم ماڭا قايتىپ كەلگەندە
يۇكسىلىدۇ شامال تاشقىنى ئىچىمدىكى
قىزىتمىدىن.
كۆرۈنمەس ھاسىلاتنىڭ بارا - بارا ئۆچۈۋاتقان
يارقىنلىقىدا
ئۆلتۈرسەن ھايات قىلىپ سەن مېنى
تىرىلدۈرمەن ئۆلۈم قىلىپ مەن سېنى
يېپىلمىز قار ياغىدىغان ئاپتاپتەك
ئۇلۇغۋار خاتىرجەم زاتى بولۇپ يوقلۇقنىڭ
سەن مەن پەيتىدىن...

## جەۋھەر كېچە

قارا باستىمۇ
كۆتۈرمەكتە تۇمشۇقىدا شاماللار مېنى.
يۇلتۇزلانغان ھەۋەسلەردە چېقىلىدۇ تۈن
ئايالار يايلاق -
يايلاقلارنىڭ گۇگۇمىدا تولپار قايىنمى.
ئەي روھ تەمى
ئەي تىكەن شىرنىسى
ئۆرلىمەكتە چاڭقىشىمنىڭ تۈتۈنى.
ئوينىتىسەن مېنى ھەر خىل ئويناشلىرىڭدا
قانماقتا سەۋدايىمنىڭ ئەسەبىي تۈنى.
بۇرۇندىن - بۇرۇن
يەلكەن ئىدىم كۆزلىرىڭنىڭ چوڭقۇرلۇقىدا
قاچان مېنى پاچاق - پاچاق ئەيلىدى دولقۇن
شۇندىن بۇيان چوڭ گۇناھنى يازدىم ئۆزۈمگە.
مانا ئەمدى
ئالەم يېڭى بىنا بولغاندەك
جەۋھەرلىرىم چاقنىماقتا تاتارغان سەندە
ئېلىپ كەلدىڭ مېنى باغلاپ باياشاد غەمگە.
قاسىرقىنى بوياپ سېھرىي بوياقلار بىلەن
يۇيۇپ بارچە گۇناھلىرىنى
يۆگىلىۋاتقان يىلاندۇرمەن سېنىڭ تېنىڭگە.

چاقماقسىمان دېڭىلىرى قۇترىغان ئەسنىڭ
شۇنداقلا
ھالقىپ ئاتەش ۋادىلىرىدىن
كۆتۈرمەكتە تۇمشۇقىدا شاماللار مېنى.
مەن ئازماس ئېزىتقۇ
بۇ دەم مەندەك ھىجرانكەشنىڭ قۇتلۇق بايرىمى!...

# بىر ئۇلۇغ نۇر هامان كەتمەس كۆچىدىن

## تۇرغۇنجان تۇرسۇن



تۇرغۇنجان تۇرسۇن 1973 - يىلى 20 - ئىيۇن پوسكام ناهىيىسىنىڭ گۈلباغ يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1991 - يىلى يەكەن دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرۈپ، ئۆز يېزىسىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، هازىر شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىدا ئوقۇۋاتىدۇ.

تۇرغۇنجان تۇرسۇن ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كۈچلۈك ئىشتىياق باغلاپ، هازىرغىچە هەرقايسى مەتبۇئاتلاردا 100 پارچىدىن كۆپرەك شېئىر، هېكايە، ماقالە ۋە تەرجىمە ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدۇرغان. «تەختىنى كىم تىكلەيدۇ»، «21 - ئەسىرنىڭ هارپىسىدا»، «ئاچچىق شەبنەم تەزكىرىسى»، «سەهرالار ۋەتەنىنىڭ ئالتۇن تۇپرىقى» قاتارلىق 13 پارچە ماقالە، نەسىر ۋە شېئىرى هەر خىل مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. ئۇ هازىر شىنجاڭ ئەدەبىي ئاخبارات ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

## كېچىدىكى شەھەر

تىكىلەر زېمىنغا كوچا چىرىغى،
هەر بىر تال سۇزۇك نۇر سانجىلغان جايدا
كۈندۈزنىڭ ئىزلىرى كېتەر كۆۋەجەپ.

كۈندۈزنىڭ پۈرىقى يەنە هۆكۈمران،
كېچىنى تاپماق تەس سىيلىق كوچىدىن.
قاراپ باق ئامرىقىم پۈتكۈل كېچىگە،
بىر ئۇلۇغ نۇر هامان كەتمەس كۆچىدىن.

يوللارنىڭ قۇدرەتلىك مۇهەببىتىدىن
چاقلارنىڭ جىسمىدا يېلىنجايدۇ ئوت.
هاياتنى يەنىلا توشۇيدۇ تاكسى،
شوپۇرنىڭ كۆزىدىن چېچىلىدۇ قۇت.

يالغۇزلۇق، مەن سېنى قۇچاقلاش ئۇچۇن
هەسرەتلىك مۇزىكا قويىنىدىن باشقا
زىنهار تاپالمايمەن قاراڭغۇ جايىنى.
كۆزۈمگە تارتىلغان ئەخلاق پەردىسى،
ماڭىمەن سۈكۈتكە، كۆرمىگەن بولۇپ
قۇملۇقتەك چاڭقىغان روهىمغا ئەمەس
تېنىمگە سوقۇلغان ساناقسىز ئايىنى.

بىنالار ئىچىدە بارمۇ دەپ كېچە،
ئىنتىلىپ قارايمەن دېرىزىلەرگە.
بىنالار بەك ئېگىز، مەن بەكمۇ پاكار
بولغاچقا، سەهرايىم كېلەر ئېسىمگە.

## توشقان

بەرق ئۇرۇپ چىقتى ساقاللار،
قىز بالىدىن باشقا نەرسىلەر
تاشلاپ كەتتى چوغدەك يۈرەكنى.
دېكابىردا ئاپئاق توشقاننى
ئايلاندۇردۇم ئۆزۈمگە.
كىيدىم ئۇچامغا
ئەخلاقتا توقۇلغان پوپايكىنى،
ئەخلاقتا تىكىلگەن پەلتۇنى.
ئاندىن تىترەشكە باشلىدىم
خىيالىمدىكى قىزنىڭ ئالدىدا.

ئىككى مۆچەللىك ئۆمرۈمدە
ئۇدا ئۆگىنىپمۇ ئۇيغۇر تىلىنى،
تىل چاينىدىم خىيالىمدىلا.
هەي، قىز بالا، قىز بالا،
مۇمكىن قورقۇپ قېچىپ كېتىشىم
تۇرۇپ قالساڭ ئالدىمدا.

لەپ - لەپ قىلىپ ياغدى ئاپئاق قار،
بەرق ئۇرۇپ تۇردى ساقاللار.
چۈشۈمدە بىر قىزنىڭ ئالدىدىن
قېچىپ كەتتى ئەخلاقلىق توشقان.

## يۈرەكنى نىقابلاش

بىر غۇۋا ئادەمگە يېقىنلا جايدا
ماغدۇرسىز ئىزلارنى ئۇچۇرۇۋاتقان
قۇيۇن تاز گۈگۈمنى يۈرىدۇ ئەگىپ.
گۈگۈمنى يىراقتا كۈتىدۇ سەهەر،
قۇياش تاغ كەينىدە ياتىدۇ سەگىپ.

ئۇ يەنە بۇرۇنقى كۆرۈمسىز ئادەم،
بىر قىزمۇ چوغ ئوقيا ئاتمايدۇ ئاڭا.
كالېندار بىر بېخىل سودىگەر كەبى
ئالتۇندەك دەملەرنى ساتمايدۇ ئاڭا.
شۇ قەدەر پاك هەمدە يۇمران ياپراقلار

ئۇنىڭدىن ھىد كەلسە ئۇچار كۆز تامان.
ئۇ تاقاپ كۆزىگە ساختا كۆزەينەك
گۈل تىزىپ پۇتىنىڭ كۆپۈكلىرىدىن
قۇپقۇرۇق كۆڭلىنى بېزەيدۇ ھامان.

بەزىدە ئۇ دوراپ كېتەر بايلارنىڭ
كۆكنى چاڭ كەلتۈرۈپ كۈلۈشلىرىنى.
ۋە بەزى يالداما سۈرەتكە قاراپ
ئۆزىنى تۇتالماي كېتىدۇ دوراپ
ئاشىقنىڭ مەشۇقنى سۆيۈشلىرىنى.
ئۇ پەقەت بىلىدۇ دورىمىسىمۇ
ھەقىقىي قولاقتا چۆچەك ئاڭلاشنى،
ھەقىقىي چۈشلەردە كۈلۈپ ياشاشنى.

# قېچىش

رەھمەت ساڭا، قەدىردان تاكسى،
قۇتۇلدۇردۇڭ مېنى ئۇ قىزدىن.

ئاينى كۆرۈپ قالغاندا قۇياش،
تاغ كەينىگە مۆككەنگە ئوخشاش،
قىزنى ھىدلاپ قالسا يۈرىكىم
يوشۇرىدۇ مېنى قارا تاش.
تۈن قوينىدىن پىرقىراپ چىققان
بىر تاكسى سەن جېنىم قارا تاش.
رەت قىلىنغان يۈرىكىملا بار،
بىر سەن ئاڭا ئەڭ ئوماق دىلدار.
خەتىرى كۆپ قىزلاردىن خالىي
بىر زېمىنغا مېنى باشلاپ بار.

دەم سەھراغا پېتىپ كەتكۈم بار،
دەم شەھەرگە قېچىپ كەتكۈم بار.
تونۇش ئادەم، ئۆي، خىزمەت، مائاش —
ھەممىسىدىن كېچىپ كەتكۈم بار.
تاكسى، ئەي تاكسى
چەكسىز ھۆزۈر سەندە ئولتۇرۇش.
قىزلار ھەۋەستە قالىدۇ قاراپ،
ئېھتىرام بىلەن تۇۋلار مەيپۇرۇش.
غەمكىن دوقمۇشتا يۈرمەيمەن ئۇچراپ،
ھاجەتسىز ھەم قىزغا يالۋۇرۇش.

قالار يىراقتا پىغانلىق ئىزلار،
كۆل، مەجنۇنتال، سوغۇق بولاقلار.
مېنى ئېلىپ بار ھېچكىم يوق جايغا،
بولمىسا مەيلى ئىللىق قۇچاقلار.

مەيلى،
بىر - ئىككى كۈن تاماق يېمىسەم،
بىر يىل يېڭى كىيىم كىيمىسەم.
مەيلى بىر ئاي تاپقان پۇلۇمنى
(بىر ھەپتىدە تۈگىسىمۇ گەر)
دەردلىك جايدىن قۇتۇلدۇرغۇچى —
ئۇلۇغ تاكسى، ساڭا خەجلىسەم.

# ئۈمىد ئۇرۇقى

بار بىر تاللا ئۈمىد ئۇرۇقى،
تېرىماقچى بولسام مەن ئۇنى،
تەگدى ماڭا قىشنىڭ توپرىقى.

توڭلاپ كەتتى قىشنىڭ توپرىقى.

قىزلار، قىزلار، پەرىشتە قىزلار،
مۇنبەت توپراق ئوتلۇق كۆزۈڭلار.
بۇ ئۇرۇقنى مەن تېراي ئاڭا.
قېنى، ماڭا يېقىن تۇرۇڭلار.
ئەپسۇس، مۇنبەت كۆزۈڭلاردىمۇ
ئاللىبۇرۇن بوپتۇ چېچەكلەپ
بىر ناتونۇش ئەرنىڭ بۇرۇتى.

بۇ شەھەردە پەقەت ئادەم بار
بىر - بىرىنى تونۇمايدىغان.
بىر يانچۇقچى كېتىدۇ بولاپ،
بۇ ئۇرۇقنى چىقارغان ھامان.

مۇز كەنتىدۇر قىشنىڭ توپرىقى،
قىز كۆزىدە ياتنىڭ بۇرۇتى.
بۇ كەڭ شەھەر — تۇخۇ كاتىكى،
مەندە بىر تال ئۈمىد ئۇرۇقى.

# كۆزلەر سىرى

## ئىبراھىم سۇلايمان

قۇياش —
ئەي، سەن جاھانەمنىڭ سېھىرلىك كۆزى،
جەلپ قىلار شەپەرەڭدىن باشقىسىنى

ھاياتلىق يوق ئۆزگە، يىلانغىمۇ ھەم
چېچەكلىتەر شولاڭ
سۇ ئاستىدىكى جانلارغا قەدەر.

لەپىلدەر
پەخىرلىك بايراقلىرىمىز قەۋەت بىنا ئۈستىدە
ئەي قۇياش!
كۆزۈڭ نۇرى چاقار مەشئەلدىن بالقىپ
دوقمۇشلاردا قول سۇنغانلارنى. . .
كۆز تەگمىسۇن
چەكلەنگەن نامەھرەم تەنلەر
زەھەرلەنگەن بىھوش بىر بېلىق.
يوقىلىش، ئىبلىس - شەيتانلار!
كۇرمىڭ پاسىق ئازدى كەينىڭدىن
ياكى تەڭرى كەتكەندۇر ئېزىپ؟!
ئالەم بار - قۇتۇلۇش.
چۇمپەردىنى يەشسەم بىراقلا
ئىزا تارتىپ قالسۇن تەڭقىسلىق.
ۋۇجۇدۇم بىر پاكلىق ئەلچىسى
تازىلايدۇ
مەدەنىيەتنىڭ كۆزىدە داغنى.
روھلار بايرام ئەتسە كۈي ئارا
ئايلاندۇرۇپ بىرمۇ - بىر
يوقلۇق تۆشەكلىرىدە قاتقان ئاڭلارنى.
شۈكرىكىم بىھېساب
ناموۋاپىق كەلمەس ئانا سۈت
كالا سۈتى ئەمىسە بوۋاق.
ئادەم نېمە؟ ھايۋان نېمە؟ بىلمەن. بىراق. . .
كۆز —
پىلانىتا ئارا رەڭلەر ئۆلگىسى
ۋە ياكى ئەڭ سىرلىق نۇر ئاتوم،
پارتلايدۇ ئۇندىن نومۇسلار.

ئەي، تەڭرى!
ئادەملەر ئارىسىدا
تەبىئەتنىڭ چەكسىز قوينىدا
كىممۇ ئەيىبلىرىنى يوشۇرالىدى؟!
تىلسىملارغا ئامال يوق ئەمدى:
مەن بىخۇتلۇقنىڭ كۆزىدىن ئېتىلغان بىر ئوق.
سەۋرلەرنىڭ ئىستىھكاملىرىنى پاچاقلاش زۆرۈر.
قايتمايمەن يولدىن
ئۆلۈم ئىلھام سەپەرلىرىمگە.
كۆپتۈر چۈنكى ھەقىقەت كۆزى
ئېلىپ تۇرار نىگاتىپلىرىغا.
ئەي، يېشىنگەن پاكلىق!
قۇچاقلىغىن ئادەملىرىمنى،
تەننەرخىنى ئالغىن يېقىردىن!

# شەنبە، ياتاق، مەن

## ئەكرەم ئابدۇمىجىت

ھەر قېتىمقى شەنبە ئاخشىمى
چېچەكلەيدۇ ھىجران بىباھا،
تەنھالىقتا قالغان ياتاقتا.
يوق بۇ يەردە شىرەم تۇغقىنىم
يوق بۇ يەردە ئەكبەر، ساداقەت.
ئىزلىگىنىم بىر تال تاماكا،
بىر ئىستاكان قايناق سۇ پەقەت.
كۈلەلمەيمەن بىرپەس قاقاقلاپ،
تۆكەلمەيمەن يېشىمنى مەغرۇر.
سوۋغا قىلار پىۋا ھىدىنى،
چالا كەيىپ بولغان كارىدور.
قالغاندىكىن شەنبە ياتاقتا،
ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئۇراي،
يېرىم باھا بۈگۈن ئەلۋەتتە.

# كۆچمەن چارۋىچى

## رېھىمجان ئابدۇراخمان

(1)
يان باغىرغا
بۇلۇتلار كەلگەندە پەسلەپ
چۈشۈپ كەتكەن ئىدۇق ئۇنىڭدىن
تارتىشقاندۇق مېھرىڭگە سىڭىپ
بىز سۆيىمىز ئاسماننى قەۋەت
ئەركىنلىك كۆپ ئۇندا ئېھتىمال
ياكى ئېگىز تاغلاردىكى خادا ئارىسىدا
بەلكىم
سۇغۇرلارنىڭ ئۇۋىسىدىن يىراق جايلاردا
باردۇر ھاڭ - تاڭ قالارلىق يېڭى مەنزىرە.
بەلكىم

قارلىق چوققىنىڭ ئىرقى ئىشىدا
باردۇر بىزگە ئەبەدلىك يايلاق.
ئىچىلغاندۇر يۇلتۇز كۆزلۈك گۈللەر ھۆپپىدە
بۆرىلەر ساقلاپ تۇرغاندۇر تىنماي كۆز تىكىپ. . .
بۇلاقلاردەك مەڭگۈلۈك بىر سۆز
ئالغا!

(2)

بىز ئىچكەن بۇلاقلارنىڭ كۆزىدىن
كېرىلىدۇ دەريالارنىڭ قانىتى.
بۇ يەرلەر
سەن ئويلىغاندىن بەك چەكسىز يايلاق.
ياكى
تىرىلىپ كەتكەن پارىلار ئاپئاق
تىرىلىپ كەتكەن يۇلتۇزلار ئاپئاق
تاغ ئۈستىدە ئولتۇرغان ئاينىڭ
ئىچىدىكى شىددەتلىك ۋەھشىي
بۆرىلەرنىڭ كۆزلىرىمۇ ئاق.
چوققىدىكى تىكىلىپ تۇرغان
كۈمۈش رەڭلىك جىلۋىدار قار پاك.
تاڭ ساباسى يەلپۈتكەن مەيىن
گۈزەل كۆكنىڭ تال - تال چاچلىرى،
ساداسىزلا يىغلىغان تاغنىڭ
دېڭىز بولۇپ تاشماس ياشلىرى،
جىمجىت سەھەر پەيتىدىكى
تورغايلارنىڭ ۋىلىقلاشلىرى،
تىمتاسلارنى چەكسىز سېغىنغان
ئاپئاق تاشتىكى تەنھا لەيلى ھەم
ئىلاھى سۆيەتتە يارالغان شۇنداق!
ھېچ بولمىسا
يوللاردا ئەبەدلىك ھەمراھ
يول، تاغ، يايلاق ۋە بۇلاق
كۆرۈنمەس يوللارنى باسقان بۇ ئاياغ!
بۇلاقلاردەك مەڭگۈلۈك بىر سۆز
بىپايان كەڭلىكنى قوغلايدۇ تىنماي
ئالغا!

(3)

تومۇزلارغا بەرگەن سۆزنى بىز
كۆيۈپ كېتىمىز لاۋۇلداپ ئوتدا. . .
كۆمۈلگەن قارلاردىن دەس تۇرىمىز
شۇ پەيتتە تاغلارمۇ دەس تۇرىدۇ ھەم.
قۇلۇپلار سېلىنغىسىز ئاسمان غارلىرىغا
ئۆچرايدۇ يوللاردا يالىڭاچ تۇرغان
بەش مىڭ يىل بۇرۇنقى ياۋايى ئادەم.
ئۆچرايدۇ پادىسىز تۇرغان جەسەتلەر
قاراڭغۇ چاناقلار
قاچىدۇ ئەرۋاھلار ئوتدىن دەممۇ دەم.
پەرۋاسىز بۇ ھايات كۆپكۆك ئاسماندەك
پەرۋاسىز ساقاللىق بۇركۈت كۆز ئادەم.

(4)

كەڭ قاناتنى كېرىيدۇ لاچىن
كەڭ قاناتنى كېرىيدۇ ئاسمان.
چاتقاللار ئىچىدە تېنەيدۇ ئەنسىز
ئوۋ نىشانى بولغان بوز توشقان.
ئېلىپ ماڭغاندۇر بەش مىليون يىللىق
تېنەپ يۈرگەن سانسىز ئەرۋاھنى
سۆڭەك تېرىپ يۈرگەن قۇيۇنتاز. . .
چىملاردا ئېغناپ ياتقان سۇلاردا
شامال بىلەن ماڭغان يىللاردا
قەلبىنىڭ ئەڭ يىراق گىرۋەكلىرىدە
ياكى قارلارنىڭ چۈشىنىكسىز ئاراشلىرىدا
باردۇر بەلكىم
يىلقىلار ئوتلاپ يۈرگەن
تەسەۋۋۇرسىز شىددەتلىك يايلاق،
ۋەتەنسىز سىگانلاردەك
بىر ئەجەل قۇشى
ئۆز - ئۆزىنى ئالار بوغۇزلاپ.
ئەلۋىدا،
ئەلۋىدا تاغلاردىن ھالقىغان يىراق!

(5)

ئىس پۇرقىرىغان كىگىز ئۆيلەرنى
دەس تۇرۇپ ئاسمانغا تاقاشقان تاغنى
قويلارنىڭ مۆلدۈرلەپ قاراشلىرىنى
ئىسسىۋالار بەش مېترلىق قار.
دىۋە سۆيەت قاپقارا بوران
دەھشەت چېشلىق چاقلىرىدا
قېلىن - قېلىن كىگىز بۇلۇتنى ياپار.
شۇنداق!
باھار بۇ يەردىن يىراق
بىخلارنىڭ قاپقارا كۆزى
چېچەكلەرنىڭ مەيىن كۆلۈمسىرەشلىرى
قىپقىزىل قوياشنىڭ خۇش بۇي ھىدلىرى
ھېسسىياتچان شامالنىڭ كۆڭلەك سىلىشى
قىپيالىڭاچ دەريانىڭ ئېغىناشلىرى
توڭلاپ قالغان مەڭزىلەردىن ئۇزاق
بۇ جاينىڭ قىشى بەك سوغۇق.

# ئۈچ شېئىر

## ھاياتنىيۇس مۇھەممەت



ھاياتنىيۇس مۇھەممەت 1976 - يىلى ئۆكتەبىردە قاراقاش ناھىيىسىنىڭ تۇۋەت يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1991 - يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرۈپ ئۆز يېزىسىدا ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىملەنگەن.

ھاياتنىيۇسنىڭ ئەسەرلىرى 1992 - يىلىدىن باشلاپ مەتبۇئاتلاردا كۆرۈلۈشكە باشلىغان بولۇپ، ھازىرغا قەدەر «تەڭرىتاغ»، «شىنجاڭ ياشلىرى»، «شىنجاڭ ئاياللىرى» ۋە «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا «قىز قەلبىدىن قوغلانغان بوگۈن»، «سەھەردىكى مونولوگلار»، «ھازىرقى زامان ئاياللىرىنىڭ ئوبرازى» قاتارلىق 100 پارچىغا يېقىن شېئىر، ھېكايە ۋە ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغان. ئۈچ پارچە ماقالىسى «شىنجاڭ ئاياللىرى» ۋە «خوتەن گېزىتى» تەرىپىدىن 1 - ۋە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. «قىز - ئاياللارغا مەسلىھەت» ناملىق كىتابى نەشر قىلىنغان. ئۇ ھازىر شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇۋاتىدۇ.

### «مەن» تەزكىرىسى

سۈكۈتتىكى پىچىرلىشىڭدا،
قاچانغىچە تۈنەيسەن يۈرەك؟
ئۆز - ئۆزۈمدىن بىزار بولغان چاغ،
يەنە كىملەر ماڭا بېكىرەك؟

* *

قاچانلاردىن كەلگەنسەن ياشاپ،
تەنھالىقىم خىلۋەتلىرىدە؟
ۋىسال تاپتۇق بەلكىم ھىجراندا،
پىتىرقاشتا كۈتۈشۈپ شۇنچە.

خىيالىمدا ياشىغان ئۈمىد،
ئىزدەشتۈرۈپ يۈرەركىن كىمنى؟
چۈش كۆرگەندەك چۆچۈپ ئويغىنىپ،
ئۇنتۇپ كەتسەم دەيمەن بىر سېنى.

قوغلىيالماي خىياللىرىمنى،
ئالداپ كىمنى، ئالدانديم كىمگە؟
رېئاللىققا قايتىش كېرەكتۇر...
ئادەم شۇنداق خائىن بىر نېمە!

ئۇنتۇپ كەتسەم دەيمەن ھەممىنى،
ئېھتىمالغا قالسىمۇ ئۆكسۈش.
ئىنكار قىلىش ئازابلىق شۇنچە،
قىيىن ئۆزىن ئالداپمۇ ئۆتۈش...

سەرسانلانغان بەختلىك ئازاب،
قىرتاقىنە كۈي تۆكسە كېلىپ.
ھېسسىياتلىق ئادەملىكىمنى،
يۈرەكلىرىڭ قالغاندۇ سېزىپ.

ياشاپ كەلدىم قانداق مودىدا؟
«شۈكرى» لەردە باردۇر ئارمىنىم!
كىملەر بىلەن يۈردۈم ئارىلىشىپ،
ئەسلى كىمگە بار ئىدى مەيلىم؟...

دۇنيايىمغا ياتلاشقان كۈنلەر،
ئويغىتىدۇ ھارغىن سېغىنىش.
باغلاپ تۇرار سېنى ھاياتقا،
ئەڭ ئاداققى ئازابلىق بىلىش...

### چۈنكى مەن ھايات

تىرەن ئازاب سەرسانلىقىدا،
شۇنچە مەغرۇر يىتىمسىرىشىم.
ئىھ ئارماندا چاراسلاپ كۆيۈش،
ئوت بۇيكەتتى ئۇندا كۆز يېشىم.
ئۇماقىنە تىنچسىزلىقتا،
قەدىردانسەن ئىزگۇ بوگۈنۈم.
تاللىۋالدىڭ چۈچۈمەل بەخت،
ئىلكىمدىكى بىر تەنھا ئۆزۈم.
روھىم سىڭگەن چەكسىزلىكلەردە.
ئەسىرلەردىن ھالقىيدۇ قىسمەت،
ئۆز ئەسلىگە سادىق قۇدرەتتە.
ۋۇجۇدۇمدىن تۇغۇلار كۈنۈم.
ھېسلار ئارا شۇۋىرلاشلاردەك،
ئوخشاپ قالسام تىلسىم ناخشىغا.
ئەقىدەمنى سىرغىتىپ رەڭدار،
تىمتاسلىقتىن ئوخچار ئۆز ئۈنۈم.
ھىجرانلاردا يۇيۇنسام ئەگەر،
سۈكۈتلەرگە كەتسەم تۇتىشىپ.
ئۆكسىمىگىن تەنھا يۈرىكىم!
ئاھ، شەكىلسىز چاقناشلىرىڭدا،
كۈت، يۇلتۇزۇڭ بولغىچە زاھىر.
پاك ھەسرەتتە شاۋقۇنلاپ كىرىپ.
ئىلكىڭدىكى قاتىلدىن چوقۇم،
قىساسىمنى ئالىمەن ئاخىر!

## جاۋاب

چىلىلىما ئاھ مېنى ئازاپلىرىڭغا!
ئەقىدەڭ ھەم مېنى قالمىسۇن تونۇپ.
تونۇغۇم يوق سېنى، ئۆتۈپ كەت ئاستا،
قالمىسۇن ئارامىم ساڭا تۇتۇلۇپ.

سەن ئاشىق بولغانسەن ماڭا ئېھتىمال،
تۈنجى رەت بىز تېخى كۆرۈشمەستىنلا.

كەلگەنسەن تىمتاسلا قەلبىڭگە سىڭىپ،
ئۈمىدلەر توزىغان باھاردەك گويا.

بەلكىم مەن ئىزدەپ يۈرگەن بىر ئادەم،
تەنھالىق بوپ ياغقان يېشىل قار كەبى.
ھەممىدىن خوشلاشسام كەچۈر قايتىدىن،
ئۆزۈمگە ئىرىشىپ قالارمەن بەلكى...

# ئۈچ شېئىر

ئابلىمىت ئابدۇلباقى

## تەنھالىق، كېچە

شەپەقتىن سىرغىيدۇ يېگانە قۇياش،
چەكسىزلىك بولىدۇ يۇلتۇزلار ئۆيى.
غېرىب بىر كەپىدە تەنھا ئېچىرقاش،
ياڭرايدۇ ھەسرەتلىك كەچمىشنىڭ كۈيى.

1

سۆيۈلۈش - قاندىكى دولقۇننىڭ ئەۋجى،
سۆيۈشتىن گۈزەللىك تۇغىدۇ ھايات.
مۇھەببەت - يۈرەكنىڭ «يۈرىكى» - ۋەجى،
ئۇ بەخت، جەننەتكە ئۇچقۇچى قانات.

جۇدالىق - ۋىسالغا ئاچچىق تېتىتقۇ،
ئاھ! ئۇنى بىر يۈرەك بىلىدۇ تەنھا.
تىلسىملىق سۆيگۈنى ئىزلەر ئېزىتقۇ،
ئايمۇ ھەم ئۇلتۇرار ئاستا ۋە ئاستا.

2

تەنھا ئۆي، تەنھا روھ، مىسكىن مۇزىكا،
كەپەمگە ئىزتىراپ كېلەر يېقىنلاپ.
يىراقلار گۈلنىگار كىيىپ ئاق يوپكا،
قەلبىمنىڭ قېتىدا چوغدەك يېلىنجاپ.

باغرىمدا بىر مەھەل بولماقتا زاھىر،
ۋىسال ۋە ھىجراننىڭ پۈتمەس كۆز يېشى.
مۇزىكا سېھرىدىن تۆكۈلەر بىر - بىر،
ھەسرەتلىك يۈرەكنىڭ ئاچچىق كەچمىشى.

3

تەنھا ئۆي، زۇلمەت تۈن، ئازابلىق پىراق،
ناخشىلار ھاياتتىن بېرىدۇ دېرەك.
ئۇنتۇلغان بۇ كەپە - ئالەمدىن يىراق،
سۈبھىنىڭ ئۈستىدە كۆيىدۇ يۈرەك.

## سۈبھى سىزىقىدا ئولتۇرۇش

دەرەخنىڭ چۈشى ئۇ يېشىل نۇرسىمان،
بوشلۇقتا لەيلىمەس ئازاب بۇلۇتى.
ئۇ چەكسىز يىراقلاپ كەتكەن بەختىنىڭ،
يېزىلماس ھالىتى، قاراڭغۇلۇقى.

جۇغلايدۇ قېنىغا ئىككى تەرەپنى،
ئۆلۈم ۋە تۇغۇمنىڭ بار - يوقلۇقىدا.
يېگانە ئۇيۇقتا ئۇخلىغان ئەرۋاھ،
تاشلايدۇ دۇنياغا كېسەلمەن گۇناھ.

ھەيۋەتلىك چوققىنىڭ چوڭقۇرلۇقىدا،
ئويغىنار قان ۋە بىر قاپقارا يىلتىز.
سۇمبۇل خىياللارنىڭ ئويناقلىشىدا،
يىراقلاپ - يېقىنلاپ تۇرىدۇ بىر قىز.

## كۆلەڭگە

ئاق ئازابقا چۈمكەر دۇنيانى،
چىغىر يولدا يىلاندەك سەھەر.
سويلاپ كىرەر يوقلۇق رېڭىمدە،
ئىھ، پەرىشان قەلبىمگە قەدەر.

# ئەخلاق سەرگىدىسىدىن تۇغۇلغان خىياللار

(ئەدەبىي خاتىرە)



## دولقۇن ئەلى

**ئاپتور سۆزى:** بىزگە مەلۇم، ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەت ئىجتىمائىي ئاڭنى بەلگىلەيدۇ. كىشىلەرنىڭمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ بولغان كىشىلىك قىممەت قارىشى، دۇنيا قارىشى، تۇرمۇش قارىشى، ئەخلاق قارىشى بارلىققا كېلىدۇ. نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت بىزدىن ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىيەت، ئەخلاق قاتارلىق ساھەلەردە يېڭى قاراش تۇرغۇزۇپ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى چېكىدىن ئاشقان پۇلپەرەسلىك، شەخسىيەتچىلىك ۋە باشقا چىرىك تۇرمۇش قارىشىنى چەكلىشىمىزنى تەلەپ قىلماقتا. بىزنىڭ مىللىتىمىز ئۇزۇن تارىخقا ئىگە قەدىمىي مەدەنىيەتلىك مىللەت. بىزنىڭ مىللىتىمىز گۈزەل ئەخلاق ئەنئەنىسىگە ئىگە، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز كىشىلەرنىڭ قەلبىنى مەڭگۈ يورۇتۇپ، سۆز - ھەرىكەتلىرىنى ئۆلچەملەشتۈرىدىغان ئۆچمەس مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن. ئەپسۇسكى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مىللىي روھ كرىزىسقا دۇچ كەلدى، ئۇيغۇر ئەخلاقى تىراگېدىيىلىك تۈس ئېلىشقا باشلىدى، مىللىتىمىزنىڭ گۈزەل ئەخلاقى بىلەن سىغىشالمايدىغان، سوتسىيالىستىك ئەخلاققا زىت بىرمۇنچە كونا ئىللەتلەر قايتا باش كۆتۈرۈپ قالدى. بىرمۇنچە ناچار ئىللەت، ناچار ھادىسىلەر يېڭىدىن پەيدا بولۇپ مىللىتىمىزنى چۆچۈتمەكتە، مىللىتىمىزنىڭ ئىچكى ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرماقتا، دۇنيادىكى ئىلغار مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ، يۈكسەك قامىتىمىزنى نامايان قىلىشىمىزغا توسالغۇ بولماقتا، مىللىتىمىز دۇچ كېلىۋاتقان ئىجتىمائىي ئەخلاق جەھەتتىكى بۇ خىرىسلارغا باتۇرلارچە تاقابىل تۇرمىساق مىللىتىمىزنىڭ گۈزەل ئىستىقبالىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. تارىخ بىزگە تاپشۇرغان شەرەپلىك، ئۇلۇغ يېڭى ۋەزىپىلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ! مىللىتىنىڭ، ۋەتىنىنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان ھەر بىر ئەقىل ئىگىسى بۇ ئەھۋالغا جىددىي كۆڭۈل بۆلمەي تۇرالمايدۇ!

مەرھۇم شائىر، تەنقىدچى، ئالىم ئۆتكۈر ئەپەندى ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان ۋە بىرقانچە قېتىملىق قىممەتلىك دوكلات ھەم لېكسىيىلىرىنى بىۋاسىتە ئاڭلاش پۇرسىتىدىن بەھرىمەن بولغانىدىم. مەرھۇمنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى سۆزلىگەن سۆزلىرى، لېكسىيىلىرى ۋە ئەخلاق توغرىسىدىكى بايانلىرىدىن قالدۇرغان خاتىرەمگە ئاساسەن، جۈملىدىن بۇ خاتىرىلەرنىڭ ئىلھامى بىلەن نۆۋەتتىكى مىللىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ مەزكۇر ئەدەبىي خاتىرىنى يېزىپ چىقتىم. مۇبادا بۇ ئەدەبىي خاتىرە بىرتامچە سۇچىلىك قىممەتكە ئىگە دەپ قارالسا، ئۇ ھالدا ئەقىللىق ئوقۇرمەنلەر ئۇنىڭدىن قۇياشنىڭ ئەكسىنى كۆرەلىشىگە ئىشەنچىم كامىل.

* *

**ھېكايەت:** (مەرھۇمنىڭ ھېكمەتلىك سۆز-

لىرى ھېكايەت تۈسىنى ئالغاچقا، ھېكايەت شەكلى بويىچە بېرىلدى — ئاپتوردىن) خىزىر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى دوزاخ ئەھلى قانداق بولۇۋاتىدىكىن، بىر كۆرۈپ باقاي دەپ دوزاخنىڭ بېشىغا بېرىپتۇ، قارىسا لاۋۇلداپ ئوت يېنىۋاتقۇدەك. شۇ ئوتقا قاراپ ھەيران بولۇپ تۇرسا، يىلان كېلىپ كىچىككىنە بىر تەمەشنى چىشلەپ كېلىپ ئوتقا تاشلاۋاتقۇدەك. خىزىر ئەلەيھىسسالام شۇ ئوتقا قاراپ: «ئەستاغپىرۇللا، شۇنچە كۆيۈۋاتقان ئوتقا بىر تەمەشنى تاشلىمىسا نېمە بولار ئىدى» دەپتۇ كۆڭلىدە. ئۇ يەنە قاراپ تۇرسا بىر قارلىغاچ ئۇچۇپ كېلىپ كىچىككىنە ئاغزىدىكى بىر تامچە سۇنى ئەكىلىپ دەھشەتلىك ئوتقا چېچىۋاتقۇدەك. خىزىر ئەلەيھىسسالام: «يا پەرۋەردىگار! بۇ ئاجايىپ ئىشكەن، قارلىغاچ كىچىككىنە ئېغىزىدىكى سۇ بىلەن بۇ دەھشەتلىك ئوتنى ئۆچۈرەلەمدۇ؟!» دەپ ھەيران قېلىپ، ئاخىرى يىلاندىن سوراپتۇ: «ئەي مەخلۇق، شۇنچە ئوت كۆيۈۋاتسا يەنە يېتەرلىك بولمىغاندەك، سەن يەنە تەمەشنى تېرىپ كېلىپ ئوتقا تاشلاۋاتىسەنغۇ؟ بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟» دەپتىكەن، يىلان: «مېنىڭ نىيىتىم ۋە ۋۇجۇدۇم شۇنى خالايدۇ. ئىنسان قانچىكى غۇربەت چەكسە مەن شۇنچە شادلىنىمەن، مېنىڭ تەبىئىتىم مۇشۇ، مەيلى مەن تاشلىغان تەمەشتىن ئوت ئۇلغايسۇن ياكى ئۇلغايمىسۇن، مەن مۇشۇ ئوت قانچىكى كۆيسە شۇنچە خۇش بولىمەن» دەپتۇ؛ ئاندىن ئۇ قارلىغاچتىن سوراپتۇ: «ئەي جانىۋار، سەن كىچىككىنە ئاغزىڭغا سىققان بىر تامچە سۇدا بۇ ئوتنى ئۆچۈرەلەمتىڭ؟» دەپ سوراپتۇ. قارلىغاچ: «ئۆچسە - ئۆچمىسە مەيلى، مېنىڭ نىيىتىم خالىس، ئىلاھىم ئوت ئۆچسىكەن دەپ تىلەيمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن بىر تامچە سۇ بولسىمۇ ئەكىلىپ بۇ يەرگە چاچتىم» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

شۇنىڭغا ئوخشاش بىزمۇ مەيلى ئەخلاقىمىز تۈزەلسۇن، تۈزەلمىسۇن نىيىتىمىزنى خالىس قىلىپ ئەخلاقىمىزنى ساپلاشتۇرۇش ۋە ياخشىلاشتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرگىنىمىز ياخشى.

«ئەخلاق» دېگەن سۆز بىزنىڭ تىلىمىزغا ئەرەبچىدىن كىرگەن بولۇپ، ئۇنى ماھىيەت جەھەتتىن ئۇيغۇرلار بۇنىڭدىن مىڭ يىل مۇقەددەم ئەخلاق دېگەن سۆزنى «ئەردەم» دەپ ئىشلەتكەن.

«قۇتادغۇبىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە ئۇنىڭدىن باشقا 8 -، 9 -، 11 - ئەسىرلەردىكى ئەسەرلىرىمىزدە «ئەردەم» دەپ ئىشلەتكەن. «ئەردەم» دېگەن سۆز ھازىرقى «ئەخلاق» دېگەن سۆزنىڭ دەل ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى، يەنى ئىنسان روھىنىڭ، ئىچكى دۇنياسىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى دېگەنلىك بولىدۇ. دېمەك، ئەخلاق ئىنسان ئىچكى دۇنياسىنىڭ نامايەندىسى. ئىنساننىڭ نىيىتى ياخشى بولسا ئەخلاقىمۇ ياخشى بولىدۇ، نىيىتى يامان بولسا ئەخلاقىمۇ يامان بولىدۇ دېگەنلىك. خۇددى «قۇرئان كەرىم»دە ئېيتقاندەك، ھەر كىمنىڭ ئەمىلى ئۇنىڭ نىيىتىگە باغلىق. ئادەمنىڭ نىيىتى ياخشى بولىدىكەن ئەخلاقىمۇ ياخشى بولىدۇ، نىيىتى بۇزۇلىدىكەن، ئەخلاقىمۇ بۇزۇلىدۇ دېگەن گەپ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەخلاق ئالدى بىلەن ئادەم ئىچكى دۇنياسىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى، باشقىلارغا تەسىر قىلىشى، جۈملىدىن ئەخلاق ئالدى بىلەن ئىنساننىڭ خۇسۇسىيىتى. ئادەملەرنىڭ سۆز - ھەرىكىتى، يۈرۈش - تۇرۇشى، كىيىنىشى بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەخلاق دائىرىسىگە كىرىدۇ. بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزدا بۇرۇندىن تارتىپ ئەخلاق ئۆلچىمى ناھايىتى قاتتىق بولۇپ كەلگەن. ھازىرمۇ بىزنىڭ ئاتا - ئانىمىز بىزگە «چوڭلارنىڭ ئالدىدىن توغرا ئۆتسەڭ يامان بولىدۇ، سۇغا سىيسەڭ يامان بولىدۇ، دەرەخنىڭ شېخىنى سۇندۇرساڭ يامان بولىدۇ. . .» قاتارلىق بىرمۇنچە «يامان بولىدۇ» لار ئارقىلىق بىزگە تەربىيە بېرىدۇ. بۇمۇ ئەخلاق تەربىيىسىنىڭ ئاساسى. لېكىن كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە بىزنىڭ بالىلارنى تەربىيىلىشىمىز تازا يېتەرلىك بولمىدى. بۇرۇن ئاتا - ئانىمىزنىڭ بالىلارغا قارىتا ئېلىپ بارغان ئەخلاق تەربىيىسى بىرقەدەر ياخشى ئىدى. ئۇنىڭدا ئاساسەن دىنىي تۇس قويۇق بولغاچقا، ئوغرىلىق قىلىش، قىمار ئويناش، بۇلاڭچىلىق قىلىش، باسقۇنچىلىق قىلىش ۋە باشقا تۈردىكى جىنايەت ئىللەتلىرى ئاساسەن مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. شۇڭا بىز ھازىرقى سوتسىيالىستىك ئەخلاقىمىزغىمۇ شۇ چاغدىكى ئەخلاق كۆزقاراشلىرىنىڭ ئىلغار تەرەپلىرىنى ماركسىزملىق دۇنيا قاراش پرىنسىپى بويىچە قوبۇل قىلساق بولىدۇ. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەخلاق قارىشىنى مەنبە قىلساق بولىدۇ. ئەپسۇسكى،

كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى ئېلىپ بارغان تەربىيە-مىزدىكى بىر نۇقسان بۇرۇن ئاتا - بوۋىلىرىمىز-دىن قالغان ياخشى ئەخلاق قارىشى ۋە ئەنئەنىلەرنى بىراقلا ئىنكار قىلىۋەتتۇق، يېڭىچە ئەخلاق قارى-شىنى بولسا تىكلىيەلمىدۇق. كونا ئەخلاق كۆز-قارىشىنى تەنقىدىي ئاساستا داۋاملاشتۇرالمىدۇق. بۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ ئەخلاقىمىز ئېغىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. بۇمۇ ئەخلاقىمىزنىڭ بۇزۇلۇشى-دىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرىدۇر. بىزگە مەلۇم بول-غان «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق مەشھۇر ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى يۈسۈپ خاس ھاجىپ 11 - ئەسىردە ياشىغان ھەم بۇ ئەسىرنى 11 - ئەسىردە يازغان. «قۇتادغۇبىلىك» نى پۈتۈن ماھىيەت جەھەتتىن ئۈچ مەزمۇنغا بۆلسەك — قانۇن، پەلسەپە ۋە ئەخلاقتىن ئىبارەت ياكى ئۇنى كېڭەيتسەك تۆت مەزمۇننىڭ بىرى يەنىلا ئەخلاقتىن ئىبارەت. شۇ-نىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ ئەسەر ھازىر دۇنياغا مەشھۇر ئەسەر بولۇپ قالدى. بۇ ئەسەر ئىنساننىڭ ئىن-سان بولۇشىدا ئالدى بىلەن ئەخلاقنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشى لازىملىقى شەرھىيلەنگەن. يۈ-سۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە ئەخلاق تۈزەلسە، ئادەملەر ئاندىن جەمئىيەتتىكى ھەقىقىي ئورنىنى تاپالايدۇ. دۆلەت تۈزۈلىدۇ، مىللەت تۈزۈلىدۇ. ئەخلاق تۈزەلمەيدىكەن دۆلەت تۈزەلمەيدۇ، مىل-لەت تۈزەلمەيدۇ دەپ قارايدۇ. ئىنسانشۇناسلار مۇنداق قارايدۇ: ئىنسان دېگەن تىك تۇرالايدىغان بىر گەۋدە، ئازاد بولغان ئىككى قول، تەپەككۇر قىلالايدىغان چوڭ مېڭە، تەپەككۇرنى ئىزھار قى-لالايدىغان تىل ۋە ئۆزىگە كېرەكلىك بولغان قو-راللارنى ياسىيالايدىغان ئەمگەك ئىقتىدارىغا ئىگە ئادەمنى «ئىنسان» دەپ قارايدۇ. لېكىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇنىڭغا قوشۇلمايدۇ. ئۇنىڭ قارى-شىچە، ئىنساندا ئالدى بىلەن ئەقىل بولۇش كې-رەك، ئاندىن بىلىم بولۇش كېرەك، ئاندىن قالسا ئەخلاق بولۇشى كېرەك. موشۇ ئامىللار ئىنسان-نىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىمۇ ئادەملەر ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ھايا - نومۇسىنى ساقلاپ، ئەۋرىتىنى يېپىشنى ئۆگەنگەن. ئەگەر ئادەمدە ئەخلاق بولمى-سا، ئار - نومۇس بولمىسا، ئۇنداق ئادەم ھايا قىلىشنى بىلمەيدۇ، ھايا قىلىشنى بىلمىگەن ئادەم ۋەتەن، مىللەتنىڭ ۋەيران بولۇشى ۋە باشقىلار-نىڭ ئۆلۈپ - تىرىلىشى بىلەن چاتىقى بولمايدۇ. ئاڭلىق، مەدەنىي مىللەتلەر ئۇنداق قىلمايدۇ، ھايا - نومۇسنىڭ يوقىلىشى ئەمەلىيەتتە ئەقىلنىڭ يوقىلىشىدۇر. مىللەتنىڭ ساپاسى ئۆسكەنسېرى ئادەم ئۆزىنى ئەمەس، بەلكى ئالدى بىلەن ۋەتىنى-نى، مىللىتىنى ئويلايدىغان بولىدۇ. مەسىلەن، يەھۇدىلارنى ئالايلى، ئۇلار ھەرقانداق بىر ئىش قىلسا، بۇ ئىش مېنىڭ بىلەن كەتسىغۇ مەيلى، لېكىن يەھۇدى مىللىتى ئۈچۈن بولۇپ قالمى-سۇن، مىللىتىمگە داغ كەلمىسۇن، دەپ ئويلايدى-كەن. لېكىن بىزدىچۇ، بۇنداق قاراش يوق، ئە-چەمدۇق - چىچامدۇق كارىمىز يوق. مىللىتى-مىز، خەلقىمىز، ئاتا - بوۋىلىرىمىز بىلەن تېخى-مۇ كارىمىز يوق. بۇ دەل ئەقىل - پاراسەتنىڭ، ئەخلاقنىڭ يوقىلىشىدىن بولۇۋاتقان ئىشلار. نې-مىس مىللىتى شۇنداق قىلىمىش: ئەگەر ئۆيىگە دېۋانە كىرسە قاراپ باقىدىكەن، ئۇ رۇسلاردىن، فرانسۇزلاردىن، ئىنگلىز ياكى باشقا مىللەتلەر-دىن بولسا، ئۇنىڭغا پات - پات كېلىپ تۇرۇڭ، دەپ بىرنەرسە بېرىدىكەن. لېكىن ئۆزىنىڭ مىل-لىتىدىن بولسا تىللايدىكەن: «نومۇس قىلساڭ بولمامدۇ، دېۋانىچىلىق قىلغۇچە ئەمگەك قىلساڭ بولمامدۇ، مىللىتىمىز ئالىي مىللەت تۇرسا، سەن بۇنداق قىلىشتىن نومۇس قىلمىدىڭمۇ» دەي-دىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزمۇ ھەرقانداق ئىشنى قىلغاندا ئەقىل ئىشلىتىپ، ئۆزىمىزنى تۇغۇپ ئۆستۈرگەن مۇشۇ ئانا تۇپراقنى، خەلقىمىزنى ئويلىشىمىز كېرەك. ئەخلاقتىن، ھايادىن، نو-مۇستىن ئايرىلغان مىللەت ئۆزىنى - ئۆزى سات-دۇ. بۆرە بۆرىنى يېمەيدۇ، قاغا - قاغىنىڭ كۆ-زىنى چوقۇمايدۇ. لېكىن ئەخلاقتىن ئايرىلغان مىللەت بىر - بىرىنى ياۋۇزلارچە نابۇت قىلىدۇ. بۇ ھازىر كۆز يۇمۇپ بولماس ھەقىقەتكە ئايلاندى. ھەتتا ھايۋان قېلىپىدىن چىقىپ ئۆز قېرىنداشلى-رىمىزنى يەپ تاشلاۋاتىمىز. كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز-كى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مىللىتىمىزدىكى ئىللەتلەر قامچىلانغان بىر قىسىم ئەسەرلەر چىق-تى. لېكىن بىزنىڭ قىسمەن ئادەملىرىمىز ئۇ ئەسەرنى ۋە ئاپتورلىرىنى قوللاش ئورنىدا تۇر-سۇن، ئۆزىمۇ تۈزۈك چۈشەنچە ھاسىل قىلماي تۇرۇپ ھەدېسىلا قارىغۇلارچە كالتەكلەپ، ياكى ئۆسەك سۆز تارقىتىپ ھاماقەتلەرچە ئىش كۆر-

مەكتە. مانا بۇ ئادەم ئادەمنى يېيىشنىڭ تىپىك مىسالى. مانا بۇلار ئەخلاقنى، ھايا - نومۇسنى ئۇنتۇشتىن كېلىپ چىققان ئاقىۋەتلەر. بۇلارنى يىغىنچاقلىساق «ۋىجدان» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىگىلى بولىدۇ. يەنى، ۋىجدانلىق ئادەملەرنىڭ ئەخلاقى ھەر زامان ياخشى بولىدۇ، ۋىجدانسىز ئادەملەر ھەرقانداق يامان ئىشنى قىلىشتىن باش تارتمايدۇ. ۋىجدان — ياخشىلىقنى كۆرسە سۆيۈنىدىغان، يامانلىقنى كۆرسە يىرگىنىدىغان، پەقەت ئىنسانغىلا خاس بولغان بىر خىل خىسلەتتۇر. ئىنساننىڭ ۋىجدانلىق بولۇش - بولماسلىقى، ئەخلاقلىق بولۇش - بولماسلىقى، ئىنساپلىق بولۇش - بولماسلىقى نېمىگە باغلىق دېگەندە، تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا «شەخسىيەت»كە باغلىق. ھەرقانداق چاتاق شەخسىيەتچىلىكتىن چىقىدۇ. ئىنسان بولىدىكەن، شەخسىيەتچىلىكتىن قۇتۇلالىشى ناتايىن. لېكىن شەخسىيەتكە بەك بېرىلىپ كەتسە پۈتۈن بالا - قازا مۇشۇنىڭدىن چىقىدۇ. شەخسىيەت ئىنسان پەيدا بولغان كۈندىن باشلاپ ئادەمگە ھەمراھ بولغان. مۇشۇ شەخسىيەت ئاساسىدا ئادەملەر بۇزۇلغان.

**ھېكايەت:** ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھاۋا ئانام مۇزەلپە ئارىلىدا ئۇچرىشىپ مەلۇم زامان بىللە ياشىغاندىن كېيىن ئادەملەر ئاپىرىدە بولۇشقا باشلىغانىكەن. ھاۋا ئانام ھەر قېتىم تۇغقاندا بىر ئوغۇل، بىر قىز قوشكېزەك تۇغىدىكەن، ئىككىنچى قېتىمدا يەنە بىر ئوغۇل، بىر قىز تۇغىدىكەن. ئۈچىنچى قېتىمدىمۇ بىر ئوغۇل، بىر قىز تۇغىدىكەن. بىرىنچى قېتىم تۇغۇلغان ئوغۇلغا ئىككىنچى قېتىم تۇغۇلغان قىزنى چاتىدىكەن، بىرىنچى قېتىم تۇغۇلغان قىزغا ئىككىنچى قېتىم تۇغۇلغان ئوغۇلنى چاتىدىكەن، يەنى قايچا شەكلىدە چاتىدىكەن. ھاۋا ئانام بىرىنچى قېتىم تۇغقان ئوغلىغا قابىل، قىزىغا ئەقلىمە دەپ ئىسىم قويىدىكەن، ئىككىنچى قېتىمدا تۇغۇلغان ئوغۇلنىڭ ئىسمىنى ھابىل، قىزنىڭ ئىسمىنى دەمىنە قويىدىكەن. ئەقلىمە دەمىنەدىن چىرايلىق ئىكەن. ئەسلى قائىدە بويىچە بىر قېتىمدا تۇغۇلغاننى بىر - بىرىگە چاتماسلىق، بەلكى ئىككىنچى قېتىمدا تۇغۇلغان بىلەن چېتىش كېرەك. لېكىن قابىل قاراپ باقسا، ئۆزىنىڭ سىڭلىسى دەمىنەدىن چىرايلىق ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ سىڭلىسىنى ئالىمەن دەپ تۇرۇۋالىدۇ. ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭغا تەربىيە بېرىپ: «بىزنىڭ شەرتىمىز بويىچە سەن ئىككىنچى قېتىمدا تۇغۇلغان دەمىنەنى ئېلىشىڭ كېرەك» دېسە، ئۇ قەتئىي ئۇنىمايدۇ. قابىل شەخسىيەتچىلىك ۋە نەپسانىيەتچىلىككە بېرىلىپ كېتىدۇ. مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شەيتان قابىلنىڭ يېنىغا كېلىدۇ ۋە: «ئاڭلىسام ساڭا كۆپ خاپىچىلىق بوپتۇ. نېمە بولدى» دەپ سورىسا، قابىل شەيتانغا: «مەن سىڭلىمنى ئالىمەن دېسەم، ئاتا - ئانام ئۇنىمايۋاتىدۇ» دەيدۇ. شەيتان قابىلغا: «بۇنىڭغا سەن باش قاتۇرغىچە ھابىلنى ئۆلتۈرۈۋەتسەڭ بولمامدۇ، شۇ چاغدا ئىككىلىسى ساڭا قالامدۇ، ئاڭلىسام ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۆزى قازا قىلغاندىن كېيىن يەر شارىنىڭ خەلىپىلىكىنى ھابىلغا بەرگۈدەك» دەپ قۇتراتقۇلۇق قىلىدىكەن. قابىل ئادەمنى قانداق ئۆلتۈرۈشنى بىلمەي ئولتۇرسا، شەيتان قاغىنى قوغلاپ كېلىپ ئۇرۇپ ئۆلتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قابىل «ھە، ئۇرسا ئادەم ئۆلىدىكەن» دېگەن تونۇشقا كېلىپ، ئۇخلاۋاتقان ئۆز ئىنىسىنى بېشىغا تاش بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ - دە، كۆمۈشنى بىلمەي قالىدۇ. بۇ چاغدا يەنە شەيتان پەيدا بولۇپ، بىر قاغىنىڭ يەنە بىر قاغىنىڭ ئۆلۈكىنى توپا بىلەن كۆمۈۋاتقىنىنى كۆرسىتىپ قويىدۇ. قابىل «ھە، ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن كۆمۈپ قويسا بولىدىكەن» دەپ ئاپىرىپ كۆمۈپ قويىدۇ.

مانا بۇ ھېكايەتتە بىر ھەقىقەت بار. قابىلغا مۇشۇ يامانلىقنى ئۆگىتىۋاتقان نېمە؟ شەيتانمۇ، ئەمەسمۇ ئۇنىسى مۇھىم ئەمەس. لېكىن بۇ يەردىكى ئەڭ ئاساسىي نەرسە يەنىلا شەخسىيەتچىلىك. ئەگەر قابىلنىڭ نىيىتى بۇزۇلمىغان بولسا، شۇ پاجىئەمۇ بولمىغان بولاتتى. قابىل بىلەن ھابىلنىڭ بۇ ھېكايىسىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پۈتۈن دۇنيادىكى ئەسكىلىك مۇشۇ شەخسىيەتچىلىك ۋە نەپسى ئاۋارىچىلىقىدىن چىقىدۇ. بۈگۈنكى كۈندىكى ئەۋج ئېلىپ كېتىۋاتقان مەنسەپپازلىق، پارىخورلۇق، خىيانەتچىلىك، قاتىللىق، بۇلاڭچىلىق قاتارلىق ئەسكىلىكلەرنىڭ ھەممىسى شەخسىيەتچىلىككە بېرىلگەنلىكنىڭ ئىپادىسى. مانا بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ماھىيەتلىك مەسىلە يەنىلا ئەخلاق گۈزەللىكىدە، ئىنسان قەلبىنىڭ گۈزەللىكىدە. مەنىۋى ئەخلاق

ئىنسانىنىڭ قەلبىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئىنسانىنىڭ نىيىتى دۇرۇس بولسىلا، نۇرغۇن ئىشلاردىن ساقلىنىپ قالغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلىشتا ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ قەلبى بىلەن ھېسابلىشىپ كۆرۈشىمىز كېرەك.

**ھېكايەت:** رەھمەتلىك ئۆتكۈركامغا رەھمەتلىك ئىمىنوپكام مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەرگەنىكەن: 50 - يىللارنىڭ باشلىرىدىكى بىر ياز كۈنى ئۇلار ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسى ۋە باشقا كادىرلار بىلەن «تەڭرىتاغ مېھمانخانىسى» نىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپتۇ، شۇنىڭ ئىچىدىكى بىر ئەمەلدارنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتى، بولۇپمۇ ئىستىلى ئىنتايىن ناچار ئىكەن، دۇنيادا ئۇ كۆز ئالايتمايدىغان خوتۇن - قىزلار يوقتەك شەھۋانىي ئىكەن. ئۇلار تاماشا قىلىپ ئولتۇرسا، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئالدىدىكى دۆڭدىن چىرايلىق، كېلىشكەن، زىلۋا بىر قىز چۈشۈپ كەپتۇ. بۇ قىزنىڭ ئاشۇ ئادەمنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى ئىمىنوپكام قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بىر كۆرۈپ تونۇۋاپتۇ، ئەمما ئۇ ئادەمنىڭ كۆزى ئاجىزمۇ، قىزىنى تونۇيالماپتۇ - دە، ھەدەپ قاراپ كېتىپتۇ. ئەتراپىدىكىلەر: «ھوي، تۈزۈك ئىش قىل، سېنىڭ مۇشۇلا كۆزۈڭ بولىدىكەن، بالانى يەيدىكەنسەن» دېسە، پەرۋا قىلماي: «پاھ، نېمىدېگەن گۈزەل - ھە! » دەپ چەكچىيىپ قاراۋېرىپتۇ. قالغانلار بۇگۈن بىر تاماشا كۆرىدىغان بولدۇق دەپ «ھە، چىرايلىق ئىكەن» دەپ قاراپ ئولتۇرۇپتۇ، قىز 5 ـ 6 قەدەمچە قالغاندا ھېلىقى ئادەم شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، ئۆزىنىڭ قىزى ئىكەن. ئەتراپىدىكىلەر: «ھە، قانداق، ئەمدى بايىقىدەك قىلىپ باقمامسەن» دەپتىكەن، ھېلىقى ئادەم لاسسىدە بولۇپ شەرمەندە بوپتىكەن.

دېمەكچىكى، ئۆزىگە راۋا كۆرمىگەننى باشقىلارغا قىلماسلىق كېرەك. كىمىكى شەخسىي نەپسىدىن كېچەلىسە، شۇ ئالىيجاناب ھېسابلىنىدۇ. ۋەتەن ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن، مىللەت ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلغان نۇرغۇن كىشىلىرىمىز بار، ئۇلار ھەقىقىي ئالىيجاناب كىشىلەردۇر. چۈنكى ئۇلار ئۆزىدىن كېچەلىدى. پىداكار بولۇش ئۈچۈنمۇ ئالدى بىلەن ئۆزىدىن كېچىش كېرەك. جاندىن كەچمىگىچە جانانغا يەتكىلى بولمايدۇ، پۈتكۈل يامانلىقنىڭ يىلتىزى «ئۆزلۈك» تە، «ئۆزلۈك» بولمىغان يەردە ئىنسانلىق، ئىتتىپاقلىق راۋاجلانغان بولىدۇ، ئائىلىمۇ، مىللەتمۇ گۈللىنىدۇ. ھازىرقى تۇرمۇشىمىزدىكى نىكاھ ئىشلىرىدىكى قالايمىقان، ناچار ئىللەتلەرمۇ شەخسىيەتچىلىك، نەپسانىيەتچىلىكتىن چىقىۋاتىدۇ.

**ھېكايەت:** مىلادى 700 نەچچە يىل بۇرۇن دۇنيانىڭ نۇرغۇن يەرلىرىنى سورىغان ئاقساق تۆمۈر دېگەن بىر ئادەم ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ئىران، ئافغانىستان، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنى ئالغانىكەن. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا چوڭ تۆمۈر سۇلالىسىنى قۇرغانىكەن. بۇ ئادەمنىڭ ھام، سام دېگەن ناھايىتى ئاقىل ئىككى ۋەزىرى بار ئىكەن. شۇڭا باشقىلار تۆمۈرنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى مۇشۇ ئىككى ۋەزىر قىلغان بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلايدىكەن. تۆمۈر بولسا، بۇ ئىككى ۋەزىردە شەخسىيەتچىلىك بارمۇ - يوق؟ دەپ سىناپ باقماقچى بولۇپ، دەريا بويىغا سايىھەتكە ئېلىپ چىقىدىكەن، ھام دېگەن ۋەزىر ناھايىتى ئورۇق، ئېگىز بوي ئىكەن، سام دېگەن ۋەزىر ئۇنىڭ ئەكسىچە ناھايىتى سېمىز، پاكار ئادەم ئىكەن. شۇڭا تۆمۈر بۇ ئىككى ۋەزىرنىڭ ئىسمىنى ئاتىماي، ئۇنىڭ ئېگىزىگە سەلتەنەتۇل ستۇل دەپ نام بېرىپتۇ، پاكىرىغا سەلتەنۇتۇل پەيدار دەپ نام بەرگەنىكەن. ئۈچىسى كېتىۋېتىپ، تۆمۈر تەرەت قىلىۋالاي دەپ بىر تۈپ چىغىنىڭ كەينىگە ئۆتىۋالىدىكەن، سەلتەنەتۇل ستۇل قاراپ تۇرماي چوڭ - چوڭ قەدەملەر بىلەن ئالدىغا كېتىپ قالىدىكەن، سەلتەنەتۇل پەيدار بولسا ماڭالماي كەينىدە قاپتۇ. بۇ چاغدا تۆمۈر چىغنىڭ كەينىدىن چىقىپ سەلتەنەتۇل پەيدارنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ غەيۋەت باشلاپتۇ:

— ۋاي مەن سەلتەنەتۇل ستۇلنى ئادەممىكىن دېسەم تازا قاملاشمىغان ھاكاۋۇر نېمىكىنە، ئالدىدا كەتكىچىلىك سېنى ساقلاپ تۇرسا بولمامدۇ؟— دەپتۇ. پەيدار: «كىمنى دەۋاتىلا؟ » دېسە، تۆمۈر: «ئاۋۇ سەلتەنەتۇل ستۇلنى دەۋاتىمەن» دەپتۇ. پەيدار: «خۇدا ساقلىسۇن، ئاشۇ ئادەمنىڭ قورسىقىدىكى بىلىمنىڭ كۆپلۈكىدىن، ئەخلاق - پەزىلىتىنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن ئاسماندا

ئۇچماي، يەردە ماڭغىنىغا ھەيرانمەن» دەپتۇ. تۆمۇر پەيدارنىڭ پەزىلىتىگە قايىل بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تۆمۇر ئىتتىك - ئىتتىك مېڭىپ سەلتەنەتۇل سىتۇلغا يېتىشىۋاپتۇ - دە، ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ يەنە غەيۋەت باشلاپتۇ:

— ئاشۇ سەلتەنەتۇل پەيدار بەزى ۋاقىتلاردا سەن بىلەن گەپ تالىشىدۇ، ئورۇن تالىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە يولنىمۇ ئوڭشاپ ماڭالمايدىغان تازا بىر ئېزىلەڭگۇ نېمىكەن» دەپتۇ. سەلتەنەتۇل سىتۇل دەرھال:

— ياق، ئۇنداق دېمىسىلە، خۇدا ساقلىسۇن، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن يەر كۆتۈرۈپ تۇرغىنىغا ھەيرانمەن» دەپتۇ. تۆمۇر بۇ ئىككىسىدىن قايىل بولۇپ شۇنداق دەپتۇ:

— ئىككى ئاقىل ئاراسىدا قىل ئۈزۈلمەس، تۆمۇر زەنجىرنى ئۈزگەن ئىككى بىلمەس.

ئەگەر ئاشۇ ئىككى ۋەزىر غەيۋەتكە قوشۇلغان بولسا، ئۇلار بىر - بىرىگە دۈشمەنلىك بولۇپ، ئىناۋىتىمۇ بولمىغان بولاتتى. ئەپسۇسكى ھازىر بىز ئۇنداق قىلمايمىز. كىمىكى غەيۋەت باشلىسا شۇنىڭغا قوشۇلۇپ كېتىمىز. ئۇنىڭغا ئەقىل كۆزىمىز بىلەن قارىمايمىز. ھەقىقىي ئىنسان نۇقتىسىدىن باھا بەرمەيمىز، بۇ ھەقتە 13 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئۆتكەن پارس شائىرى خوجا ھاپىز شىرازى:

— ئەگەر مېنىڭ يېقىنلىرىمدىن ناقابىل بولۇپ مىللەتكە، خەلققە خىزمەت قىلالماي مىڭ ئەھۋال بولۇپ كەتسۇن، ئۇنداقلاردىن مىڭ ئات ئۆلۈپ كەتسىمۇ كېتىۋەرسۇن؛ لېكىن ئاقىللىق بولۇپ ۋەتەن، خەلققە خىزمەت قىلالايدىغان بىرەر ئادەم ئۆلسە، مەن ياقامنى يىرتىپ يىغلايمەن. ئۇلارنىڭ تاپىنىغا كىرگەن تىكەن مېنىڭ كۆزۈمگە كىرسۇن، — دەپ ئادەملەرگە باھا بەرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر ئادەم قەلبىنى، نىيىتىنى، كۆڭلىنى دۇرۇسلىسا بولىدۇ. نىيەت تۈزەلسە ھەممە نەرسە تۈزۈلىدۇ. ئىناقلىقتا، ياخشىلىقتا ئېلىپ بارىدىغان ئىشلار يەنە ئەقىل - پاراسەتتىن چىقىدۇ.

**ھېكايەت:** مەلۇم بىر پادىشاھنىڭ دەۋرىدە بىر ئادەم قانداقتۇر بىر جىنايەت ئۆتكۈزۈپ دارغا ئېسىلىش ئالدىدا پادىشاھ ئۇنىڭدىن: «يەنە دەيدىغان قانداق گەپ - سۆزۈڭ بار؟» دەپ سوراپتۇ.

ئۆلۈمگە بۇيرۇلغان ئادەم: «بەربىر ئۆلىمەنغۇ» دەپ تىلىنى ئۇزۇن قىلىپ، پادىشاھنى يەتتە پۇشتىدىن تارتىپ يەتمىش پۇشتىغىچە دۇنيادىكى بار يامان تىللارنىڭ ھەممىسىنى ئىشلىتىپ بىر - ئىككى سائەت تىللاپتۇ. پادىشاھ ئوڭ قول ۋەزىرىدىن: «باياتىن بېرى ئۇ نېمە دېدى» دەپ سوراپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىر دانىشمەن، ئاقىل ئادەم بولغاچقا: «ھەي پادىشاھى ئالەم، بۇ ئادەم باياتىن بېرى سىلىنىڭ يەتتە پۇشتىدىن تارتىپ يەتمىش پۇشتىلىرىغىچە قۇرئان تىلاۋەت قىلدى، سىلىنىڭ ئۆمرىلىرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىنى، دۆلەتلىرىنىڭ روناق تېپىشىنى تىلىدى» دەپتۇ. لېكىن سول قول ۋەزىر دائىم ئوڭ قول ۋەزىر بىلەن ئېيتىشىدىكەن، شۇڭا ئۇ ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ سۆزى تۈگىمەيلا ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپتۇ ۋە: «ۋاي پادىشاھى ئالەم بۇ ۋەزىر يالغان ئېيتتى» دەپتۇ. پادىشاھ: «قانداق يالغان ئېيتتى» دېسە، ئۇ ھېلىقى جىنايەتچىنىڭ سۆزلىرىنى شاھقا ئەينەن ھەتتا ئاشۇرۇپ دەپتۇ. پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ ھېلىقى جىنايەتچىنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىپتۇ.

بۇ ھېكايەتتە بىر ھەقىقەت بار، يەنى يامان ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان راست گەپتىن، ئىناقلىقنى، ئىتتىپاقلىقنى قوغدايدىغان يالغان گەپ ئەۋزەل.

ھازىر ھەر بىر ئادەم مەن نېمە ئۈچۈن ياشاۋاتىمەن؟ مېنىڭ ياشاشتىكى ئەھمىيىتىم نېمە؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئۆزىنى بىر تەكشۈرۈپ بېقىشى كېرەك. ئەگەر نېگىزلىك مەسىلە ئەخلاق تۈزەلمىسە، قانۇن ئارقىلىق بىرقانچە ئادەمنى تۇتۇش، بىرقانچە ئادەمنى جازالاش بىلەن جەمئىيەت تەرتىپىنى ئوڭشىغىلى بولمايدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر ئادەم ئۆزىدىن باشلاپ گۈزەل ئەخلاق - پەزىلەت تىكلەپ، كۆكسى - قارنىنى كەڭ تۇتۇپ، راستچىل، سەمىمىيەتلىك بىلەن ئىش كۆرۈشى، يۈرەكلەر يۈرەكلەرنى چۈشىنىشى، قەلبلەر قەلبلەرنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرۇشى ئۈچۈن ئۆز ئەجرى ئارقىلىق گۈزەللىك زېمىنى بەرپا قىلىش كېرەك. ئاتا - بوۋىلىرىمىزدا «ياخشىلىققا ياخشىلىق ھەر كىمنىڭ ئىشى، يامانلىققا ياخشىلىق ئەركىمنىڭ ئىشى» دېگەن گەپ بار. ھەرقانداق بىر ئىشتا بىرگە - بىر تۇرۇش بىلەن ئىش

تاڭ ئاتمايدۇ.

1988 - يىللىرى بولسا كېرەك، بىز ئۈنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان بىرقانچە ساۋاقداش رەھمەتلىك زۇنۇن قادىركامنى يەنئەن يولىدىكى ئۆيىگە يوقلاپ بارغاندا، سۆھبەت داۋامىدا ئۇ بىزگە مۇنداق بىر جۈملە ئەھمىيەتلىك سۆز قىلغانىدى. ئۇ بولسىمۇ «دۇنيادا ئەڭ مۇرەككەپ نەرسە چۈشەنچە، چۈشەنچە قانچىكى چوڭقۇرلاشسا، شۇنچە قىممەتكە ئىگە». دەرۋەقە شۇنداق، تۇرمۇشتىكى نۇرغۇن ئىختىلاپ، كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزئارا مەلۇم چۈشەنچە ھاسىل قىلالمىغانلىقتىن كېلىدۇ. شۇڭا ئۆزئارا ئىجتىمائىي ئالاقىدە ھەر بىر كىشى رەھمەتلىك زۇنۇن قادىركامنىڭ بۇ سۆزىنى قىبلىنامە قىلسا ئەرزىيدۇ. ئۇيغۇر ياشلىرىدا ھازىر ھورۇنلۇق كەيپىياتى ئېغىر، شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، ھورۇن مىللەت دۇنيادا مەڭگۈ ئالغا باسالمايدۇ.

ئۆزگە ئىشەنمەسلىك، ئۈمىدسىزلىك ئەھۋالىمۇ ئېغىر، بولۇپمۇ زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش يولىغا ماڭغانلارنىڭ تولىسىنى ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتى چۇلغىۋالغان بولىدۇ. ھايات دۇنيادا ھەر بىر ئادەمگە بىرلا كېلىدۇ. ئەگەر ئادەم ئۈمىدسىزلىنىدىكەن، ئۇ ئادەمنىڭ تۈگىشىكىنى شۇ.

رەھمەتلىك ئۆتكۈركام 14 يېشىدىن تارتىپ، ھاياتنى يېتىمچىلىكتە ئۆتكۈزگەن. شارائىت ئىنتايىن جاپالىق بولسىمۇ، ئۇ باشتىن - ئاخىر ئۈمىدۋارلىق بىلەن ياشىغان. شۇڭا ئۇ ھايات مۇساپىسىدىكى تۈرلۈك جەۋر - زۇلۇمنى مەردانىلارچە يېڭىپ جاپالىق ئىزدىنىپ خەلقىمىز ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە يارىتىپ كەتتى. مەرھۇمنىڭ جەڭگىۋار روھى بىزنى مەڭگۈ ئىلھاملاندۇرىدۇ.

نۆۋەتتە ئەخلاقىمىزغا چەتنىڭ تەسىرىمۇ ئېغىر بولماقتا، بۇنىڭ بىلەن مىللىي ئۆرپ - ئادىتىمىزدە ئېغىر بۇزۇلۇش بولماقتا، چوڭلارنىڭ باللارغا بولغان تەربىيىسىدە، مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا ئېلىپ بارغان تەربىيىلىرىدە بىر خىل يوشۇرۇن ھەم مەۋھۇم بوشلۇق شەكىللەنمەكتە. بۇمۇ بىزنىڭ دىققەت - ئېتىبارىمىزنى قوزغىشى كېرەك.

مىلادىدىن 3800 يىل بۇرۇن مىسىرلىقلار «پەتاخ» دېگەن بىر كىتاب يېزىپ چىققان، شۇ كىتابتا ئەخلاق مەسىلىسى تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىرى بولغان سۇمىرلارمۇ مىلادى 3200 يىل بۇرۇن ئەخلاق توغرۇلۇق كىتاب يېزىپ چىققان. شۇڭا بىزمۇ ئەجدادلىرىمىزدىن ئىلھام ئېلىپ، ئەخلاقىمىزنى ساپلاشتۇرۇش، ياخشىلاش جەھەتتە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز كېرەك. مېنىڭ بۇنداق دېگەنلىكىم ھەرگىزمۇ ھەر بىر ئادەمنىڭ ئىچكى خاسلىقىنى جارى قىلدۇرۇشىغا كۆز يۇمۇش ئەمەس، بەلكى ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆزىدىكى خاسلىق ۋە شۇ خاسلىق زېمىنىغا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى، ئىجادچانلىقىنى ئەڭ يۇقىرى چەككىچە تولۇق جارى قىلدۇرۇش، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا ئۆز - ئۆزىنى سۆيۈش بىلەن بىرگە شەخسنىڭ ئۆزىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ پۈتكۈل خەلق، پۈتكۈل مىللەتكە يۈزلىنىپ، مىللىي ئەخلاقنى نامايان قىلىشنى تەشەببۇس قىلىش. بىز بىر نىيەتتە ئورتاق تىرىشىدىغان بولساق ئۆزىمىزنىڭ گۈزەل يېڭى ئوبرازىمىزنى تىكلەپ، ئۆز قىممىتىمىزنى تېخىمۇ نامايان قىلالايمىز. شۇنىڭ بىلەن مەزكۇر ئەدەبىي خاتىرەمنى ئۆتكۈركامنىڭ تۆۋەندىكى شېئىرى بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمەن:

ئۆزىغان ئۆمۈر ئاتقان ئوق،
مىنۇت - سائەت غەنىمەت.
ھەر ئىرادە ساھىبى قارسا قۇدۇق يېڭىنىدە،
ئىچۈر ئاخىر سۈيىنى دېمەك
ھىممەت غەنىمەت.
ھىممەت غەنىمەت، قىممەت غەنىمەت،
ئەجرىڭ غەنىمەت، ئۆمرۈڭ غەنىمەت،
ھەركىم ئۈچۈن دەۋر غەنىمەت،
زامان غەنىمەت، ئۆزۈڭ غەنىمەت.

## ناۋائى خەزىنىسى

# بىز ناۋائىنى بىلەمىزمۇ؟

ئەزىزى

«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدا «ناۋائى خەزىنىسى» سەھىپىسىنىڭ تەسىس قىلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ تولىمۇ سۆيۈندۈم. ئەدەبىياتىمىزدا جەڭگىۋار تەشكىلاتچىلىق رولىنى ئويناپ كېلىۋاتقان «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى نەزەر دائىرىسىنىڭ كەڭرىلىكى بىلەن ئەجدادلارنىڭ روھىنى نۇرلاندۇرۇپ ئەۋلادلارنىڭ قەلبىنى يورۇتىدىغان غايەت زور ئەھمىيەتكە ئىگە ساۋاپلىق بىر قەدەمنى بېسىپتۇ. دەرەخ يىلتىزى ئارقىلىق ياشىرىپ تۇرغانغا ئوخشاش، ھازىرقى ئەدەبىياتىمىزمۇ كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى مول مەنىۋى ئېقىنلاردىن ئوزۇقلانغاندىلا ئاندىن ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلدۇرالايدۇ.

«ناۋائى خەزىنىسى» سەھىپىسىنىڭ ئېچىلغانلىقى ئەدەبىياتىمىزدا يىلتىزغا قايتىدىن كۆز تاشلاپ كۆمۈلۈپ قالغان روھنى ئىزدەشنىڭ باشلانغانلىقىنىڭ ئىپادىسى. بۇ ھازىرقى پەيتتىكى ئۆز يانچۇقىدىكى ئېسىل دۇردانىلەرنى ئۇنتۇپ باشقىلارنىڭ دېرىزىسىگە كۆز تاشلاشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈن تولىمۇ قىممەتلىك.

«تاپقىنى قوي كەلتۈرەر، تاپالمىغىنى بىر باش پىياز» دېگەندەك، ئاددىيغىنا بۇ يازمىلىرىمنىڭ «ناۋائى خەزىنىسى» سەھىپىسىنىڭ دەسلەپكى يوللۇقى بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## 1

ئەلشىر ناۋئى دېگەن بۇ ئىسىم بىزگە ناھايىتى ياخشى تونۇشلۇق. ئەجدادلىرىمىز ئۇ ئىسىمنى ئەقىل كۆزى بىلەن ئوقۇپ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىق سەپىرىدىكى رەھنامە، مەنىۋى دۇنياسىنىڭ ئۇلۇغۋار تۇۋرىكى، ئەخلاقىي پەزىلەت خەزىنىسىنىڭ يارقىن دۇردانىسى قاتارىدا تونۇپ كەلگەن.

ئەگەر سەمىمىي نۇقتىدا تۇرۇپ ئېيتىدىغان بولساق، بىز بۇ ئىسىمنى مەقسەتتى ئانچە پارلاق بولمىغان ھەر خىل ئېھتىياج تۈپەيلىدىن ئوقۇپ، مەنىۋى ئاساسىمىزنىڭ سۇسلىقى چېنىپ قالغان، شان - شەرەپ ۋە ئىپتىخار تۇيغۇسى بىزنى سەۋدايىلىق يولىغا باشلىغان چاغلاردا تاج قىلىپ بېشىمىزغا كىيدۇق.

ھەممىمىز دېگۈدەك ناۋائىنىڭ بۈيۈكلىكىنى بىلىمىز، لېكىن ئۇنىڭ بۈيۈكلىكىنى ھەقىقىي تۈردە ئىسپاتلاپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىمىز. دەرۋەقە ناۋائى بۈيۈك شەخس. ئۇنىڭ بۈيۈكلىكى تارىخ تەرىپىدىن تەن ئېلىنغان. بۇ قانداقتۇر ناۋائىنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ كۆپلۈكى، ياكى ئۇنىڭ ھۇسەيىن بايقارانىڭ ئوردىسىدا ۋەزىر بولغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئاددىيلا تونۇش بولماستىن، بەلكى ناۋائى دېگەن ئىسىمغا مۇجەسسەملەشكەن چوڭقۇر ئىدىيىۋى ئاساسقا ئىگە. ئوتتۇرا ئەسىردىن تاكى يىراق كەلگۈسىگىچە ئۆزىنىڭ ماھىيىتىنى يوقاتمايدىغان كۆپ تەرەپلىمە ئامىللارغا باغلىق.

مەتبۇئاتلاردا ناۋائى ھەققىدە تىلغا ئېلىنغان ئازدۇر - كۆپتۇر چۈشەنچىلەرنىڭ (تەنقىداتتىن سۆز ئېچىشقا تېخى يىراقمىز) ئىچىدە، ناۋائىنىڭ 1441 - يىلى تۇغۇلۇپ، 1501 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى، ئۇنىڭ غىياسىدىن كىچىكىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكى، ھۇسەيىن بايقاراغا ۋەزىر بولغانلىقى، نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغانلىقى توغرىسىدىكى ئەقەللىي ساۋاتلار ۋە ناۋائىغا تەدبىقلانغان «ئۇلۇغ»، «بۈيۈك»، «مەشھۇر» دېگەندەك بېزەك ئۇقۇملاردىن ھالقىغانلىرى تېخى يوق دېيەرلىك. ھەتتا بەزىلەر ناۋائىنىڭ مىللەت تەۋەلىكىنى ئىسپاتلاش ھەلەكچىلىكىدە قانداقتۇر دەلىل، ئىسپات ئىزدەش بىلەن ئاۋارە. مېنىڭچە بۇ ناۋائىنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىشتىكى ھەل قىلغۇچ مەسىلە ئەمەس.

ناۋائى مەنسۇپ بولغان ئوتتۇرا ئەسىر چاغاتاي تىلى ئەدەبىياتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىلا ئەمەس، بەلكى بارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەدەبىياتى تارىخىدىمۇ بىر ئالتۇن دەۋر ھېسابلىنىدۇ. بۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەن يازغۇچى، شائىرلار كۆپ بولۇپلا قالماستىن، ئۇلار ئىجاد قىلـ

غان ئەدەبىي ئەسەرلەر سان، سۈپەت ۋە ژانىر جەھەتتىنمۇ بىر قەدەر مول. مۇشۇ دەۋر ئەدەبىياتى تارىخىغا بېغىشلانغان تارىخىي مەنبەلەرمۇ خېلىلا مۇكەممەل. مەسىلەن، ناۋائىنىڭ «مەجالسۇن نەفائىس» (سەر خىل كىشىلەرنىڭ يىغىلىشى)، خاندەمىرنىڭ «مەكارىمۇل ئەخلاق» (گۈزەل ئەخلاق)، دەۋلەتشاھ سەمەرقەندىنىڭ «تەزكىرەتۇش شۇئەرا» (شائىرلار تەزكىرىسى)، ھەسەنخوجا نىسارىينىڭ «مۇزەككىرى ئەھباب» (دوستلار يادنامىسى) قاتارلىقلار شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئەمما بۇ مەنبەلەردە مۇئەللىپلەر كۆپ ھاللاردا بىرەر يازغۇچى ياكى شائىر ھەققىدە توختالغاندا، ئۆزى شۇ شائىر ياكى يازغۇچى بىلەن زاماندىش بولۇپ تۇرۇقلۇقمۇ ئۇنىڭغا ئۇيغۇر ياكى ئۆزبېك دېگەندەك مىللەت خاراكتېرى بەرمەي، بەلكى تۈركتۇر، تۈرك تىلىدا يازىدۇ ياكى ئەرەب تىلىدا ۋە ياكى خۇراسانلىك، قەشقەرلىك دېگەندەك ئېنىقلىما بىلەنلا چەكلەنگەن. مەسىلەن، ناۋائى «مەجالسۇن نەفائىس» دا ئاتايى توغرىسىدا:

«مەۋلانە ئاتايى - بەلغىنە تۇراتتى. . . تۈركچە شېئىر ئېيتاتتى. ئۆز زامانىسىدا شېئىرلىرى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا كۆپ شۆھرەت قازاندى» دېسە، سەككاكى توغرىسىدا:

«مەۋلانە سەككاكى - ماۋارەئۇننەھىرلىك. سەمەرقەند ئەھلى ئۇنىڭغا كۆپ ئېتىقاد قىلىدۇ» دەپ يازىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا ناۋائى ئۆز ئەسەرلىرىدە ئۆزى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى توغرىسىدا بەزى مەلۇماتلارنى بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ مىللەت تەۋەلىكى ھەققىدە بىرەر ئېنىق مەلۇماتنىڭ بارلىقى تېخى مەلۇم ئەمەس. ئەمما ناۋائىنىڭ تۈركىي خەلقلەرگە مەنسۇپلىقى، ئۆز ئەسەرلىرىنى تۈركىي تىلدا يازغانلىقى ۋە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە تۈركىي تىلنى قوغداش، ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلىقى، شۇ ئاساستا تۈركىي تىلنىڭ ئەۋزەللىكلىرىنى ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق ئىسپاتلاپ مەخسۇس «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن» (ئىككى تىل توغرىسىدا مۇھاكىمە) ناملىق ئەسەر يازغانلىقى كۆپچىلىككە ئايان. شۇ سەۋەبتىن تارىخىي ئاساسلارغا ھۆرمەت قىلىنغان، ناۋائى كۆزلىگەن ئومۇمىيلىقنى چىقىش قىلغان ھالدا ناۋائىنى چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ۋەكىلى، تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپە قوشقان مۇتەپەككۇر دەپ چۈشەنسەك خاتا قىلغان بولمايمىز. ناۋائىنىڭ تارىخىي ئورنى ۋە شان - شەرىپى بۇنىڭغىمۇ يېتىپ ئاشىدۇ.

ئاتاقلىق تۈركولوگ، تىلشۇناس ن. ئا. باسكاكوۋ ئۆزىنىڭ «تۈركىي تىللار» ناملىق ئەسىرىدە «چاغاتاي تىلى قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئەدەبىي تىلنىڭ ئاساسىغا قۇرۇلدى ۋە شەرقتىكى قارلۇق - ئۇيغۇر تىلى بىلەن غەربتىكى خارەزىم تىلىنىڭ ئېلېمېنتلىرىنى بىرلەشتۈردى ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا ھەممە مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىي يېزىق تىللىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە زور تەسىر كۆرسەتتى» دەپ يازىدۇ. مېنىڭچە باسكاكوۋنىڭ بۇ سۆزىنى چاغاتاي ئەدەبىياتىغا تەدبىقلاپ - چاغاتاي ئەدەبىياتى قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئەدەبىيات ئاساسىغا قۇرۇلدى ۋە شەرقتىكى قارلۇق - ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىلەن غەربتىكى خارەزىم ئەدەبىياتىنىڭ ئېلېمېنتلىرىنى بىرلەشتۈردى ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتتى، دەپ چۈشەنسەكمۇ خاتا بولمايدۇ. شۇ چاغدىلا ناۋائىغا بىرقەدەر خالىس باھا بېرەلەيمىز.

## 2

بىز كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنى تا مۇشۇ يېقىنغىچە قەدەر ھەر خىل قېلىپ ۋە ئۆلچەملەرگە سېلىپ، ئۇنىڭغا ھازىرقى زامان نۇقتىسىدىن تۇرۇپ باھا بېرىپ كەلدۇق. نەتىجىدە كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا ئەكس ئەتكەن دۇنيا قاراش، مىللىي روھ، ۋە بەدىئىي مەزمۇنلار كۆپ ھاللاردا بىر تەرەپلىمە چۈشىنىلدى. بۇ ھال ناۋائى ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىشتىمۇ خاسلىقتا مۇستەسنا ئەمەس.

بىز ناۋائى ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنىڭغا باھا بېرىش جەريانىدا، ناۋائى ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتكەن گۇمانىزملىق ئىدىيە، فېئوداللىزمنىڭ چىرىكلىكىنى پاش قىلىپ، ئادالەتلىك جەمئىيەت قۇرۇش خاھىشىنى ناۋائىنىڭ ئەڭ زور ئىلغارلىقى، دىنىي ھېسسىياتىنىڭ قويۇقلىقى، ماتېرىيالىستىك ئېلېمېنتلارنىڭ سۇسلىقىنى ناۋائىنىڭ ئەڭ زور چەكلىمىلىكى دەپ چۈشەندۇق. ناۋائى ئەسەرلىرىدىكى بىر قىسىم ئاتالغۇلارنىڭ مەنە قاتلىمىنى توغرا چۈشەنمەسلىك سەۋەبىدىن ناۋائىنى ئۆزىنىڭ دۇنيا قارىشىغا قارشى قويۇشقا ئىنتىلدۇق. ناۋائى ئەسەرلىرىدىكى ماھىيەتلىك نۇقتىلارنى كەمدىن كەم تىلغا ئالدۇق. ناۋائى ئەسەرلىرىدىكى غايەت زور ئەھمىيەتكە ئىگە پەلسەپىۋى مېلودىيە، بەدىئىي جەزبە ۋە يۈكسەك غايىلەر ئازراق تىلغا ئېلىنىپ، ناۋائىنىڭ «ئىككى يۈزلىمە، ئالدامچى شەيخ، زاھىت-سوپىلار-

نىڭ نىقابىنى يىرتىپ» تاشلىغانلىقى، چىن مۇھەببەت، ۋاپا، ساداقەت، ئادالەت، مەرىپەت ۋە دوستلۇقنى تەرغىپ قىلغانلىقىدەك بىر تەرەپلىمە قىياس ۋە ئەقەللىي چۈشەنچىلەر كۆپرەك تەكىتلەندى. ناۋائى دۇنيا قارىشىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلغۇچى «ئىشق»، «مۇھەببەت»، «يار»، «مەي»، «ساقى» چۈشەنچىلىرى تولىمۇ يۈزەكى ئىزاھلىنىپ كېلىندى.

ناۋائىنىڭ دۇنيا قارىشىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ ناۋائىنىڭ ئەسەرلىرىنى، ئۇنىڭدا ئەكس ئەتكەن پاساھەت (بەدىئىي)، بالاغەت (پەلسەپىۋى) دۇردانىلىرىنى، سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي كۆزقاراشلارنى چۈشىنىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ناۋائى ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا ناۋائىنىڭ دۇنيا قارىشى مەسىلىسى ئالدىنقى ئۆتكەل ھېسابلىنىدۇ. چەت ئەل تەتقىقاتچىلىرىنىڭ قارىشىچە، ناۋائى ئىسلام دىنىدىكى چوڭ ئېقىملارنىڭ بىرى بولغان سوپىزم ئېقىمىدىكى تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى ۋەكىللىرىدىن بولغان باھاۋىددىن نەقشىبەندىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان نەقشىبەندىيە سۇلىكىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئۇنىڭ دۇنيا قارىشى ئاشۇ تەسەۋۋۇپ تەلىماتى ئاساسىغا قۇرۇلغان. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ بارلىق ئەسەرلىرى تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. بۇ نۇقتىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ ناۋائى ئەسەرلىرىدىكى ئىدىيىۋى تىندىنسىيەلەرنى «سوپىزمغا قارشى» قويۇش، «ناۋائىنىڭ ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت ۋە ئىلاھىيەت ھەققىدىكى قاراشلىرى تەسەۋۋۇپنىڭ مىستىك تەلىماتى»غا «پۈتۈنلەي قارشىدۇر» دېگەندەك قاراشلاردا بولۇش ناۋائى ھەققىدىكى چۈشەنچىمىزنىڭ تولىمۇ سۇسلىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

## 3

نۆۋەتتە ناۋائىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا دۇچ كېلىدىغان ئەڭ قىيىن ئۆتكەل — تىل مەسىلىسىدۇر. دەرۋەقە ناۋائى ئەسەرلىرى چاغاتاي تىلىدا يېزىلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە چاغاتاي تىلىدا ئەرەب، پارس تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆز خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن ھازىرقى كىتابخانلىرىمىزنىڭ ناۋائى ئەسەرلىرىدىن بەھىر ئېلىشى بىرقەدەر قىيىن. شۇنداقتىمۇ يالغۇز ناۋائى ئەسەرلىرىنىلا ئەمەس، بەلكى چاغاتاي تىلىدىكى بارلىق ئەدەبىي مىراسلىرىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەقدىرىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا نىشانلىق ھالدا چاغاتاي تىلى كۇرسلىرى ئېچىلىپ، چاغاتاي ئەدەبىياتى بويىچە بىر قىسىم ياش ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش ئىشلىرى يولغا قويۇلسا، شۇ ئارقىلىق چاغاتاي ئەدەبىياتىغا ئائىت ۋەسىقىلەر رەتلىنىپ، نەشر قىلىنىپ تەتقىق قىلىنسا، ئەجدادلىرىمىزنىڭ چاغاتاي ئەدەبىياتىدا ئەكس ئەتكەن ئەقىل جەۋھەرلىرى زامانىمىز كىشىلىرىگە يەتكۈزۈلسە تولىمۇ ساخاۋەتلىك ئىش بولغان بولاتتى.

خەيرىيەتكى، يېقىنقى بىر مەزگىل ئىچىدە بىر قىسىم كلاسسىك ئەدەبىيات ئىخلاسمەنلىرىنىڭ جاپالىق تىرىشچانلىقى، بىر قىسىم مۇھەررىر ۋە نەشرىياتچىلارنىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن ناۋائىنىڭ بىر بۆلۈك ئەسەرلىرى، مەسىلەن، تاللانغان «غەزەللەر»، «خەمسە»، «مەجالسۇن نەفائىس»، «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن» قاتارلىقلار نەشر قىلىنىپ خەلقىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بولۇپمۇ «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن»، «مەجالسۇن نەفائىس»، «غەزەللەر» قاتارلىقلار ھەم ترانسكرىفسىيىلىك تېكىست ھەم ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يەشمىسى بىلەن نەشر قىلىنغاچقا كىتابخانلىرىمىز ئۇنىڭدىن ئازدۇر - كۆپتۇر ھۇزۇر ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭدىن كېيىن ناۋائى ئەسەرلىرىنى، شۇنداقلا كلاسسىك ئەدەبىياتقا ئائىت ئەسەرلەرنى نەشر قىلىشتا ئۇنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يەشمىسى بىرلىكتە نەشر قىلىنسا بىرقەدەر ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

بىز ناۋائىنى بىلىمىزمۇ؟

بىلىمىز. ئەمما بىزنىڭ بىلىدىغانلىرىمىز نۇقۇل يىلنامە تۈسىنى ئالغان بىئوگرافىيە ۋە تىزىملىك تۈسىنى ئالغان كاتولوگ بىلەنلا چەكلىنىپ قالماسلىقى كېرەك. ناۋائىغا ئىلمىي نۇقتىئىنەزەردىن ياندىشىپ، ناۋائى ياراتقان پەلسەپىۋى ۋە ئېستېتىك خەزىنىنىڭ ئىشىكىنى ئاچىدىغان پۇرسەت ئاللىقاچان يېتىپ كەلدى. ناۋائى ھەققىدە بىرەر ئىلمىي ئەسەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش، مەخسۇس ناۋائى ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەش، كېچىككەن بولساقمۇ ناۋائىغا ئائىت بىرەر رومان ياكى پوۋېستنى خەلقىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈش دەۋرىمىزدىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ بۇرچى ۋە مەسئۇلىيىتى.

# ناۋائىنىڭ مۆھۈرنى سۇندۇرۇشى

**ئابلىز ئورخۇن**

چۈن شىكەستى نەفسى ھاسىل بولمادى،
مۇندىن ئۆلدى مۆھرۈمى سىندۇرماغىم.

مەھمۇت قەشقەرىدىن كېيىن تۈركىي (ئۇيغۇر) تىلىنىڭ شان - شۆھرىتىنى ئاشۇرۇش ۋە قوغداش يولىدا كۆرەشكەن ھەمدە بۇ تىلنى ئەرەب، پارس تىللىرى بىلەن بەيگىگە سالغان بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىر ئەلشىر ناۋائىنىڭ مۆھۈرنى سۇندۇرۇش ھەققىدىكى بۇ شېئىرى ئۇنىڭ ئەرەب، پارسلار ئالدىدىكى «تۈركىي غۇرۇرى»دىن سىرت يەنە بىر غۇرۇرى بىلەن زىچ باغلانغان.

1469 - يىلى تۆمۈرىيلەر شاھزادىسى بولغان ھۈسەيىن بايقارا ھىراتنى ئىشغال قىلىپ، خۇراساندا ھۆكۈمدار بولدى. ئۇ تەختكە چىقىپلا ئۆز رەقىبى سۇلتان ئەخمەت مىرزىدىن ئۇنىڭ ھىمايىسىدە تۇرۇۋاتقان ساۋاقدىشى ئەلشىرنى ھىراتقا ئەۋەتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. سۇلتان ئەخمەت مىرزا بۇ تەلەپنى قوبۇل قىلىپ ئەلشىر ناۋائىنى ئىززەت - ئىكراملار بىلەن ئۇزىتىپ قويدى. ھۈسەيىن بايقارا دوستى ۋە ساۋاقدىشى ئەلشىرنىڭ ئىستىقبالىغا چىقىپ، ئۇنىڭ شەرىپىگە ھىرات سىرتىدىكى باغى زاغان سارىيىدا شاھانە زىياپەت بەردى ھەمدە ناۋائىنى تامغىدارلىققا تەيىنلىدى.

1470 - يىلى 5 - ئايدا ناۋائى تۈركمەنلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ھىراتنى ئىشغال قىلغان يادىكار مۇھەممەد مىرزا ئىسيانىنى باستۇرۇشتا ئالاھىدە پىداكارلىق كۆرسىتىپ ھۈسەيىن بايقارانى چوڭ بىر خەۋپتىن قۇتقۇزدى. بۇ ئىش ھۈسەيىن بايقارانىڭ ناۋائىغا بولغان ئىشەنچ ۋە ھۆرمىتىنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى. 1472 - يىلى ھۈسەيىن بايقارا ئەلشىرنىڭ تۆھپىلىرى شەرىپىگە «دىۋان بېگى» لىك مەنسىپىنى ئاتا قىلدى. بىراق، ناۋائى ئۆزىنىڭ بۇ ئورۇنغا مۇناسىپ كەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ مۇنداق ئۆزرە سوردى: «... مەن ئەمدى ئۇلۇغ ئاستانە ئىچكىلىرى قاتارىدا مەن، ئۇلۇغ مەنسەپ ئىگىسىمەن، ئاسمانچە تەخت ئەمىرلىرىنىڭ ھەممىسىدىن يۇقىرىراق ئورۇندا ئولتۇرۇپتىكەن، مۇبادا ئەمىرلىك مەنسىپىگە ئېرىشسەم، بارلاس ۋە ئارلات ئەمىرلىرىدىن بەزىلىرى تۆرە (قائىدە) گە بىنائەن مەندىن يۇقىرى ئولتۇرىدۇ. بەس، بۇ ئەمىرلەرگە كېيىل بولۇش مېنىڭ مەنسىپىمدىن تۆۋەنرەكتۇر»①.

ناۋائىغا بېرىلگەن مەنسەپ ئەڭ ئالىي ئورۇن بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە تالانتى بىلەن سۇلتاندىن قالسىلا ئەڭ نوپۇزلۇق شەخس ھېسابلىناتتى. بۇنداق ئىلتىپاتلار ناۋائىنى سۆيۈندۈرمىدى. بەلكى، ناۋائى ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ زور توسالغۇسى بولۇپ قالدى. باش - ئاخىرى يوق دۆلەت ئىشلىرى ئاساسەن ناۋائىنىڭ زىممىسىدە ئىدى. شۇڭا ناۋائى بۇ خىل ئالدىراشچىلىقتىن قاتتىق بىزار بولۇپ:

يوق ئىدى باش قاشغالى فۇرسەتىم②

دەپ شىكايەت قىلىدۇ ھەمدە كېچىلىرى ئۇيقۇنى ھارام قىلىش بەدىلىگە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

كى ئەيلەپ يارىم تۈنلەر ئۇيقۇ ھەرام.③
خامە رەفتارىن نەچە سۇرسەم نەچە،
قىرق - ئەللىك بېيت ھەر يارىم كېچە.④

بىراق، بۇ ئىشلار جەمئىيەتتىكى چىرىكلىك ۋە تەڭسىزلىكتىن دىلى قاتتىق ئازابلانغان ناۋائىغا نىسبەتەن ھېچقانچە ئىش ئەمەس ئىدى. شۇڭا ناۋائى مەنسەپنى تەرك ئېتىپ، سۇلتاننىڭ يېقىن ئادىمى سۈپىتىدە قېلىشنىلا خالايتتى. بۇنىڭ يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئىككى تۈرلۈك مۇھىم سەۋەبى بار ئىدى. بىرىنچىسى، ناۋائى ئۆز زامانىدىكى كاتتا بايلىق ئىگىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ماددىي جەھەتتە سۇلتاندىن كېلىدىغان ھەرقانداق مائاش، ئىلتىپاتلارغا ئېھتىياجلىق ئەمەس ئىدى. ئەكسىچە سۇلتان ئوردىسىنىمۇ ماددىي لازىمەتلىكلەر بىلەن تەمىنلەپ تۇراتتى⑤؛ ئىككىنچىسى، تۈرك ۋە موغۇل «تۆرە» (قائىدە)سى بويىچە ناۋائى مەنسۇپ بولغان ئۇيغۇر بەگلىرى مۇراسىم ۋە يىغىلىشلاردا ھاكىمىيەت تۆپىسىدىكى بارلاس، ئارلات، تارخان، قىيات ۋە قوڭرات بەگلىرىنىڭ ئايىغىدا ئولتۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى⑥. شۇڭا ناۋائى «ۋەقفىنامە» ناملىق ئەسىرىنىڭ كىرىش سۆزىدە ھۈسەيىن بايقارا زامانىسىدىكى تەبىقىلەرنى ئۆز تەرتىپى بويىچە ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن تىزىپ چىقىدۇ. «چۈنكى زاماننىڭ ئۇلۇغ شەۋكەتلىك دانىشمەنلىرى ۋە پازىللىرى، دەۋراننىڭ گۈزەل ئەخلاقلىق قازىلىرى ۋە ئالىملىرى، تۆمۈرىي نەسلىدىن بولغان شاھزادىلەر، بارلاس ئورۇقىدىن بولغان ئەمىرزادىلەر، ئارلاتىي ئىسمىلىك رەئىسلەر، تارخان رەسمىلىك دۆلەتمەنلەر، قىيات نەسەبلىك نامدارلار، قوڭرات نەسەبلىك بەرقارارلار، ئۇيغۇرىي سۈپەتلىك باخشىلار، ئۇيغۇر مەرتىۋىلىك ياخشىلار، چۆللۈك باياۋىنىدا جان پىدالىق قىلغان جاندارلار، بايىرلىق كۈنلىرىدە خىزمەتكارلىق قىلغان پىداكارلار، جالايىرلار شاۋقۇنلىرى ۋە قاۋچىنلارنىڭ سۇرەنلىرى مەۋجۇت ئىدى»⑦.

دېمەك، ناۋائى قەيت قىلغان «ئۇيغۇر سۈپەتلىك باخشىلار»نىڭ تۆمۈرىيلەر زامانىدىكى ئورنى بارلاس، ئارلات، تارخان، قىيات ۋە قوڭرات قاتارلىق قەبىلە، ئۇرۇقلاردىن كېيىن تۇراتتى. ناۋائى «ۋەقفىنامە»دىكى يۇقىرىقى بايانلاردىن كېيىن ئاشۇ تەبىقىلەرنىڭ ھۈسەيىن بايقارا ئوردىسىدىكى كونكرېت ۋەزىپىلىرىنى نەزىم ئارقىلىق مۇنداق سۈپەتلەيدۇ:

بىرى سەندەلىينى مەقام ئەيلەدى،
بىرىنى مەسنەد ئۈزرە خىرام ئەيلەدى.⑧

(بىرى سەندەل ياغىچىدىن ياسالغان ئىبسىل كۇرستا
ئولتۇرۇپ، بۈيۈك مەنسەپ ئىگىسى بولدى).
بۇ شەكىسىزكى «تۆمۈريي نەسلىدىن بولغان شاهزادە-
لەر»نى كۆرسىتەتتى.

بىرى تۈرك ئايۋانىدا ئاستى مۆھر.
بىرى سارت دىۋانىدا باستى مۆھر.⑨

زەكى ۋەلىدى توغاننىڭ پىكرىچە تۆمۈرىيلەر ئوردى-
سىدا تۈرك دىۋانى ۋە سارت دىۋانى دېگەن ئىككى دىۋان
بولاتتى. تۈرك دىۋانى مەخسۇس تۈركىي تىللىق خەلقلەر-
نىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى. بۇ دىۋان يەنە «تۇۋاچى
دىۋانى» دەپمۇ ئاتىلاتتى. بۇ دىۋاننىڭ كاتىپلىرى باخشى
دەپ ئاتىلاتتى. پارس تىللىق خەلقلەرنى ئىدارە قىلىدىغان
دىۋان «سارت دىۋانى» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ دىۋاننىڭ كاتىپ-
لىرى ۋەزىر دەپ ئاتىلاتتى. هەر ئىككى دىۋان ئۈستىدىن
نازارەتچىلىك قىلغۇچى ئەمەلدار «ئۇلۇغبەگ» دەپ ئاتىلات-
تى⑩. هەممىگە ئايانكى، باخشى نامىنىڭ ئۇيغۇرلاردىن
باشقا يەنە بىرەر قەۋمگە ئىشلىتىلگەنلىكى مەلۇم ئەمەس.
هۈسەيىن بايقارانىڭ پەرمانىغا قارىغاندا ناۋائى «ئۇ-
لۇغبەگ» ئەمەس، بەلكى تۈرك دىۋانىدىكى باشقا بەگلەرگە
ئوخشاش بىر بەگ هەم سۇلتاننىڭ «ئىچكى» (يېقىن)
ئادىمى ئىدى⑪. ناۋائىنىڭ ئۆز سۆزى بىلەن ئېيتقاندا
«ئۇيغۇريي سۈپەت باخشىلار» تۆمۈرىيلەر ئوردىسىدا
خەت ـ پۈتۈك ئىشلىرىدىن باشقا مۇھىم ۋەزىپىلەرگە
قويۇلمايتتى. دەل شۇنىڭدىن بىر ئەسىر ئىلگىرىلا ئىسەن
بۇقاخاننىڭ تاشتۆمۈر ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر نائىبى باشقا
قەۋملەرنىڭ هەسەت قىلىشى بىلەن ئىسەن بۇقاخاننىڭ
كۆز ئالدىدا پارچىلاپ تاشلانغان⑫. شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر-
لارنىڭ چاغاتاي ئۇلۇسىدىكى يۈكسەك ئورنىغا زەربە بېرىل-
گەنىدى. بۇ دەهشەتلىك پاجىئە ناۋائىنىڭمۇ ئېسىدىن كۆ-
تۈرۈلۈپ كەتمىگەن بولسا كېرەك.

تۈرك ۋە سارت دىۋانلىرىنىڭ رەئىسلىكىنى ئارلاتلار
تۇتۇپ تۇراتتى. «ئارلاتى ئىسىملىك بۇ سەدر نەشىنلەر»
نىڭ ۋەزىپىسى شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

بىرى رەسمى بولدى سەدارەت مەئاب،
بىرى ئىسمى بولدى ۋەزارەت ئىياب.

(بىرىنىڭ ئادىتى رەئىسلىك بولدى، يەنە بىرىنىڭ
ئىسمى ۋەزىرلىك بولدى).

بارلاسلار بولسا خان ۋە ئەمىرلەر تەبىقىسىگە مەنسۇپ
ئىدى. دېمەك، ناۋائى ئارلات ئۇرۇقى رەئىسلىك قىلىۋات-
قان ئىككى دىۋاندىن تۈرك دىۋانىنىڭ ئىچىدىكى بىر بەگ
ئىدى. دىۋان بېگىلىك مەنسىپى ئىلىم ئەهلىلىرىگە خاس
ئورۇن بولغاچقا، قابىلىيەتلىك باشقا قەبىلە كىشىلىرىمۇ
بۇ ئورۇنغا نائىل بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

گەرچە ناۋائى ئىمتىياز جەهەتتە سۇلتاندىن قالسىلا
2 ـ نومۇرلۇق شەخس بولسىمۇ، لېكىن دىۋاندا يۇقىرىدا
نامى زىكرى قىلىنغان قەبىلە بەگلىرىنىڭ ئايىغىدا ئولتۇ-
رۇشقا، پەرمانلاردا ئۆز مۆھۈرىنى هەممىنىڭ تېگىگە ئۇ-
رۇشقا مەجبۇر ئىدى. بۇ هال غۇرۇرلۇق شائىرنى قاتتىق
ئازابلايتتى. بەگلەرنىڭ ئورنىنى بېكىتىش هۆكۈمدارنىڭ
ئىلكىدىكى ئىش ئەمەس ئىدى. بۇ ئەمەلىيەتتە چاغاتاي
ئۇلۇسىدىكى تۈرك ـ موغۇل قەبىلىلىرى ئارىسىدا ئۇيغۇر-
لارنىڭ ئەنئەنىۋى ئورنىنى ئۆزگەرتىش هېسابلىناتتى. نە-
هايەت، كۈچلۈك مىللىي غۇرۇرغا ئىگە شائىر 1490 ـ
يىلى دىۋان بېگىلىك مەنسىپىنى تەرك ئېتىپ، ئۇنى ئۆز
يېقىنلىرىدىن بولمىش بابا ئەلى ئىشىك ئاغا دېگەن كىشىگە
ئۆتۈنۈپ بېرىپ، سۇلتاننىڭ «ئىچكى»سى دېگەن ئاتاقنىلا
ساقلاپ قالدى. ناۋائى بۇنى «مۆھۈرنى سۇندۇرۇش» تەبى-
رى بىلەن ئىپادە قىلدى. ناۋائىنىڭ سىياسىي هاياتىدىكى
بۇ ئىچكى ئازابلىنىش ئۇنىڭ مۇنۇ شېئىرىدا روشەن ئىپادى-
لەنگەن:

چۇن ماڭا لۇتق ئەتتى شەھ دىۋاندا مۇهر،
بۇ ئىدى ئەلدىن قوي مۇهىر ئۇرماغىم.
كىم غۇرۇرى نەفسى سەركەش مەنئىغە،
بارچە دىن بولغاي قويى ئولتۇرماغىم.
چۇن شىكەستى نەفسى هاسىل بولمادى،
مۇندىن ئۆلدى مۇهرۇمى سىندۇرماغىم.⑬

(پادىشاھ ماڭا دىۋاندا مۆھۈردارلىقنى ئاتا قىلدى. بۇ
مېنىڭ باشقىلاردىن مۆھۈرنىڭ ئايىغىغا مۆھۈر ئۇرۇشۇمغا
سەۋەب بولدى. غۇرۇرۇم بويۇنتاۋلىقنىڭ ئەكسىچە هەممى-
سىدىن تۆۋەن ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم. ئۆز غۇرۇ-
رۇمنى سۇندۇرۇشنى زادى راۋا كۆرمىدىم. شۇ سەۋەبلىك
مۆھرۈمنى سۇندۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم). ناۋائىنىڭ بۇ
يەردىكى غۇرۇرى «ئۇيغۇرلۇق غۇرۇرى» ئىدى.

شاھ ئاتا قىلغان مۆھۈرنى سۇندۇرۇش هۈسەيىن بايقا-
را ئۈچۈن بىر قاتتىق ئىسيانكارلىق بولسىمۇ، لېكىن
بۇنىڭلىق بىلەن ناۋائىنىڭ ئورنى چۈشۈپ كەتمىدى، بەلكى
تېخىمۇ ئارتىشقا باشلىدى.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ناۋائىشۇناسلار تەرىپى-
دىن بىر ئەسىردىن بېرى ناۋائى بىلەن بىر جەمەت دەپ
بېكىتىلگەن بارلاس نەسىللىك سۇلتان، ئەمىرلەر تەرىپى-
دىن ناۋائىغا قىلىنغان بۇ ئىلتىپاتلارغا بېرىلگەن يۇقىرىقى
مەردانە جاۋاب ناۋائىشۇناسلىقتا غايەت زور نەتىجىلەر قازان-
غان ئۆزبېكىستاندا تا هازىرغىچە پىنهان پېتى قالدى.

**ئىزاھلار:**

① خاندەمىرنىڭ «رەۋزە تۇسسەفا» ناملىق ئەسىرى-
دىن.
③ ② ئابدۇقادىر هېيتمېتوۋنىڭ «خەمسە» داستانى-
نىڭ 500 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن 1986 ـ يىلى قايتا
نەشىر قىلىنغان «خەمسە»گە يازغان كىرىش سۆزىدىن
ئېلىندى.
④ ناۋائى «مەنتىقۇتتەير» (قۇشلار تىلى) دىن.
⑤⑦⑧⑨ ناۋائى «ۋەقفىنامە» («بۇلاق» ژۇرنىلى-
نىڭ 93 ـ يىللىق 2 ـ سانىغا قاراڭ).
⑥⑩⑪⑬ «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» تۈركچە 1 ـ
توم 351 ـ، 352 ـ بەتلەر.
⑫ موللانىياز ۋە مۇھەممەت سادىق قەشقەرىيلەر تەر-
جىمە قىلغان «تارىخىي رەشىدى» نىڭ ئىككى خىل قولياز-
ما نۇسخىسى.

## يۈزمۇ - يۈز

# يازغۇچى مۇھەممەت ئىمىن بىلەن سۆھبەت

(سۆھبەت خاتىرىسى)

ئەكبەر قادىر

**سوئال:** سىزنىڭ بېيجىڭدا خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىڭىزغا ئۇزۇن يىللار بوپتۇ. ئۆز مىللىي تۇرمۇشىڭىزدىن ئايرىلىپ قېلىش ئىجادىيىتىڭىزگە تەسىر كۆرسەتمىدىمۇ؟

**جاۋاب:** بېيجىڭدا خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىمغا ھەقىقەتەن ئۇزۇن يىللار بولدى. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان ۋە خىزمەت قىلغان ۋاقتىمنى قوشقاندا بۇ يىل دەل ئوتتۇز ئىككى يىل بوپتۇ. ئادەم ئۆمرىنىڭ يېرىمىغا باراۋەر كەلگۈدەك ۋاقتىم بېيجىڭدا خىزمەت بىلەن ئۆتۈپتۇ. بىر يازغۇچى ئۈچۈن ئېيتقاندا ئۆز مىللىتىدىن، ئۆز مىللىي تۇرمۇشىدىن ئايرىلىپ ياشاش ئۇنىڭ ئىجادىيىتىگە مۇئەييەن تەسىر كۆرسىتىشى تۇرغان گەپ. بىزگە پايتەخت بېيجىڭدا ئەدەبىياتىمىزنىڭ تېخىمۇ گۈللىنىشى، تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن مەخسۇس مىللىي نەشرىيات تەسىس قىلىپ بېرىلگەن. ئەمدى ئۇنى ئۇنۇملۇك خىزمەت قىلدۇرۇش، خەلقىمىزنى سۈپەتلىك مەنىۋى ئوزۇق بىلەن تەمىن ئېتىش تامامەن ئۆزىمىزگە باغلىق. مەن مۇشۇ ئوي - خىيال بىلەن كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇرۇپ، تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئىشلەپ كېلىۋاتىمەن. دەرۋەقە بېيجىڭدا تۇرمۇش ئۆگىنىش ئۈچۈن ئۆز يۇرتۇمدىكىدەك ئۇنچە ئەۋزەل شارائىت يوق. ئىسلاھات - ئېچىۋېتىشتىن كېيىن ئۇيغۇر سودىگەر - تىجارەتچىلەر كۆپلەپ كېلىپ، بېيجىڭدا ئۇيغۇرلار مەركەزلەشكەن كوچا - رەستىلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ يەرلەرنى ئايلانسىڭىز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى، ئېڭىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى بايقىۋېلىش قىيىن ئەمەس. ئىچكىرى رايونلاردىكى تەرەققىي قىلغان مەدەنىيەت، مۇھىت كۆزقاراشلىرى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ ئەسلىدىكى مەدەنىيەت، مۇھىت قاراشلىرىمىز بىرلىشىپ ئۇلارنىڭ روھىنى ئاجايىپ بىر يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالىسىز. مەن مۇشۇ ھەقتە يىرىكرەك بىرەر پارچە ئەسەر يېزىش ئويىدامەن. ئۇنىڭدىن باشقا بېيجىڭغا كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغان قەلەمداش دوستلار بىلەنمۇ ئۇچرىشىپ تۇرىمەن. ئەمما بۇلار يەنىلا ئۆز خەلقىنىڭ قوينىدا ياشىغاندىكىدەك كۈچلۈك تۇرمۇش پۇرىقى بېرەلمەيدۇ. شۇڭا مىللىي تۇرمۇشتىن مەلۇم دەرىجىدە ئايرىلىپ قېلىشنىڭ ئىجادىيىتىمگە كۆرسىتىدىغان بەزى تەسىرلىرىدىن خالىي ئەمەسمەن.

**سوئال:** كلاسسىك ئەسەرلىرىمىزنىڭ قايسى خىل ئالاھىدىلىكلىرىگە بەكرەك دىققەت قىلىسىز؟

**جاۋاب:** بۇنى بىرەر ئېغىز سۆز بىلەن ئىزھار قىلىش تەس. كلاسسىك ئەدەبىياتىمىز پۈتمەس - تۈگىمەس خەزىنە. بەزى ئەسەرلەرنىڭ ئېستېتىك جەلپ قىلارلىقىنىڭ ئاجايىپ كۈچلۈكلىكىدىن ھەيران قالىمەن. كلاسسىك ئەسەرلىرىمىز ئالدى بىلەن پەلسەپىۋى مەزمۇنغا ئىنتايىن باي. بۇ بەلكىم بىزنىڭ پەلسەپە تارىخىمىز بىلەن ئەدەبىيات تارىخىمىزنىڭ سىڭىشمىلىكىدىن بولسا كېرەك. يەنە بىر تەرەپ، كلاسسىكلىرىمىز خەلقىنىڭ مۇڭ - زارىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈش، تۇرمۇشنى پەردازلىماسلىققا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. مەن ئېھتىمال بۇ جەھەتكە بەكرەك دىققەت قىلسام كېرەك.

**سوئال:** ئەسەرلىرىڭىزدىكى پېرسوناژلاردىن كىتابخانلار كۆپىنچە «ئىسمى - جىسمىغا لايىق بولۇپ قاپتۇ» دەپ ئاغرىنىشىدۇ. سىز مەقسەتلىك شۇنداق ئىسىم قويامسىز؟

**جاۋاب:** كىتابخانلىرىم ئىچىدىن كىمنىڭ ۋە نېمە ئۈچۈن ئاغرىنغانلىقىنى بىلمەيمەن.. ئېھتىمال بۇ سىزنىڭ قىياسىڭىزدۇر. لېكىن بىر نۇقتىنى ئېنىق ئېيتسام بولىدۇ. ئىسىم قويۇشتا ھەرگىز تاسادىپىيلىق مەۋجۇت ئەمەس. مەقسەتلىك ھالدا شۇنداق قويۇلغان. نېمىشقا دېسىڭىز، ھەرقانداق يازغۇچى ئۆز پېرسوناژىنىڭ جەلپ قىلارلىق، تەسىرلىك بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز پېرسوناژلىرىنى مەلۇم خاسلىققا ئىگە قىلىشقا تىرىشىدۇ. خاسلىققا ئىگە قىلىش بەزىدە پېرسوناژ ئىسمى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئىسمىنىڭ جىسمىغا لايىق بولۇشى ئەگەر قاملاشتۇرالىسىڭىز ئەسىرىڭىزگە يېڭى

ئېستېتىك ئۇنۇم ئېلىپ كېلىشى مۇمكىنغۇ؟

**سوئال:** ئىجادىي ھاياتىڭىزدا يولۇققان ئو-
ڭۇشسىزلىقلارمۇ بارمۇ؟

**جاۋاب:** مېنىڭچە ھەممە ئىشلىرى ئوڭۇش-
لۇق بولىۋېرىدىغان يازغۇچى يوق. ئىجادىيەت
ئىنتايىن نازۇك - جاپالىق جەريان بولغاچقا ھەر-
قانداق بىر يازغۇچى ياكى ئۇنداق، ياكى بۇنداق
ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچراپ تۇرىدۇ. يىغىنچاقلاپ
ئېيتقاندا، ئىجادىيەتتە ئوڭۇشسىزلىقتىن ساقلى-
نىش قىيىن. ئۇ ئىجادىيەتتىكى بىر خىل ھادىسە
سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. مۇنداقچە
ئېيتقاندا ئىجادىي ھايات ئوڭۇشسىزلىقلارنى يې-
ڭىپ ئىلگىرىلەيدىغان ھايات.

**سوئال:** ئىجادىيىتىڭىزدىكى سەۋەنلىكلەر-
نى ئېتىراپ قىلىشنى خالامسىز؟

**جاۋاب:** يازغۇچى بولغان ئادەم ئۆزىدىكى
سەۋەنلىكلەرنى ئوڭايلىقچە ھېس قىلالمايدۇ.
ھېس قىلغانلىرىمنى ئەلۋەتتە ئېتىراپ قىلىمەن.
ھېس قىلىشىمچە، ئىجادىيىتىمدە تۇرمۇشنى
ئەكس ئەتتۈرۈش دائىرىسى جەھەتتە قانائەتلىنەر-
لىك كەڭلىك يارىتالمايۋاتىمەن. يازغانلىرىمدا بە-
زىدە تۇرمۇشنىڭ مەلۇم بۆلىكى، ئادەملەر مۇنا-
سىۋىتىدىكى قىسمەن تەرەپلەر بىلەنلا چەكلىنىپ
قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولۇشى مۇمكىن. ئەسەر-
لىرىمدە ئىشلىتىلگەن تىل ئومۇمەن زىيالىيلار
تىلى. جۈملە قۇرۇلمىسى بىرقەدەر ئېغىر. گەر-
چە كىتابخانلار ئىچىدە مۇشۇنداق مۇرەككەپلىكنى
ياقتۇرىدىغانلار بولسىمۇ، ھازىرقى ئومۇمىي سە-
ۋىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، تىلنىڭ يەنىلا ئاممى-
باب، چۈشىنىشلىك، ئاددىي بولغىنى ياخشى.
مېنىڭچە، سەۋەنلىكلەرنى ئېتىراپ قىلماسلىق ئا-
قىلانىلىق ئەمەس. سەۋەنلىكلەرنىڭ ساقلىنىپ
قېلىۋېرىشى بىر يازغۇچى ئۈچۈنلا ئەمەس، نۆۋ-
ەتتە ئومۇمىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ بالدۇرراق روناق
تېپىشى ئۈچۈنمۇ ئوخشاش زىيانلىق! ئىجادىيى-
تىمدە يەنە باشقا سەۋەنلىكلەر بولۇشى مۇمكىن.
بۇ جەھەتتە تەنقىدچىلەرنىڭ ياردىمىگە موھتاج-
مەن.

**سوئال:** ئەسەرلىرىڭىزدە زىيالىيلار تېمى-
سى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. سىز دېھقان خا-
راكتېرىگە قىزىقمامسىز؟

**جاۋاب:** يازغۇچى ئۆزىگە بەكرەك تونۇش
بولغان تۇرمۇشنى كۆپرەك يازىدۇ. ئۆزۈم دېھقان
ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بولسامۇ، ئوقۇش
مۇناسىۋىتى بىلەن ئائىلىدىن كىچىكلا ئايرىلىپ
كەتتىم. ھازىرغىچە ئۆمرۈم زىيالىيلار ئارىسىدا
ئۆتتى. زىيالىيلار تۇرمۇشىغا بىرقەدەر پىششىق
بولغاچقا بۇ ھەقتە كۆپرەك يازدىم. دېھقان تۇرمۇ-
شى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەسەرلىرىمغۇ يوق ئە-
مەس. مەسىلەن: «داغدا قالغان قىز»، «ۋىجدا-
نىڭ نېمە دەيدۇ» قاتارلىق پوۋېستلىرىمدا دېھقان
خاراكتېرى يارىتىلغان. لېكىن راستىنى ئېيتقاند-
ا بۇ دېھقانلار ئالىي مەكتەپلەرگە ئۆتەلمىگەن
ياشلار بولغاچقا ئۇلاردا دېھقان خاراكتېرىگە خاس
بولغان ھەقىقىي خىسلەتلەر يەنىلا كەم. دېھقان
ئوبرازى بار بولسىمۇ ئۇلار ساپ دىل، ئاق كۆ-
ڭۈل، ئەمگەكچان دېھقان خاراكتېرى سۈپىتىدە
تولۇق گەۋدىلەندۈرەلمەيدۇ. پەقەت زىيالىي ياش-
لار ئوبرازى ئۈچۈن ۋاستىلىق رول ئوينايدۇ.
مۇشۇنداق زىيالىي ياشلار تۇرمۇشى تېخى قولۇم-
دىن چىقمىغان «جانان نېمىشقا يىغلايدۇ» ناملىق
رومانىمدا تېخىمۇ ئەتراپلىق ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ.
بۇ رومانني يېزىۋاتقىنىمغا بەش يىلچە بولغان بول-
سىمۇ، خىزمەتتىكى ئالدىراشچانلىق ۋە باشقا سە-
ۋەبلەر تۈپەيلى ئۇنى ۋاقتىدا تاماملاپ كىتابخانلار
بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولالمايۋاتى-
مەن.

**سوئال:** مۇھەممەت باغراشنىڭ ئىجادىيىتى-
گە قانداق قارايسىز؟

**جاۋاب:** مۇھەممەت باغراش ئۆزلۈكىدىن
ئۆگىنىشكە تايىنىپ يېتىشىپ چىققان ئىقتىدار-
لىق يازغۇچى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى يېڭىلىق ئامىل-
لىرىغا خېلى باي. مىللىي ئاڭ، مىللىي تۇرمۇ-
شىمىزدىكى تېخى قېزىلمىغان تەرەپلەرنى يورۇ-
تۇپ بېرىش، ئۇنىڭ بۈگۈنكى تۇرمۇشىمىزدىكى
ئورنىنى كۆرسىتىپ بېرىشتە مۇھەممەت باغراش-
نى نەتىجىلىك ئىزدىنىۋاتىدۇ دېيىشكە بولىدۇ.
ئۇنىڭ ھېكايىلىرىدىكى ئوبرازلار پوۋېستلىرىدىكى
ئوبرازلارغا قارىغاندا جانلىق ھەم تەسىرلىك يارى-
تىلغان. بىر مەزگىل مۇھەممەت باغراشنىڭ نامى
بۈگۈنكى زامان مودېرنىزم ئەدەبىياتى ئېقىملىرى-
نىڭ نامى بىلەن بىللە تىلغا ئېلىنىدىغان بولۇپ
قالغانىدى. كىتابخانلارنىڭ زوقلىنىش سەۋىيى-
سىنىڭ ئۆسۈشى، تۇرلۇك ئەدەبىيات ھادىسىلى-
رىگە بولغان چۈشەنچىسىنىڭ يۇقىرىلىشىغا ئەگى-
شىپ دەسلەپ تېڭىرقاپ قالغان كىتابخانلارمۇ ھا-
زىر ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئۆزىگە تېگىشلىك زوق
ئالالايدىغان بولۇۋاتىدۇ. گەپ ئىجادىيەت ئۇسۇل-
لىرىنىڭ ئىجادىيەت روھى بىلەن بولغان مۇناسى-
ۋىتىنى توغرا ھەل قىلىشتا.

**سوئال:** ئەسەرلىرىڭىز بىلەن تۇرمۇشى-
ڭىزنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە ئاز - تولا پىكىرلى-
شىشنى خالامسىز؟ مەسىلەن: «ئۈچۈپ كەتكەن
دۆلەت قۇشى» مىسالىدا.

**جاۋاب:** ئەسەرلىرىم بىلەن تۇرمۇشۇم ئوت-
تۇرىسىدا ئورگانىك باغلىنىش يوق. ئەمما ئىجا-
دىيەتتە بەزى ھاللاردا بەزى يازغۇچىلارنىڭ ئۆز
تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىپادى-
لىنىپ قېلىشىنىمۇ چەتكە قاققىلى بولمايدۇ. ھا-
زىرقى دۇنيا ئەدەبىياتىدا بۇنداق ئەسەرلەر ھەتتا

بازارلىق ئەسەر بولۇپمۇ قېلىۋاتىدۇ. لېكىن مەن ھازىرغىچىلىك بۇنداق ئەسەر يېزىپ باقمىدىم. «ئۇچۇپ كەتكەن دۆلەت قۇشى» تېخىمۇ شۇنداق.

**سوئال:** مەلۇم بىر داڭلىق ئەدىب «شېئىر كىشىلەرنىڭ ھايات قېلىشىغا ياردەم بېرەلمەيدۇ. ئۇ پەقەت ئۆلۈشكىلا ياردەم بېرەلەيدۇ» دەپ ئېيتىپتۇ. بۇ سۆزگە سىز قانداق قارايسىز؟

**جاۋاب:** مەن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن. ئېھتىمال بۇ سۆزنى ھېلىقى ئەدىب ئۈمىدسىزلىكنى، چۈشكۈنلۈكنى، تەركىدۇنياچىلىقنى تەرغىب قىلىدىغان شېئىرلارغا قارىتىپ ئېيتقان بولسا كېرەك. ئەمەلىيەتتە ياخشى شېئىرلار كىشىلەرنى ئۈمىدۋارلىق بىلەن ياشاشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. ياخشى شېئىر خەلقنىڭ قەلبىنى يورۇتىدىغان مەشئەل، دۈشمەنگە زەربە بېرىدىغان خەنجەر بولالايدۇ. ۋېنگىرىيىنىڭ داڭلىق شائىرى فېدۇفىنىڭ شېئىرلىرى ئەينى ۋاقىتتا مۇستەملىكىچىلەرگە قارشى كۈرەش قىلىۋاتقان خەلق ئاممىسىنىڭ كۈرەش ئىرادىسىنى تېخىمۇ ئۇرغۇتقان، ئۇلارنىڭ ئازادلىق يولىدا مەردانىلىق بىلەن تېخىمۇ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ئىلھام بەرگەنىدى. دېمەك، شېئىرىيەتتە تولىمۇ غايىۋى تېمىلارغا بېرىلمەي رېئاللىقنى، ئۇنىڭغا بولغان چىن ھېسسىياتىمىزنى ئاممىباب تىل بىلەن چۈشىنىشلىك قىلىپ يېزىشىمۇ ئوخشاشلا قىممەتلىك.

**سوئال:** پىكىرلىرىڭىزدىن قارىغاندا «گۇڭگا شېئىر»لارنى ياقتۇرمايدىغان ئوخشىمامسىز؟

**جاۋاب:** ياق، ئۇنداق ئەمەس، مېنىڭ دەۋاتقىنىم شېئىردىكى خاھىشچانلىق مەسىلىسى. «گۇڭگا شېئىر» دېيىلىۋاتقان بۇ شېئىرلار ئىچىدە كىشىگە يۇقىرى بەدىئىي زوق بېرىدىغان شېئىرلارمۇ بار. كىتابخانلار بۇنداق شېئىرلارنى ئەلۋەتتە ياقتۇرىدۇ. «گۇڭگا شېئىر»لار شېئىرىيەتتىكى بىر ئېقىم سۈپىتىدە ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ يەردە دەپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك مۇنداق بىر ئوقۇشماسلىقمۇ بار؛ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوتسېنتى، مەن بىلەن ئىسىمداش بولغان مۇھەممەت ئىمىن ئەپەندىم ئوبزورچى مۇھەممەت پولاتقا گۇڭگا شېئىرلار توغرىسىدا بىر پارچە خەت يازغانىكەن. مۇھەممەت پولاتنىڭ جاۋاب خېتى «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغاندا كىتابخانلار بۇ خەتنى مېنى يازغان دەپ چۈشىنىپ قاپتۇ. مۇھەممەت ئىمىن ئەپەندىم يېقىنقى يىللاردا يەنە ئىجادىيەت مەسىلىلىرى ھەققىدە بەزى نەزەرىيىۋى ماقالىلەرنىمۇ ئېلان قىلدى. بۇ ماقالىلەردە گەپنىڭ توغرىسىنى ئېيتقاندا مەسىلىلەرنى يېڭىچە نەزەرىيىۋى قاراش، چۈشەنچىلەر بىلەن شەرھىيلەش، يورۇتۇپ بېرىش يېتەرسىز بولدى. بەزى كىتابخانلار بۇ ماقالىلەرنىمۇ مېنى يازدى دەپ ئويلاپ ماڭا خەت يېزىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئەدەبىي كۆزقاراش، چۈشەنچىلىرىمىزنى ئالماشتۇرۇپ قويىدىغان ئەھۋال كۆرۈلدى. مەن ئاساسەن شېئىر، ھېكايە، پوۋېست يېزىپ كەلدىم. ئەمەلىيەتتە مەن ياخشى يېزىلغان «گۇڭگا شېئىر»لارنى ياقتۇرۇپ ئوقۇيمەن. ياشلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش، دادىللىق بىلەن ئىزدىنىش روھىغا ئىلھام بېرىش تەرەپدارىمەن.

**سوئال:** ئەدەبىياتىمىزنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە كۆپ ئويلىنامسىز؟

**جاۋاب:** شۇنداق، بۈگۈنكى كۈندە پەن-تېخنىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ دۇنيا ئەدەبىيات ساھەسىدىمۇ ناھايىتى زور يۈكسىلىشلەر بولۇۋاتىدۇ. ئەدەبىيات مۇنبىرىدە ئاخبارات تۈسىنى ئالغان ئەدەبىيات، تەرجىمىھال خاراكتېرىدىكى ئەدەبىيات ۋە ئاممىباب ئەدەبىيات بارغانچە گۈللىنىۋاتىدۇ. بۇ جەھەتتە تېزلا تونۇلۇۋاتقان يازغۇچىلارمۇ ئاز ئەمەس. ئەكسىچە بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى دېگەندەك ئاشالمايۋاتىدۇ. بىز تېخى ئىجادىيەتتە مۇھەببەت، نىكاھ، ئائىلە مەسىلىلىرىدىن ھالقىپ ئۆتەلمىدۇق. ئەسلى ئەدەبىياتنى خەلق كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئىجتىمائىي قايناملارغا باشلاش كېرەك ئىدى. دىققەتنى ئەھمىيەتلىك مەسىلىلەرنى يورۇتۇپ بېرىشكە قارىتىش ھەم ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە، ھەم ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن تىرىشىش كېرەك ئىدى. لېكىن ھازىرقى ئەھۋالىمىز بۇ تەلەپلەردىن كۆپ يىراق. ئەدەبىي ئاخبارات يېزىقچىلىقىمىزمۇ بارغانچە خەۋەر قىلىش ۋە سان-سىفىرلار پاتقىقىغا پېتىپ ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى ئورنىنى ساقلاپ قالالمايۋاتىدۇ. ئىزدىنىش بىلەن يېتەكلەش يېتەرسىز بولۇۋاتىدۇ. قارىغۇلارچە ئېقىم قوغلىشىش، دورامچىلىق كەيپىياتىنى ئەۋج ئالدۇرۇۋاتىدۇ. ئاندا-ساندا مەيدانغا كېلىپ قېلىۋاتقان ياخشى ئەسەرلەر ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسى بولالمايدۇ. ئەڭ مۇھىمى، ئۇنداق ياخشى ئەسەردىن بۈگۈن بىرسى بارلىققا كەلسە، ئەتە چوقۇم ئىككىسى بارلىققا كېلىدىغان ۋەزىيەت يارىتىشتا.

**سوئال:** سىزدە داڭلىق يازغۇچى بولۇش ئارزۇسى بارمۇ؟

**جاۋاب:** ئەلۋەتتە بار. ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگۈچىلەر بۇنداق ئارزۇدىن خالىي ئەمەس. لېكىن داڭلىق يازغۇچى بولۇش-بولالماسلىق ئارزۇغا ئەمەس، تالانت بىلەن تىرىشچانلىققا باغلىق.

**سوئال:** ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ يېقىنقى ئەھۋالىغا قانداق قارايسىز؟

**جاۋاب:** يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزدە خېلى ئىلگىرىلەشلەر بولدى.

لېكىن يەنىلا ئادەمنى قانائەتلەندۈرەلمەيدۇ. يۈزە-
كى باھا، كىتاب ئوقۇش تەسىراتى شەكلىدىكى
ئوبزورلار كۆپ. كەيپىيات جەھەتتىن قاراقويۇق
ماختاش ئېغىر. ئۆتكەن يىلى مەلۇم بىر ئاساس-
لىق ئەدەبىي ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان بىر پو-
ۋېستنا ستۇدېنتلار تۇرمۇشى ئىنتايىن خۇنۇكلەش-
تۈرۈپ تەسۋىرلەندى. مانا مۇشۇنداق ئەسەرمۇ شۇ
ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان بىر ئوبزوردا تازا كۆككە
كۆتۈرۈلۈپ ماختالدى. مەسىلىنىڭ تۈگىنى ئوب-
زورچىنىڭ ئەسەرنىڭ ھەقىقىي خاھىشىنى توغرا
ئىگىلىيەلمىگەنلىكىدىلا بولماي، يەنە ئۇنىڭدا
مىللىي ئاڭ، مىللىي غۇرۇر ۋە مىللىي ئەخلاق
قارىشىنىڭ تولىمۇ يېتەرسىزلىكىدە. ئەسەر ئاپ-
تورى بىلەن ئوبزور ئاپتورىنىڭ مىللىي ئەخلاق
قارىشىنىڭ ئوخشاشلا ئىنتايىن يۈزەكىلىكى،
ئوبزورچىنىڭ ھەدەپ ماختاشقا بېرىلىپ كەتكەن-
لىكى ئادەمنى بەكمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. . . كې-
شىنى خۇشال قىلىدىغىنى ۋە ئۈمىد بېغىشلايدى-
غىنى شۇكى، يېقىنقى يىللاردا بىر بۆلۈك ياش
ئوبزورچىلىرىمىز يېتىشىپ چىقىۋاتىدۇ. مېنىڭ-
چە يالقۇن روزى ئاشۇلارنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن
ۋەكىلى. دادىل پىكىر قىلىش، بىر پارچە ئەسەر-
نى ئۇنىڭ ئاپتورىدىن ئايرىپ تەھلىل قىلىشتا
يالقۇننىڭ ماقالىلىرى بولىدۇ. بىزنىڭ تەنقىدنى
قوبۇل قىلالماسلىقىمىز ۋە كۆتۈرەلمەسلىكى-
مىزمۇ تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ تازا يۈكسىلەلمەس-
لىكىدىكى يەنە بىر مۇھىم سەۋەب. مېنىڭچە تەن-
قىدچىلىكتە كىتابخانلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەردىن
زوقلىنىش، قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇ-
رۇشقا ياردەم بېرىدىغان ئىمكانىيەتلەر كۆپرەك
يارىتىلسا ياخشى بولاتتى. باشتىن - ئاخىر ماخ-
تايدىغان، ھېچقانداق نەزەرىيىۋى قاراش ۋە چۈ-
شەنچە ئوتتۇرىغا قويۇلمايدىغان ئوبزورنىڭ نېمە
ئەھمىيىتى؟ . . . تەنقىدچى ئەسەرنى ئەسلى ئە-
سەر تەمىن ئەتكەن خاھىشقا ئاساسلىنىپ باھالاي-
دۇ. كىتابخان ئۇنىڭغا ھەمكارلىشىشنى شەرت
قىلىپ تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىدۇ. مېنىڭچە يازغۇ-
چىنىڭ مانا بۇ جەريانغا ئارىلىشىۋېلىشى، ھەتتا
ئۆزىنى «ئاقلاپ» ماقالە يېزىشى بىھۇدە بولسا
كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن تەنقىد راستىن ئانچە
مۇۋاپىق بولماي قالغان تەقدىردىمۇ يەنىلا يازغۇ-
چىنىڭ ئىجادىيىتىگە مەلۇم دەرىجىدە ياردەم بېرە-
لەيدۇ. تەنقىد يازغۇچىغا نىسبەتەن ئۆز ئەسىرىدى-
كى يامان سۈپەتلىك ئۆسمىنى كېسىپ تاشلىغانغا
ئوخشاشلا شىپالىق!

**سوئال:** سىزنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك
بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ بېقىش ئويىڭىز بارمۇ؟

**جاۋاب:** مەن ئىلگىرى تەنقىد ماقالىلىرىنى-
مۇ يېزىپ باققان. لېكىن ئەدەبىياتىمىزدا تەنقىد-
نى قوبۇل قىلالمايدىغان ھادىسىنىڭ بەك ئېغىرلى-
قى مېنى بۇ يولدىن يېنىشقا مەجبۇر قىلدى. ھەتتا
كۆڭۈلسىزلىكلەرگە ئۇچرىغان ۋاقىتىممۇ بولدى.
كېيىنچە شۇغۇللىنىپ قالامدىم - يوق، ھازىرچە
سىزگە ئېنىق بىرنەرسە دېيەلمەيمەن.

**سوئال:** ئەسەرلىرىڭىزدە ئىندىۋىدۇئال خا-
راكتېر يارىتىشقا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدىكەن-
سىز. بۇنى ئۆزىڭىزدىكى بىر خىل ئالاھىدىلىك
دەپ قارامسىز؟

**جاۋاب:** ئەلۋەتتە شۇنداق. ئۆزىگە خاس ئا-
لاھىدىلىكى بولمىغان ئەسەر بازىرى كاسات مالغا
ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ھېچقانداق قىممىتى بولمايدۇ.
ئىندىۋىدۇئال خاراكتېر مۇۋەپپەقىيەتلىك يارى-
تىلسا ئەسىرىڭىزنىڭ ئۆلمىگىنى شۇ. دونكى-
خود، گېرانتى، ئاكيۇ، مەتنىياز قاتارلىق ئوب-
رازلار تا بۈگۈنگىچە نېمە ئۈچۈن ئېغىزدىن -
ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرىدۇ؟ بۇنىڭدىكى ئاچقۇچ ياز-
غۇچىنىڭ ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرنى مۇۋەپپەقى-
يەتلىك يارىتالىغانلىقىدا. ئاشۇنداق ئۆلمەس ئوب-
رازلاردىن بىرەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىۋې-
لىش مېنىڭ ھاياتىمدىكى بىردىنبىر ئارزۇيۇم.
بۇ يولدا ئىزچىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كېلى-
ۋاتىمەن.

**سوئال:** ئىجادىيىتىڭىزگە تەسىر كۆرسەت-
كەن ئامىللار ئىچىدە خەنزۇ ئەدەبىياتىنىڭ تەسى-
رىمۇ كۈچلۈكمۇ؟

**جاۋاب:** شۇنداق. بولۇپمۇ خەنزۇ كلاسسىك
ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرى بىرقەدەر كۈچلۈك. بېي-
جىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات
فاكۇلتېتىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا تونۇشقاندىن بۇ-
يان ھازىرغىچە داۋاملىق ئوقۇپ تۇرىمەن. ئەلۋەت-
تە يازغۇچى بولغان ئادەم باشقىلارنىڭ ئەدەبىياتى
ھەققىدە پىششىق تونۇشقا ئىگە بولۇشى كېرەك.

**سوئال:** نوبېل ئەدەبىياتى مۇكاپاتى تارقى-
تىشتىكى تەڭسىزلىكلەردىن سىزمۇ نارازىمۇ؟
ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن بۇ مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلار
چىقارمۇ؟

**جاۋاب:** نوبېل ئەدەبىياتى مۇكاپاتىغا ئې-
رىشكەن يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىسى،
ئەھۋالى، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ خەنزۇ تىلىغا تەر-
جىمە قىلىنغانلا ئەسەرلىرىنى كۆرۈپ تۇرىمەن.
قارىسىڭىز بىزدىمۇ شۇنداق يازغۇچىلار، ئەسەر-
لەر باردەكلا قىلىدۇ. تېخى يېقىندىلا كۆرگەن
بىر كىتابتا نوبېل ئەدەبىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىش-
كەن مىسىر يازغۇچىسى نەجىپ مەھپۇزنىڭ «نو-
بېل دۇنيا مۇكاپاتى دېگەن سۆزدىكى دۇنيا دېگەن
سۆز غەرب مەدەنىيىتىنى كۆرسىتىدۇ» دېگەنلىكى-
نى ئۇچراتتىم. شۇنىڭدىن قارىغاندا، غەرب مەدە-
نىيىتىگە ياتمايدىغان ئەدەبىياتنىڭ نەزەردىن ئاساس-
لا چەتتە قېلىشى تۇرغانلا گەپ ئوخشايدۇ. مانا
مۇشۇ بىرلا نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ بۇ كاتتا

دۇنياۋى مۇكاپاتنىڭمۇ پۇتۇنلەي باراۋەر، ئادىللىقىدىن سۆز ئېچىش قىيىن بولسا كېرەك. تۈركىي مىللەتلەر ئىچىدىن ئاۋۋال چىڭغىز ئايتماتوۋ ئېرىششى مۇمكىن. بىزدە تېخى بالدۇر. ئەمما ئۈمىدسىزمۇ ئەمەسمىز!

**سوئال:** ياش ئىجادىيەتچىلەرگە بېرىدىغان قانداق مەسلىھەتىڭىز بار؟

**جاۋاب:** ياشلار ئەدەبىياتىمىزنىڭ ۋارىسلىرى، ئەدەبىياتىمىزنى يېڭى يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈشتە ۋە تېخىمۇ گۈللەندۈرۈشتە ئاچقۇچلۇق رول ئوينايدىغان جۇشقۇن بىر كۈچ. ھەر يىللىق «خانتەڭرى ئەدەبىياتى مۇكاپاتى» تارقىتىش يىغىنىغا قاتناشقان، مۇكاپاتلانغانلار ئىچىدىمۇ ياشلار ئاساسىي سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ. دېمەك بىز ھازىر ياشلارغا دىققەت قىلماقتىمىز. ئۇلار ئارقىمىزدىن ئىز بېسىپ بىز يېتەلمىگەن نىشانلارغا يەتكۈسى! مەن ئۇلارنىڭ ئۆز مىللىي تۇرمۇشىمىز قوينىغا چوڭقۇر چۆكۈپ مىللىي ئەدەبىياتىمىزنى گۈللەندۈرۈش يولىدا جاسارەت بىلەن ئىزدىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

**سوئال:** ھازىر جەمئىيەتتە ئىقتىساد مەدەنىيەتكە ياردەم بېرىشى كېرەك دېگەن پاراڭلار بولۇۋاتىدۇ. سىز بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟

**جاۋاب:** مېنىڭچە بۇ سۆزنىڭ ئاساسىي بار. مەدەنىيەت ئىقتىسادتىن ئايرىلىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. جەمئىيەتنىڭ ئاۋۋال مەدەنىيەت جەھەتتىن ساغلام تەرەققىي قىلىش - قىلماسلىقى ئىقتىسادنىڭ ئوڭۇشلۇق گۈللىنىشىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، ئىقتىسادنىڭ مەدەنىيەتكە مەسئۇل بولۇشى، ياردەم بېرىشى بىر خىل زۆرۈرىيەت ھەم ئاڭلىقلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر. بۈگۈنكى كۈندە مەدەنىيەت ئىشلىرى دۆلەتنىڭ ياردىمىدىن باشقا ھەر ساھە ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭمۇ ياردىمىگە موھتاج. ئىككى تەرەپلىمە ياردەمگە تايانغاندىلا مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات قەدىمىنى تېخىمۇ تېزلەتكىلى بولىدۇ. ئەدەبىيات ساھەسىنىڭ ئۆزىگىلا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئىجادىيەت ئىشلىرىنى تېخىمۇ گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تۈرلۈك مۇكاپاتلاش پائالىيەتلىرىنى كۆپرەك ئېلىپ بېرىش كېرەك. قەلەم ھەققىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. خەلقئارالىق ئىجادىيەت ئالاقە ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. مانا بۇلارنى دۆلەت ئاجرىتىپ بەرگەن ئىقتىسادقىلا تايىنىپ تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇپ كېتىش قىيىن. يەنىلا ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرمەي بولمايدۇ. ئەدەبىياتمۇ جەمئىيەت ئۈچۈن سۇپەتلىك مەنىۋى ئوزۇق بىلەن تەمىنلەش مەجبۇرىيىتىنى ئارتقۇرۇشى لازىم. شۇنداق بولغاندا ئىككى تەرەپنىڭ بىرلىكىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىگىلى بولىدۇ. ئەتراپىمىزغا نەزەر سالىدىغان بولساق، قېرىنداش مىللەتلەر ئىچىدە، دۆلەت ئىچىدە ياكى سىرتىدا بولسۇن ئۆز مىللىي مەدەنىيىتى، مائارىپ ئىشلىرىغا زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىۋاتقانلار كۆپ. دېمەك، ئىقتىسادىي ساھەدىكى ھەر بىر كىشىنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كۆڭۈل بۆلۈشى كىشىنى خۇشال قىلىدۇ.

**سوئال:** سىزنىڭ شائىر ئىمىن ئەھمىدى بىلەن بېرىش - كېلىشىڭىز قويۇقكەن. بۇنىڭ ئەدەبىيات جەھەتتىكى ئاساسىمۇ بارمۇ؟

**جاۋاب:** ئەينى يىللاردا بىز بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا مەكتەپداش ئىدۇق. ئۇ چاغلار بىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە ئۆتەك قىزغىنلىق بىلەن كىرىپ كېلىۋاتقان چاغلىرىمىز ئىدى. بىز ئىجادىيەت ھەققىدە كۆپ پىكىرلىشەتتۇق ھەم بىر - بىرىمىزگە ئىلھام بېرەتتۇق. بىز ھازىرمۇ ئۇچرىشىپ قالغاندا ئاشۇ تاتلىق يىللارنى بىرلىكتە ئەسلەپ قالىمىز.

**سوئال:** تېيىپجان ئېلىيۇپنى ئەسلەپ تۇرامسىز؟

**جاۋاب:** ئەلۋەتتە. ئۇ كىشىنى مەنلا ئەمەس، بېيجىڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان قېرىنداش مىللەت يازغۇچى - شائىرلىرىمۇ ئوخشاشلا ئەسلەپ تۇرىدۇ. مەن شائىر بىلەن 1978 - يىلى «تيەنئەنمېن شېئىرلىرى»نى تەرجىمە قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن تونۇشقان. شۇنىڭدىن كېيىن بېيجىڭغا كەلسىلا كۆرۈشۈپ تۇراتتىم. شائىر بىلەن مانا مۇشۇ ئۈستەلدە مۇڭداشقان كۈنلەر ئېسىمدىن كەتمەيدۇ.

**سوئال:** شائىرنىڭ ۋاپاتىغا مەرسىيە يازدىڭىزمۇ؟

**جاۋاب:** ياق، يازالمىدىم. راستىنى ئېيتسام مەن ئىجادىي ھاياتىمدا مەرسىيە يېزىپ باقماپتىمەن. شائىر ۋاپات بولغان كۈنلەردە بەك قايغۇردۇم. قاراڭ، قايغۇنىڭ ئۆزى مەرسىيە ئەمەسمۇ!...

**سوئال:** ناۋادا سىزدىنمۇ نېمە ئۈچۈن يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىسىز دەپ سوراپ قالساقچۇ؟

**جاۋاب:** ئەلۋەتتە مەنمۇ پابلو نېرۇدادەك «يېزىقچىلىق ماڭا نىسبەتەن خۇددى ھاۋاغا ئوخشايدۇ» دەپ جاۋاب بېرىمەن - دە!

**سوئال:** سىزنى مەھسۇلاتلىق يازغۇچى دېسەك بولغۇدەك.

**جاۋاب:** ياق، ئىجادىيەتتە سانغا ئەمەس، سۈپەتكە قاراش كېرەك. كۆپ يېزىپ مەھسۇلاتلىق يازغۇچى بولغاندىن كۆرە، ئاز يازسىمۇ سۈپەتلىك ئەسەرلەرنى يازغان ياخشى. بىزدە ھازىر سۈپەتلىك ئەسەرلەر بارغانچە ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ. مەن تېخىمۇ كۆپ مەتىمىن ھوشۇرلار مەيدانغا كەلسىكەن دەيمەن.




(ھېكايە)

**ئەكبەر سالىھ**

## 1

خەدىچە جىگدىلىكتە يىلىم كولاۋاتقاندا ھاشىم دادىسى بىلەن بازاردىن قايتىپ كېلىۋاتاتتى. خەدىچە ئۇلارنى كۆرمىگەندەك پۈتۈن ئەس - يادى بىلەن بىر پارچە يېرىندىدا كاۋا غازىڭىغا يىلىم چۈشۈرۈۋاتاتتى. ئېشەكنىڭ چولۋۇرىنى خۇشياقمىغاندەك تۇتۇپ ئولتۇرغان ھاشىم يول چېتىدىكى خەدىچىنى كۆرۈپلا ئۆزىنى رۇسلاپ خەدىچە تەرەپكە قارىدى.

ھاۋانىڭ تەپتى تېخى يانمىغان. بوۋاي ئوقارغا يۆلىنىپ مۈگدەپ ئولتۇراتتى. مايلىشىپ كەتكەن ئاق دوپپىسى تەردە نەمدەلگەن. تەر تامچىسى قويۇق قاشلىرىدىن، يۈز - كۆزلىرىدىن توختاۋسىز سىرغىپ چۈشەتتى. ھاشىم چولۋۇرنى ئاستا تارتىپ ھارۋىنى توختاتتى. ئۇ بوۋىسىغا قاراپ قويۇپ پەم بىلەن ھارۋىدىن چۈشمەك بولۇۋىدى، قارا ھاڭگا سۈيدۈك پۇراپ قالدى بولغاي، ئاۋازىنى سوزۇپ قاتتىق ھاڭراپ كەتتى. ھارۋىدىن چۈشۈپ بولغان ھاشىم ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغۇچە بوۋاي چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى.

— ھاشىماخۇن، نېمە بولدى بالىكام، — بوۋاي كۆڭلىكىنىڭ يېڭى بىلەن يۈز - كۆزىدىكى تەرنى سۈرتۈۋېتىپ ئوغلىدىن سورىدى.

— ھارۋىنىڭ بىي پاي چاقىنىڭ يېلى بوشكەن، شۇنىڭغا قالاپ باقاي دەپ. . .

— ھە، ھەيدەڭ بالىكام ئېشەكنى، ھەيدەڭ. ئۆيگە باغاندا ئوڭشامىز.

ھاشىم قايتىدىن ھارۋىغا چىقىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ كۆزى يەنە خەدىچە تەرەپتە ئىدى. قارا ھاڭگا تۇمشۇقىنى بىردەم پۇرۇشتۇرۇپ تۇرۇپ سوكۇلداپ مېڭىپ كەتتى. ھاشىم تامبىلىنىڭ يانچۇقىدىكى ئەينەكنى ئاۋايلاپ تۇتۇپ قويدى.

بوۋاينىڭ پات - پات دىمى سىقىلاتتى. ئەتىگەن ناشتىدىن كېيىن ئۇ ھارۋىنى قوشتۇرۇپ ھاشىم بىلەن بازاردىكى تېۋىپ تونۇشىغا كۆرۈنگىلى بېرىشتى. ھاشىم تۈنۈگۈن چۈشتە پىچان ئورغىلى ماڭغاچ خەدىچەلەرنىڭ ھويلىسىغا ئارغامچا سوراپ كىردى. بۇ چاغدا خەدىچە ھويلىدا ئۇسما قويۇپ ئولتۇراتتى.

— خەچچە، ماڭ چېگىنى ئاچقىپ بە، — قوشۇق قىرىۋاتقان نىياز سىڭلىسىغا بىر ھومىيىۋېتىپ قوشۇقنىڭ كاسىسىنى كىرت - كىرت قىلىپ ئويۇشقا باشلىدى. ئۇ ھاشىمنى كۆرۈپلا چىرايى تۇرۇلۇپ قالغانىدى. خەدىچە ئاكىسىغا قاراپ چىرايىنى پۇرۇشتۇرۇپ قويۇپ قازناق ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ھاشىم بۇ دەمگىچىلىك خەدىچەنىڭ ئەينىكىنىڭ نەچچە يېرىدىن دەز كەتكىنىنى كۆرۈپ ئۈلگۈردى. خەدىچە ئارغامچىنى ئاچىقىپ بەرگەچ سورىدى:

— پىچان ئوغىلى بارامسە؟

— ماڭ، ئېشىگنى قىل ئاقساقال.

نىياز قولىدىكى يامپۇچۇقنى شىلتىپ تۇرۇپ سىڭلىسىغا ھۆركىرىدى.

ھاشىم گەپ قىلماي ھويلىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ خەدىچەگە بىر ئەينەك ئېلىپ بېرىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. شۇڭا ئۇ بوۋاي تېۋىپقا كۆرۈنۈۋاتقان پۇرسەتتە غىپپىلا قىلىپ يوقاپ كېتىپ، بىر دانە ئەينەك سېتىۋالغانىدى. بايا ئېشەك ھاڭرىۋەتمىگەن بولسا ئۇ خەدىچە بىلەن كۆرۈشۈپ كەچتە باغقا چىقىشقا ئۇناتقان بولاتتى. مانا شۇ تاپتا خەدىچە بىر تۈپ دەرەخنىڭ دالدىسىدا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ تۇرىدۇ. سەن ئې-

شەكىلنىڭ ئانىسىنى مىڭ. . .

— چوڭ دادا، سەن هارۋا بىلەن كېتىۋەسەڭ، مەن بېرىپ كېپەزلىككە قاراپ كېلەي، تاۋۇزلا پىشقان بوسا بىرنى ئۈزۈپ. . .

— هەيدەڭ ئېشەكنى بالىكام. تاۋۇز، قوغۇن دېگەن ئۆيدىما بايا ئەينا.

بوۋاي بايا يولدا خەدىچەنى كۆرگەن، نەۋرىسىنىڭ ئۇنىڭغا قىيماي كۆز تاشلاپ كېلىۋاتقىنىنىمۇ سەزگەنىدى. ئەمما، مەھەللىدىكىلەرنىڭ نەۋرىسى بىلەن خەدىچە توغرۇلۇق مىش - مىش گەپلىرى بوۋاينىڭ قولىقىغىمۇ يەتكەچكە، بۇنىڭغا كۆز - قۇلاق بولۇپ يۈرمىسىمۇ بولمايتتى.

هاشىم بوۋىسىدىن يامانلاپ چىرايىنى تۈرۈپ گەپ قىلماي ئولتۇرۇۋالدى. بوۋاي نەۋرىسىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلدى، ئىچىدە كۈلۈپمۇ قويدى. «بالا - دە، تېخى بالا. جېنى ئىچىگە پاتمايدۇ، مەشۇقىنى كۆرگەندە ئولتۇرالماي قالىدۇ. كۆرسەم، سۆيسەملا دەپ يۈرىدۇ. . . » بوۋاي كۈلۈپ قويۇپ خىيال بىلەن يەنە مۈگدەشكە باشلىدى.

## 2

روزاخۇن بوۋاينىڭ خەقلەردىن ئاڭلىغان مىش - مىش گەپلىرى راست ئىدى.

ئۇ كۈنى خەدىچە قوشنىسىنىڭ ئۆزى بىلەن تەڭ قۇر قىزلىرى بىلەن كېۋەزنىڭ ئۇچىنى ئۈزگىلى بارغان. هاۋا تازا قىزىغاندا تەرلەپ يۈز - كۆزىنى تۇپا - چاڭ باسقان قىزلار قومۇشلۇق يارنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى چوڭقۇرچاققا سۇغا چۆمۈلگىلى كېلىشكەنىدى. قىزلار خەقلەرنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن قورققاندەك پىچىرلىشىپ، ئېغىزلىرىنى تۇتۇشۇپ، كۈلۈشۈپ يار بويلاپ يۇقىرىغا مېڭىشتى. يارنىڭ ئىككى قېتىنى بۇككىدە جىگدە، ئۆرۈك دەرەخلىرى ئوراپ تۇراتتى. ئۇلار گاھ ئېڭىشىپ، گاھ دەرەخلەرنى ئايلىنىپ دېگۈدەك بىر مەھەلدىن كېيىن يارنىڭ بېشىغا كېلىشتى - دە، يۈرەكلىرى پوكۇلداپ سوقۇپ هاسىرىشىپ ئولتۇرۇپ بىردەم دىمىنى ئېلىشتى.

— ئەللە كۆرۈپ قالماس - هە، خوتۇنلا؟ — دېدى پۇتىدىكى سۇلياۋ بەتىنكىسىنى يېشىۋاتقان سەلىمە پىخىلداپ كۈلۈپ ئولتۇرۇپ.

قىزلار ۋىلىقلاپ كۈلۈۋېتىشتى ۋە بىر-بىرسى كېلىپ قالغاندەك ئەتراپىغا قاراپ قويۇشتى.

— قوقساڭلا سىلە ئايەدە پوستەكچىلىك قىپ تۇرۇڭلا سېلىمىخان، خۇدايىم دەرەخنىڭ ئۇچىدىن يول بېرىپ قاسا كېتەسىلە، ئۈرەيىم قىماۋازىنىڭ ئۆيى ئاشىندا ئەينا.

قىزلار قوللىرىنىڭ دۈمبىسىدە ئېغىزلىرىنى توسۇشۇپ بىرهازا كۈلۈشتى. ئىبراهىم يۇقىرىقى مەھەللىدىكى داۋۇت بۆزنىڭ ئوغلى ئىدى. مەھەللىدىكى بىرنەچچە ياش باللار چۈش ياكى كەچلىرى پات - پات داۋۇت بۆزنىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ قالاتتى. بۇنداق چاغدا داۋۇت بۆز ئىشىكنى ئىچىدىن دۈملەپ كىگىزنىڭ ئۈستىگە داستىخان يېيىپلا هوشۇقلارنى تاشلاپ تاۋكا قۇرۇپ بېرەتتى. ئۇتۇش - ئۇتتۇرۇش راسا ئەۋجىگە چىققاندا ئاتا - بالا هوشۇق ئېتىشىپمۇ قالاتتى. ئىبراهىم هوشۇقى ئالچا چۈشكەن كۈنلەردە سەلىمەنى ئىزلەپ كېلەتتى. تاپالمىسا ئالدىغا ئۇچرىغان قىزلاردىن قاش - كۆزلىرىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ سەلىمەنى سورايتتى. قىزلارمۇ ئۈچەيى ئۈزۈلگۈدەك كۈلۈپ تۇرۇپ بۇ قىزىقچى، مەرد يىگىتكە سەلىمەنىڭ بار يېرىنى دەپ بېرەتتى ياكى ئۇنى ئۆيىدىن چاقىرىپ بېرەتتى.

— سۇ يىلىنى يوقتۇ - هە، باللا، چېقىۋاسا بىكا. . . — قارا قومچاق كەلگەن هەۋزىخان ئالقىنىغا سۇ ئېلىپ مەيدىسىگە چاچقاچ قورقۇمسىراپ سورىدى.

— ئېشەكنىڭ ئىمى، نىم قىتا بۇ يادا سۇ يىلىنى دېگەن. ئېغىزىڭلىنى ئۇششۇتمەڭلا تولا ئەدەمنى قوقۇتۇپ، — بېلىگىچە سۇغا كىرىپ بولغان خەدىچە هەۋزىخاننىڭ گېپىنى قېقىۋەتتى. ئۇنىڭ بويۇن ۋە بىلەكلىرىدىن باشقا يېرى پاختىدەك ئاپئاق، شېشىدەك سۈزۈك هەم سىلىق ئىدى.

— ما خېنىمنىڭ ئايەلىرىنى، ئوغال بالا بوغان بوساما خوتۇن قىپ ئاتكەنمە بىي، — دەپ چاچقاق قىلدى سەلىمە خەدىچەنىڭ يالىڭاچ بەدىنىگە هەۋەس بىلەن كۆز تاشلاپ تۇرۇپ.

— ئىگىسى باكەن دەپ قويسىلا، — خەدىچە شۇنداق دەۋېتىپ سۇغا چۈشەي دەپ تۇرغان قىزلارغا شالاق - شۇلۇق سۇ چاچتى. قىزلار چۇرقىرىشىپ ئۆزلىرىنى سۇغا ئېتىشتى.

يارنىڭ سۈيى يۇقىرىدىكى تاش ئېرىقتىن چۇرۇلداپ ئېقىپ كېلەتتى. ياردىن ئۆتۈپ ئاندىن ئېتىزلارغا، ئورمانلارغا قويۇلۇپ شۇ يەرلەردە سىڭىپ تۈگەيتتى. سۈزۈك، ئىلمان سۇ قىزلارنىڭ هۇپۇلدەپ تۇرغان قىزىق تېنىنى يايرىتىۋەتتى. ئۇلار خۇشاللىقىدا ئادەم كېلىپ قالار دېگەن

ئەندىشىنىمۇ ئۇنتۇشتى. خەدىچە بىر پەستىن كېيىن ئىچ كىيىملىرىنى يۇيۇپ ئېرىق قىرىدىكى تاشلارغا يېيىپ قويغىلى كەلدى.

هاشىم يۇقىرىقى مەھەللىدىكى ئاچىسىنىڭ يېنىغا بىر ئىش بىلەن بارغانىدى. قايتىشىدا ئىسسىققا چىدىماي يار بويىدىكى دەرەخ سايىسىدا غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ يار تەرەپتىن چىقىۋاتقان قىزلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قىزىقسىنىپ بىر تۈپ ئۆرۈك دەرىخىنىڭ شېخىنى قايرىپ لۆڭگىدە تاش ئېرىقنىڭ بويىدا پەيدا بولدى. ئىچ كىيىملىرىنى تاشقا ئەمدىلا ياياي دەپ تۇرغان خەدىچە هاشىمنى كۆرۈپ ئوپۇل - توپۇل قولىدىكىنى كەينىگە يوشۇرۇۋالدى.

— نېمىش قىسە بۇ يەدە؟ — هاشىم خەدىچەنىڭ جىددىيلەشكەن چىرايىغا قاراپ كۈلدى. خەدىچەنىڭ نەمدەلگەن قاپقارا بوستان چاچلىرىدىن سۇ تامچىپ تۇراتتى. كالتە گىرىپ كۆڭلىكى بەدىنىنى ئارانلا يوشۇرۇپ تۇراتتى.

— ماراپ يۈدۈڭما گاچا، پۇشۇرۇپ قويغان بىينەسە بادەي، — خەدىچە دوستلىرىغا قاراپ قويۇپ هاشىمغا هومايدى.

— شۇ، مەلىگە ماڭغان، — هاشىم گەدىنىنى قاشلاپ تۇرۇپ هىجايدى، — مايەگە كەلە، ساڭا ناۋاتتەك بىي گېپىم باتتى، — ئۇ خەدىچەنىڭ قولىنى كاپپىدە تۇتۇپ ئىككى قەدەم نېرىدىكى بىر تۈپ ئۆرۈك دەرىخىنىڭ دالدىسىغا تارتتى.

تەييارلىقسىز تۇرغان خەدىچە ئۆزىنى تۇختىتىپ بولغۇچە ئۆرۈكنىڭ دالدىسىغا بېرىپ بولدى.

— قۇياپ بە گاچا، خەق كۇرەپ قاتۇ باكا، — خەدىچە هاشىمنىڭ قولىدىن يۇلقىنىپ تۇرۇپ هاسىرىغىنىچە شۇنداق دېدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولۇپ كەتكەنىدى.

— بىينى سۇيەپ قوي، ئاندىن قاپ بېرىپ كېتىمە، — هاشىم يەنە بىر قولى بىلەن خەدىچەنىڭ بېلىدىن كاپپىدە تۇتۇۋېلىپ خەدىچە ئاڭقىرىپ بولغۇچە ئۇنىڭ يۈزىگە چوككىدە بىرنى سۆيۈۋالدى.

هاشىم چىقىپ كەلگەن تەرەپتىن كىچىك باللارنىڭ پىخىلداپ كۈلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. خەدىچە بىرلا شوخشۇپ هاشىمنىڭ قۇچىقىدىن چىقىۋالدى.

— ماڭە تازلا، نېم باكەن بىيەدە، — هاشىم ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى. ئۇ بىر خەدىچەگە، بىر باللارغا قاراپ ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ يار بېشىدىن يىراقلاپ كەتتى.

بۇ ئىشلار خەدىچەگە شۇنداق تېز ۋە تاسادىپىي يۈز بەرگەندەك تۇيۇلدى. يۈرىكى گۈپۈلدەپ سوقۇپ كېتىۋاتاتتى.

— سەت ئوغرى، — خەدىچە پىسىڭگىدە كۈلۈۋەتتى. قۇمساڭغۇ توپىغا مىلىنىپ ياتقان كىيىملىرىنى ئېلىپ ئېرىق سۈيىدە يېڭىۋاشتىن چايقاپ تاش ئۈستىگە يايدى - دە، قىزلارنىڭ يېنىغا ماڭدى.

باللارنىڭ ئېغىزىنى ياپقىلى بولمىدى. ئۇلار يار بويىدا كۆرگەنلىرىنى چوڭلارغا يېيىۋەتتى. نىياز بۇ ئىشلارنى ئاڭلاپ سىڭلىسىنى راسا بىر ئەدەپلەپ قويماقچى بولۇۋىدى، خەدىچە ئاكىسىنى جىلە قىلىپ بۇ ئىشلارنى ئۆزىگە يېقىن كەلتۈرمىدى. نىيازمۇ سىڭلىسىنىڭ تاتلىق گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ بىلەن ئېيتىشىپ ئولتۇرمىدى. ئەمما كۆڭلىدە يەنىلا بىر تۈگىنەك قېپقالدى.

— قوغۇن پىشىپ قاپتۇ بارنىاخۇن، — دېدى بىر كۈنى چۈشلۈك غىزا ۋاقتىدا روزاخۇن بوۋاي ئاياقتىكى نان ۋە قېتىقنى ئارىلاشتۇرغاچ ئوغلىغا، — پىشسا خەمىكىدە تۇمايتۇ. ئەللە - مەلىدىكىلەرنىڭ ئاغزىدىن هاشىماخۇن بىلەن سارىخاننىڭ قىزى توغرۇلۇق مىش - مىش گەپلەر پۇراپ قاپتۇ. ئەمدى باللىنىڭ بېشىنى ئوڭشىۋېتىلى.

— پاختىنى بىر سېتىۋاللى، ئانىنىزگىن خۇدايىم بۇرىسا ئەتىيازلىقتا تويىنى قىلايلىمىكى دادىكا، — كېلىن ساپلىقتىكى مۇزدەك سۇنى بوۋاينىڭ چىنىسىگە قۇيۇۋېتىپ دېدى. بارات ئاخۇنمۇ خوتۇنىنىڭ گېپىنى تەستىقلاپ بېشىنى لىڭشىتتى.

## 3

هاشىم ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئېشەكنى هارۋىدىن چىقىرىپ ئېغىلغا سۆلىۋېتىپ يانچۇقىدىكى ئەينەكنى ئالدى. يۇمۇلاق، كەينى تەرىپىدە رەسىمى بار ئەينەك. بۇ هاشىمنىڭ مۇشۇ كەمگىچە تۇنجى قېتىم بىر قىزغا پۇل خەجلىشى ئىدى. ئۇ ئىبراهىمنىڭ قىمىردا ئۇتتۇۋالغان پۇللىرىغا مەھەللىدىكى قىز، چوكانلارغا ياغلىق، تاغاق، چاچ قىسقۇچ دېگەندەك ئۇششاق - چۈششەك بىرنېمىلەرنى ئېلىپ بېرىدىغانلىقىنى بى-

لەتتى. قىزلارمۇ ئىبراھىمنى كۆرۈپ «ۋاي، ئۇرەيىم دېسە ئۇرەيىم» دېيىشىپ، ئۇنىڭ قىلغان ئانچىكى چاقچاقلىرىغىمۇ كۈلۈشۈپ يۈرىشەتتى. ھاشىم ئۆزىدىن بىرنەچچە ياش چوڭ بۇ قىمارۋازغا بەزىدە ھەۋەسلىنىپمۇ قالاتتى. ھاشىم ئەينەكتىكى ئۆز چىرايىغا قاراپ ئەمدىلا خەت تارتىۋاتقان شالاڭ بۇرۇتىنى سىيلىغاچ ئويلىنىپ سەل تۇرۇپ قالدى. كېيىن بىر ئەقىل تاپقاندەك ئەينەكنى ئاۋايلاپ يانچۇقىغا سالدى - دە، ھويلا تېمىدا ئېسىقلىق تۇرغان قايچىنى ئېلىپ تالاغا ماڭدى.

— نەگە ماڭدىڭىز بالىكام؟— پېشىن نامازغا تاھارەت ئالغىلى تەييارلىق كۆرۈۋاتقان بوۋاي نەۋرىسىدىن سورىدى.

— ئورمانلىقتىن مالىلىغا شاخ چاتاپ كېلەي،— دېدى ھاشىم ئىچىدە بوۋاينىڭ ئۆزىنى بارغۇزماسلىقىدىن ئەنسىرەپ.

— ئىكالىنىڭ ئالدىدىكى تېرەكلە بەك شۇڭدۇداپ كېتىپتۇ، شۇنى بىر چاتىۋېتىڭە بالىكام، ھېلى قاسماخۇن قويلىنى ھەيدەپ كەسە ئېغىلغا سولىيالماسمىز باكا!

بوۋاي نەۋرىلىرىگە قەۋەتلا ئامراق ئىدى. نەۋرىلىرىدىن بىرەرى بىردەم يېنىدا بولمىسا كۆڭلى زادى ئۇنىمايتتى. نەۋرىلەرمۇ بوۋايغا راپىش ئىدى. ھاشىمنىڭ ئاچىسى يۇقىرىقى مەھەللىدىكى ئەرنىڭ قولىدا، ئاكىسى يېقىندىلا ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ ناھىيىلىك كىنوخانىدا ئىشلەيتتى. ئىنىسى تېخى مەكتەپ يېشىغا توشمىغاندى. بوۋاي نەۋرىسىنىڭ گېپىنى ئاسان يېرمايتتى. ئەمما ھېلىقىدەك مىش - مىش گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنى سەل باشقۇرىدىغان بولۇۋالدى.

ھاشىمنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. يانچۇقىدىكى ھېلىقى ئەينەك بىر پارچە چوغدەك بەدىنىنى كۆيدۈرەتتى. ئۇ ئىلاجىسىز بوۋاينىڭ گېپىگە كىرىپ تامغا يۆلەكلىك تۇرغان شوتىنى كۆتەردى - دە، ھويلىنىڭ ئالدىدىكى چەنزە بولاي دېگەن بىر تۈپ تېرەككە قويۇپ شاخلىرىنى قايچىلاشقا باشلىدى.

ھاشىم بايا يول بويىدا خەدىچەنى كۆرۈپ يېنىغا يۈگۈرۈپ بارغۇدەك بولدى. ئۇ يار بويىدا خەدىچەنى بىر ئەمەس، باشقا يەرلەردىمۇ نەچچە قېتىم سۆيۈۋالغانىدى. ئەتىگىنى سۇغا چىقىپ ئېرىق بويىدا، ئۆرۈكلۈكتە، جىگدىلىكتە يىلىم كولاۋاتقاندا، ئاخشىمى خەدىچەنىڭ ئانارلىق بېغىدا. ئۇ ھەر قېتىم خەدىچەنى كۆرگەندە «بىرنى سۆيۈپ قوي» دەيتتى. ئەمما نەچچە قېتىم سۆيۈۋالغىنىنى، بۇ سۆزنى نەچچە قېتىم تەكرارلىغىنىنى ئۆزىمۇ، خەدىچەمۇ بىلمەيتتى. خەدىچە باغقا ئاكىسى داۋۇت بۆزنىڭ يېنىغا قىمار ئوينىغىلى كەتكەندە چىقاتتى. چىققاندا ھاشىمغا شەپە بېرەتتى. خەدىچەنىڭ گېلىنى قىرغان ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھاشىم بوۋىسىنىڭ ئۇخلىغان - ئۇخلىمىغىنىنى بىردەم تىڭشاپ بېقىپ ئۆگزىدىن ئۆتۈپ پەم بىلەن پاسىل تامغا دەسسەيتتى - دە، تامدىن سىيرىلىپ خەدىچەلەرنىڭ بېغىغا كىرەتتى. ئىككىسى قاتتىقراق تىنىشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي باغنىڭ تۆرىدىكى بىرەر تۈپ ئانارنىڭ تۈۋىگە كېلىپ ئولتۇرۇشۇپ پىچىرلىشىپ بىرنېمىلەرنى دېيىشىپ كېتەتتى. ئۇلار خەدىچەلەرنىڭ بېغىدا ئىككى قېتىم ئەنە شۇنداق ئۇچراشتى. ھاشىم خەدىچەنى ئايرىلىدىغان چاغدىلا سۆيۈۋالاتتى. باشقا چاغدا خەدىچە قېيىداپ كىرىپ كېتەمەن دەپ تۇرۇۋالاتتى. ھاشىم تۈنۈگۈن پېچان ئورغىلى ماڭغاندا خەدىچەلەرنىڭ ئۆيىگە كىرمىسىمۇ يەتكۈدەك ئارغامچىسى بار ئىدى. ئەمما خەدىچەنى نەچچە كۈندىن بۇيان تۈزۈكرەك بىر يەردە ئۇچرىتالماي ئاخىرى ئارغامچا سوراش باھانىسىدە ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى خەدىچەگە ئۇقتۇرۇپ قويغىلى كىرگەنىدى. خەدىچە بۇنى بىلدى، ئەمما ئاكىسى ئۇنى ئۆيدىن چىققىلى قويمىدى.

ھاشىم شاخلارنى قايچىلاۋېتىپ پات - پات يانچۇقىنى سىلاپ قوياتتى، پۇتلىرىنى دەرەخكە يۆگىۋېلىپ تۇرۇپ مەھەللىنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىگە بىر قولىنى سايىۋەن قىلىپ قارايتتى.

يولنىڭ بېشىدا خەدىچە كۆرۈندى. ھاشىم دەرەختىن چۈشۈپ خەدىچەنى ساقلىغاچ، ئۆزىنى سەل - پەل تۈزەشتۈرۈۋېلىپ غازاڭ، شاخلارنى يىغىشتۇرۇشقا كىرىشتى. خەدىچە ھاشىمنىڭ يېنىغا كەلگەندە قەدىمىنى ئاستىلىتىپ دومسايغاندەك قەدىمىنى توختاتتى. ئۇنىڭ قولىدا كاۋا غازىڭىغا ئورالغان كىچىك ئىككى بولاق جىگدە يىلىمى تۇراتتى.

— تۈنۈگەن پېچانلىققا بارمىدىڭىيا؟

— قالاپ تۇسام ئۆتەپ كەتتىڭىيا، ئەدەمنى بېي مۇنچە ساقلىتىپ. . .

كېلىشىۋالغاندەك بۇ سوئال - سوراقتىن ھەر ئىككىيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى.

— ئاكام قويمىدى شۇ،— دېدى خەدىچە. ئۇنىڭ تۈنۈگۈن قويغان ئوسمىسى بۈگۈن قېشىغا

تېخىمۇ ئېچىپ قاپقارا قاشلىرىنى تېخىمۇ قارىدىتىۋەتكەنىدى.

— مېنىمۇ شۇ چوڭ دادام قويماي، — هاشىم خەدىچەنىڭ چىرايلىق يۈزلىرىدىن كۆزلىرىنى ئالالماي قالدى.

— كۈزەمنىڭ ئادىشىدەي قالاپ تۇرتكەن ئەدەمگە، — خەدىچە يۈزى ۋىللىدە قىزىرىپ يەر تېگىدىن كۈلدى.

— كەچتە باغقا چىققىنە.

- ھۈپۈپۈپ كۈش. . . نېمىشقا؟ — خەدىچە ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەندەك شەيتانلىق قىلىپ كۈلدى.

— ساڭا بازادىن ئاتايتەن ئابدان بېي بىلمە ئەكەلدىم، — هاشىم ئۇنىڭ ھەييار چىرايىغا قاراپ ھىجايدى.

— مۈشۈكۈمدىن سوراپ باقاي. نېم دەيدىكى. . .

مەھەللىنىڭ يەنە بىر چېتىدىن باللار ئالدىغا قوي، كالىلارنى سېلىپ سۈر - چۇقان كۆتەرگىنىچە بۇلار تەرەپكە كېلىشتى. پۈتۈن مەھەللىنى قويلارنىڭ ئالا - تاغىل مەرەشلىرى، كالىلارنىڭ بوم ئاۋازدا مۆرەشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئايىغىدىن كۆتۈرۈلگەن توپا - چاڭ بېسىپ كەتتى. خەدىچە هاشىمغا چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ قويۇپ ھويلىسىغا كىرىپ كەتتى. هاشىم ئىنىسى بىلەن پادىلار ئارىسىدىن ئۆزلىرىنىڭ قويلىرىنى ئۇيان - بۇيان قوغلاپ يۈرۈپ ئاران ئايرىپ قوتانغا سولىدى. ئۇ چاغقىچە ئۆيدىن بوۋاي چىقتى - دە، يەكتىكىنىڭ پېشى بىلەن كەنجى نەۋرىسىنىڭ يۈز - كۆزىنى سۈرتۈپ قۇچىقىغا ئېلىۋالدى.

— قوسقىڭ ئاچتىمۇ بالىكام، ماڭە يۈگە، پوتامنىڭ قېتىدا گۆشگىيدەك با، ئاناڭ ئېتىزلىقتىن كىپ بىي نېمە ئەتكىچە ئېپ يەپ تۇغىن.

كەنجى بوۋاينىڭ قۇچىقىدىن ئاجراپ پىلتىڭلاپ يۈگۈرۈپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

هاشىم تېزرەك قاراڭغۇ چۈشۈشىنى تىلەپ يۈردى. ئانا بوۋاي بىلەن ئىككى پارىسىغا ئۆگزىگە ئورۇن راسلىدى. هاشىم كەچتە ئۆگزىگە بالدۇرلا چىقىۋالدى. هاۋا تىنجىق ئىدى. كەنجى بوۋاينىڭ قۇچىقىدا يېتىپ يۇلتۇز ساناۋاتاتتى.

خەدىچە هاشىم بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن ئۆيگە كىرىپ ئىغىزى يۇمۇلمايلا قالدى. ئۇ تۇرۇپ - تۇرۇپ نىيازنى جىلە قىلاتتى.

— بارات بۈنىڭ ئۆيىدە، — دەيتتى ئۇ نىيازغا كۆزىنى قىسىپ قويۇپ، — كېچىسى ئوت كۆيۈتكەن، جىنلا ئۇنىڭ چۆرىستە ئۇستايىنايدىكەن. راسما ئاكا؟

نىياز سىڭلىسىغا ھۈرپىيەتتى.

— ماڭە تاز، بېرىپ ئىشىڭنى قىل. كۆپۈپۈر گەپ قىماي، قۇلاق تۈۋىڭگە بىرنى قۇيتمە بىكا.

خەدىچە ئاكىسى ئۇرىدىغاندەك بېشىنى چاڭگاللاپ ئانىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ پىخىلداپ كۈلۈشكە باشلىدى.

نىياز ئەتىگەندە نەچچە كۈندىن بېرى قىرىپ تەييارلىغان ئاياق - قۇشۇقلىرىنى چارشەنبە بازاردا سېتىپ كەلگەنىدى.

— بۈگەنكى بازادا قۇشۇقچىلا جىقكەن، ئاياق، قۇشۇقلىنى ئېلىشقا سېتىۋېتىپ كەلدىم. تۈزۈكمۇ سودا بومىدى، — نىياز ئىككىنى كېكىرىۋەتكەندىن كېيىن ئالدىدىكى قاچىنى بىر يانغا سۈرۈپ قويۇپ كۆڭلىكىنىڭ يانچۇقىدىكى پۇللارنى دادىسىنىڭ ئالدىغا قويدى. ئاتا پۇلنىڭ بىر قىسمىنى يەنە نىيازنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى. خەدىچە ئاكىسىنىڭ بۈگۈن كېچە يەنە قىمار ئويۇنىغىلى بارىدىغانلىقىنى پەملەپ ئىچىدە خۇش بولۇپ كەتتى.

## 4

— ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئادەملەرگە ۋەھىمە سېلىپ پۈتۈن دۇنيانى ئىستىلا قىلىپتۇ. ئۇ ئۆزىگە قارام بولغان يەرلەرنى كۆرۈپ تۇرۇش ئۈچۈن، كۈيىقاپتىن دۇنيانىڭ ھەممە يېرىنى كۆرگىلى بولىدىغان بىر ئەينەكنى ئېلىپ چىقىپتۇ.

بوۋاي چۆچەكنى تۈگەتمەيلا كەنجى پۇشۇلداپ ئۇيقۇغا كەتتى. هاشىمنىڭ كۆتكىنىمۇ شۇ ئىدى. ئەينەكنى قويىنىغا سېلىۋالغانىدى. ئۇ بوۋاينىڭ ئېغىزىدىن ئەينەكنىڭ گېپىنى ئاڭلىشى بىلەن قولىقىنى دىڭلاپ چۆچەكنى تىڭشاپ ياتتى. كەنجى ھەر ئاخشىمى بوۋىسىنى چۆچەك ئېيتقۇزاتتى. بوۋاي ياستۇققا باش قويۇپلا بىردەم خىرىلداپ يۆتىلىپ كېتەتتى. ئاندىن گېلىنى قىرىپ قويۇپ پەس ئاۋازدا چۆچەك باشلايتتى. كەنجى تولا چاغلاردا بوۋاينىڭ چۆچىكى تۈگىمەيلا ئۇخلاپ قالاتتى.

— ئۇخلىدىڭما بالىكام؟ — دەپ سوراپ قوياتتى بوۋاي كەنجىدىن، ئاندىن بۇ سوئالنى هاشىمغا تاشلايتتى.

— هاشىماخۇن، سىزچۇ بالىكام؟
— ياق تېخى، — دەيتتى هاشىم يەنە بىر ياندا بوۋاينىڭ چۆچكىنى تىڭشاپ يېتىپ. چۆچەكنىڭ ئاخىرىنى هاشىم ئاڭلايتتى.

بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى. بوۋاي هاشىمنىڭ ئۇخلىغان - ئۇخلىمىغىنىنى سورىۋىدى، هاشىم يالغاندىن ئۇخلىغان بولۇۋېلىپ خورەك تارتىپ قويدى. ئۇنىڭ ئەس - يادى خەدىچە بىلەن كۆرۈشۇشتىلا قالغانىدى. بوۋاي بۈگۈن هاشىم مەندىن يامانلاپ قالدى دەپ ئويلىدى. ئېچىدە ئۇنى كەچۈرۈۋەتتى. ئۇ بايا هاشىمنىڭ رايىغا باققانمۇ بولاتتى، ئەمما يەنە سۆز - چۆچەك بولۇشتىن ئېھتىيات قىلدى.

بوۋاي هاشىم بىلەن خەدىچەنىڭ باغدا ئىككى قېتىم ئۇچراشقىنىنى ئۇقماي قالدى· ئەمەس، ئۇقتى، كۆردى. خەدىچەنىڭ گېلىنى قىرغىنىنى، ئارقىدىن هاشىمنىڭ ئۆگزىدىن تىمسقلاپ مېڭىپ قوشنىسىنىڭ بېغىغا كىرىپ كەتكىنىنى تۇيۇپ ياتتى.

«ياش ئەمەسمۇ، — دەيتتى بوۋاي ئېچىدە ئۆز -ئۆزىگە، — يۈرىكىدە ئوت كۆيىدۇ. . . هەممىسى ياشلىق» بۇنداق چاغدا بوۋاينىڭ يىگىتلىك چاغلىرى يادىغا كېلەتتى. شېرىن ئەسلىمىلىرگە قايتاتتى. بوۋاي ياش چاغلىرىدا ئاجايىپ نوچى چېلىشچى ئىدى. جۇمە كۈنى نامازدىن يېنىپ بىرنەچچە ئاغىنىسى بىلەن كاۋاپچىنىڭ يېنىغا كېلەتتى. تونۇرنىڭ ئەتراپىدىكى سۇپىنىڭ بىر يېرىگە جايلىشىپ ئولتۇرۇپ تۆت جىڭ تونۇر كاۋىپى بىلەن بەش ئاق نان بۇيرۇتاتتى. پاقلان كاۋىپىنىڭ سۆڭەكلىرىنى كورۇسلىتىپ چايناپ بولۇپ، ئاخىرىدا پوتىسىنى بېلىگە چىڭ باغلاپ جۇمەچىلەر بىلەن قوشۇلۇپ چېلىش مەيدانىغا ماڭاتتى. چېلىشتا دەسلىپىدە كىچىك باللار، قېرىلار تۇتىشاتتى، كېيىن مەيدان روزاخۇندەك يەگىتلەرگە بوشتىلاتتى. باشتا مەيدانغا ئۈچ - تۆت جۈپ چېلىشچى چۈشەتتى. نوچىلار بىر - بىرلەپ تاللىناتتى. ئاخىرى بىر ئاقساقال مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ خالايىققا مەيدانىنى چۆڭايتىشقا بۇيرۇپ چېلىشچىلارغا نۆۋەت بەلگىلەيتتى. ئاخىرىدا روزاخۇن نوچىلارنى بىر - بىرلەپ يەرگە بېسىپ ئاقساقالنىڭ قولىدىن بىر باقىنى ئالاتتى. خالايىق بىر - بىرلەپ تارقايتتى. روزاخۇن باقىنىڭ پۇتلىرىنى چۈشەپ مۇرىسىگە ئېلىپ ناخشىنى دۆڭ توۋلاپ ئاغىنىلىرى بىلەن مەهەللىگە قايتىشاتتى. تۇن يېرىملاشقاندا مەهەللىنىڭ ئايىغىدىكى رابىيەنىڭ ئۆيى تەرەپكە جۆنەيتتى. رابىيەنىڭ دادىسى تۆمۈرچىلىك قىلاتتى. روزاخۇن رابىيەنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىغا كېلىپ بىرپەس ئەتراپنى تىڭشاپ تۇرۇپ ئاندىن ئۆگزىگە چالما تاشلايتتى. هايال ئۆتمەي رابىيە پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ روزاخۇننىڭ يېنىغا چىقاتتى. ئىككىيلەن هويلىنىڭ يېنىدىكى قۇم ئېرىق بويىغا كېلىشەتتى. روزاخۇن رابىيەنى لىككىدە قۇچىقىدغا ئېلىۋېلىپ ئېرىقنىڭ ئۇ قېشىغا ئاتلاپ ئۆتەتتى. ئېرىقنىڭ ئۇ تەرىپى ئەتراپىغا غوچچىدە زاراڭزا تېرىۋېتىلگەن رابىيەنىڭ قوغۇنلۇقى ئىدى. روزاخۇن رابىيەنى شۇ كۆتەرگەن پېتى قوغۇنلۇققا كىرىپ بولۇپمۇ يەرگە قويمايتتى. رابىيە روزاخۇننىڭ هارارەتلىك قۇچىقىدا تېپچەكلەپ كېتەتتى.

— قاپىيىرىڭا ئەمدى، تىنىماي قالدىم، — دەيتتى رابىيە يىغلىغۇېتىدىغاندەك ئاهاڭدا روزاخۇنغا يالۋۇرۇپ. روزاخۇن ئۇنىمايتتى.

— ئەمىسى توۋلايتمە بىكا، — رابىيە بويۇنلىرىغا، يۈز - كۆزىگە قالايمىقان سۆيۈۋاتقان روزاخۇننىڭ بېشىنى كىچىك قوللىرى بىلەن ئىتتىرىپ تۇرۇپ پىپىزا قىلاتتى. رابىيەنىڭ روزاخۇندىن چوڭ ئۈچ ئاكىسى بار ئىدى، هەممىسى قاپقى يامان تۆمۈرچىلەر ئىدى. روزاخۇنلا ئەمەس، مەهەللىدىكىلەرمۇ ئۇلاردىن خېلى تەپ تارتاتتى. روزاخۇن رابىيەنىڭ قوللىرىنى قايرىپ تۇرۇپ بىرنەچچىنى سۆيۈۋالغاندىن كېيىن ئۇنى ئاۋايلاپ يەرگە قوياتتى. ئاندىن ئايئاق ئايدىڭدا ساينىڭ تېشىدەك ياتقان قوغۇنلاردىن نەچچىنى يۇراپ بېقىپ بىرىنى تاللاپ ئۈزۈپ كېلەتتى. ئۇ چاغقىچە رابىيە پىلەكتىن بىرنەچچە قولاق غازاڭ ئۈزۈپ بولاتتى. روزاخۇن پوتىسىغا ئېسىۋالغان ئەگرى ساپلىق پىچىقىنى چىقىرىپ قوغۇننى ۋاراسلىتىپ تىلاتتى.

— ئۆزەم تېرىغان قوغۇن، — دەيتتى ئۇ رابىيەگە چاقچاق قىلىپ، — ئالە يەپ باق.

— ئەتىگەندە مىچىتتە قاسماخۇننىڭ قوغۇنلىرىنى روزاخۇن تېرىپ بەگەن دېگەنتى، — رابىيە شۇنداق دەپ روزاخۇن تىلىپ بەرگەن قوغۇننى قولىغا ئالاتتى. ئىككىسى چۆنەكنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرۇپ مۆكۈدىشىپ تاڭ ئاتاي دېگەندە يەرنى كولاپ قوغۇن شاپاقلىرىنى كۆمۈۋېتىپ قوغۇنلۇقتىن چىقاتتى. ئېرىقتىن ئاتلايدىغان چاغدا روزاخۇن رابىيەنى يەنە بىر قېتىم قۇچىقىدا كۆتۈرۈۋالاتتى.

خاتىرجەم كۈنلەر ئۇزاققا بارمىدى. روزاخۇننى ئەسكەرلىككە تۇتۇپ كېتىشتى. شۇ قاتاردا رابىيەنىڭ ئۈچ ئاكىسىمۇ ئەسكەرلىككە تۇتۇلدى. ئەمما رابىيەنىڭ ئاكىلىرى ئۆيىگە قايتىپ كېلەلمىدى. كېيىن روزاخۇن رابىيە بىلەن توي قىلدى. رابىيە تۇنجى ئوغلىنى تۇغقاندىن كېيىن كېيىنكى بالىسى چاچراپ كەتتى. يەنە بىر بالىسى چېچەك چىقىپ ئۆلۈپ كەتتى، تۇنجىسى كەنجىسى بىلەن ئۇرۇشقا كېتىپ جەڭدە قازا تاپتى. ئۇلار كەنجىسى باراتنى ئۆي - ئوچاقلىق قىلىپ نەۋرە كۆردى. كېيىن موماي ئۆلۈپ كېتىپ بوۋاي يالغۇز قالدى. لېكىن بوۋاي ئۆزىنى كۈتۈشنى بىلەتتى. 90 ياشقا كىرىپ قالغان بولسىمۇ ھېلىھەم ماغدۇرىدىن كەتمىگەن، روھلۇق، تېتىك يۈرەتتى. ئۇ بەزىدە ئوغۇللىرىنى سېغىناتتى. بارات يا بوۋايغا، يا باشقا ئاكىلىرىغا ئوخشىمايتتى. ئۇ كەمسۆز، ياۋاش ئادەم بولدى. توي قىلىدىغان قىزىنىمۇ ئاتىسىدەك ئۆزى چېكىپ، تاللاپ يۈرۈپ ئەمەس، ئاتا - ئانىسى تېپىپ بەردى. ئەمما ھاشىم يەنىلا بوۋىسىنى تارتتى. ئۇ بوۋىسىنىڭ ياشلىق چاغلىرىدىكىدەك بولالمىسىمۇ ھەر ھالدا دادىسىغا قارىغاندا پۈتۈن - تىرىك، شوخ يىگىت بولدى. بوۋاي ئۇنىڭدىن رازى ئىدى، ئۇنى ئوغلىدىن بەكرەك ياخشى كۆرەتتى.

## 5

نىياز بىر ھەپتىدىن بۇيان قىرىپ تەييارلىغان ئاياق - قۇشۇقلىرىنى ئەتىگەندىلا بازارغا ئەكىردى. چۈش ۋاقتى بىلەن ئۇنىڭ يېنىغا ئىبراھىم پەيدا بولدى.

— سوداڭلا قانداغراق نىياز ئاخۇن؟ — دېدى ئۇ نىيازنىڭ يېنىغا كېلىپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ.

— ئولتادۇق شۇ، — نىياز خۇشياقمىغاندەك جاۋاب بەردى. ئىبراھىم ئىشتىنىنىڭ كاسا يانچۇقىدىن گېزىت قەغىزى چىقىرىپ تاماكا تۆكۈپ نىيازغا سۇندى. ئاندىن ئۆزىمۇ يەنە بىر قەغەزگە مۇخوركا تۆكۈپ ئورىغاچ ئەتراپىغا قاراپ قويدى.

— سوداڭلا تۇگىسە ئاخشاملىققا بېرىڭلا، بىرە قولدىن ئاتلى. بابا قوم ئېرىقلىق باللا بىلەن دېيىشىپ قويدۇم، ئۇلامۇ كەمەكچى، — ئىبراھىم نىيازنىڭ تاماكىسىغا ئوت تۇتاشتۇرۇۋېتىپ ئۇنىڭ قولىقىغا پىچىرلىدى. نىيازنىڭ تاماكىسى لاپپىدە ئوت ئالدى. ئۇ ئېغىزىدىكى ئىسنى پۈلەپ تۇرۇپ ئىبراھىمغا قارىدى.

— سويما بالىلىنى يىغماڭلا ماخما ئۇرەيماخۇن، ئەدەمگە تەلە ئالىشىپ قالالا بىكا.

ئىبراھىم بېشىنى لىڭشىتىپ ئورنىدىن قوزغالدى.

نىياز ئاياق - قۇشۇقلىرىنى پېشىنغا يېقىن سېتىپ بولۇپ بىردەم بازار ئارىلاپ كۈننى كەچ قىلغاندىن كېيىن ۋېلىسىپىتىغا مىنىپ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئۇ كەچلىك غىزا ۋاقتىدا سودا قىلغان پۇلىنى دادىسىغا بېرىۋېتىپ ئىچىدە سەل جىددىيلەشتى. ئۇ پۇلنىڭ يېرىمىنى يوشۇرغاندى. شۇنداقتىمۇ دادىسى ئۇنىڭغا يەنە پۇل بەردى.

«ئاخشاملىققا ئۇتۇۋالسام يوشۇرغان پۇللىرىمغا يەنە پىتكە قوشۇپ بىراقلا بېرىۋېتەمە» دېدى نىياز ھويلىدىكى سۇپىدا يېتىپ تۇرۇپ ئۆز - ئۆزىگە. ئۇنىڭ خىيالى قىمار سورۇنىغا ئۇچتى. كۆڭلىكىنى يەڭلىرىگىچە تۇرۇپ يا جەمشىت، دەپ قوللىرىنى مەيدىسىگە مۇشتلاۋاتقانلار، ئالچا چۈشكەن ھوشۇق، كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ھاسىراۋاتقانلار، قولدىن - قولغا ئۇتۇۋاتقان پۇللار نىيازنىڭ قانلىرىنى قىزىتىپ ئۇنى ھازىرلا قوپۇپ داۋۇت بۆزنىڭ ئۆيىگە بارغۇدەك قىلىۋەتتى. ئەمما دادىسى تېخىچە خۇپتەن نامىزىنى ئۆتەپ بولالمايۋاتاتتى. نىياز ئۇيان - بۇيان ئۆرۈلۈپ يېتىپ ھېلى داۋۇت بۆزنىڭ ئۆيىدە ئۇتۇۋالىدىغان پۇللىرى ئۈستىدە چوت سوقۇشقا باشلىدى. ئاتا نامىزىنى ئۆتەپ چىقىپ قوتاندىكى ماللارغا چۆپ تاشلاپ بولغاندىن كېيىن ھويلا دەرۋازىسىنى تاقىدى - دە، ئۇخلاش ئۈچۈن ئۆيگە كىرىپ كەتتى. نىياز بىردەمدىن كېيىن ئورنىدىن قوپۇپ داۋۇت بۆزنىڭ ئۆيىگە يۈرۈپ كەتتى.

خەدىچە ھويلىدىكى تىۋىشنى تىڭشاپ ياتاتتى. ئۇ ئاكىسىنىڭ چىقىپ كەتكىنىنى تۇيدى. پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ باغقا كىردى. ئاندىن سەل دىمىنى ئېلىۋېلىپ گېلىنى قىردى. ھاشىمنىڭ يۈرىكى گۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى، ئەينەكنى چىڭ تۇتۇۋالغان ئالقانلىرى تەرلەپ كەتكەنىدى. بوۋىسى خورۇلداپ ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇ يالىڭاياغ پۇتلىرى بىلەن ئۆگزىنى بوش دەسسەپ خەدىچەلەرنىڭ بېغىغا سىيرىلىپ چۈشتى. خەدىچە تام تۈۋىدە ئۇنى ساقلاپ تۇراتتى. ئىككىسى قول تۇتۇشۇپ باغنىڭ تۆرىدىكى بىر تۈپ ئانار ئاستىغا كېلىشتى.

— ئاكاڭ بۇگەنما ئوينىغىلى كەتتىما؟ —

دەپ سورىدى ھاشىم ئۇلتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن.

— ۋاي تاڭ، — دېدى خەدىچە پەرۋاسىز قىياپەتتە بېشىنى بىر يانغا تولغاپ.

— ئاننىزگىن سەنما ئويىنغىلى چىقتىڭ؟ — ھاشىم ئۇنى جىلە قىلماقچى بولدى.

— ھېلى باكا ماخما. . . — خەدىچە ئاچچىقى كېلىپ قولى بىلەن ھاشىمنىڭ بېشىنى نوقۇپ دومسايدى.

— خاپىبومىسلا سىكىلەك، خاپىبومىسلا، — ھاشىم ئۇنىڭ ئېڭىكىنى تۇتۇپ ئەركىلەتتى.

— تولا ئاچچىغىمنى كەگۇزمىگىن - ھە، ھاشىم نوگاي، ئۆيگە كىپ كېتىمە باكا.

ھاشىم ئورنىدىن قوزغىلاي دېگەن خەدىچەنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇۋېلىپ ئورنىدا ئولتۇرغۇزۇۋالدى.

— ساڭا بازادىن ئاتايەن ئابدان بىي بىلمە ئەكەسەم ئۆيگە كىپ كېتىمە دەيسىيا، نېم بولدىڭا بوگەن، خويلىنىپ قاپسە؟

— ھېچنېمە، ئابدان نەسەڭنى زىۋىدىخان جىنغا ئاپىرىپ بە، — خەدىچە ئۇنىڭغا تەتۇر قاراپ ئولتۇرۇۋالدى. ھاشىم پېشانىسىنى تۇتۇپ خورۇلداپ كولۇۋەتتى.

— ھاي، خەچچىخان ئانداغ دېمىگىن، سەندىن باشقا بىلمە بىرتقان ئەدىمىم يوق ماخما مېنىڭ.

ھاشىمنىڭ گەپلىرى خەدىچەنىڭ مۇزلىرىنى شۇرىدە ئېرىتىپ يۈرىكىنى ئويىنتىۋەتتى.

— تۇنگەن ئىكالاڭغا كىگەندە چىقىلىپ كەتكەن ئەينەككە قالاپ ئوسما قۇياپ ئولتۇرۇپتىكەنسە، ساڭا ئاتاپ بازادىن ئەينەك ئاغاچ كەگەن، بايتىتىن يولدا بىرەي دېسەم چوڭ دادام يېنىمدا. ئېشەكىنىڭ ھاڭراپ كەتكىنى تېخى: مەن بومىسام مېنى كۆگەن كۆزدە كۇرەسە، — ھاشىم يانچۇقىدىن ئەينەكنى ئېلىپ خەدىچەگە بەردى.

— ئاچاڭنىڭ ئەينىكىنى تىقىۋېلىپ ماڭا ئاچىقىپ بەمىگەنسە - ھە، ھاشماخون، — خەدىچە خوشلۇقىدا ھاشىمنىڭ چىشىغا تېگىپ قويدى.

— ئەكىلە ئەمىسە، — ھاشىم خەدىچەنىڭ قولىدىن ئەينەكنى كاپپىدە تارتىۋالدى.

— ئوينىشىپ دەپ قويدۇم ھەي ساراڭ، — خەدىچە ئۇنىڭ بارماقلىرىنى يىرىپ ئەينەكنى ئېلىۋالماقچى بولۇۋىدى، ھاشىم بۇ پۇرسەتتە خەدىچەنىڭ مەڭزىگە چوككىدە بىرنى سۆيۈۋالدى.

— قېلىن گاچا، — خەدىچە ئەينەكنى ئېلىۋېلىپ خىجىل بولۇپ بىر يانغا قارىۋالدى. ئۇنىڭ مەڭزى قىزىپ يۈرىكى خېلىغىچە سوقۇپ كەتتى.

— ئوسما قويغاندا، — دېدى ھاشىممۇ بۇ ئىشىدىن بېشى ئاسمانغا يەتكۇدەك خوش بولۇپ تۇرۇپ، — ئەتىسى - ئاخشىمى مېنى كۆگۈڭ كەگەندە يېنىمغا چىقاممىساڭ مۇشۇ ئەينەككە قالىساڭ مېنى كۇرسە ئەينا. بۇ دېگەن ئانداغ - مانداغ ئەينەك ئەمەس، ئىسكەندەرنىڭ ئەينىكى بۇ، جاھاندىكى ھەممە نەسىنى كۆگىلى بۇتقان.

— ۋاي قوغامەي، ئىسكەندەرنىڭ ئەينىكىمىش تېخى، سېنى كۆگۈم كەپ قاغىدەك بېشىم ئىششىپ قامىدى مېنىڭ، سەندەي باللا دېگەن بىي موچەنگە ئون، — خەدىچە ھاشىمنى جىلە قىلىش ئۇچۇن يەنە چاقچاق قىلدى. ھاشىم قوشۇمىسىنى تۈردى.

— تولا يوغان گەپ قىما ماخما موندەك، مۇشتۇرقىدا كۆگۈڭ كىپ چىققانسە. خەدىچە كۈلۈۋەتتى. ئىككىسى بىر - بىرى بىلەن چېقىشىپ ئولتۇرۇپ باش توخۇ چىللىغاندا ئاندىن ئانارنىڭ تۈۋىدىن ئايرىلىشتى.

## 6

نىيازلار پاختىسىنى ئاشۋاقتى بىلەن سېتىپ بولۇشتى. ئۇ خەدىچە بىلەن پاختا پونكىتىدىن چىقىۋېتىپ قورسىقىغا جىن كىردى. ئۇنىڭ يېقىندىن بۇيان نەچچە قېتىملىق قىماردا تەلىيى زادىلا ئوڭ كەلمىدى. ئىبراھىمغا ئازراق قەرزىگىمۇ كىردى. بايا پاختا سېتىۋاتقاندا بىرنەچچە ئاغىنىسى ئۇنىڭغا پاختىنى سېتىپ بولۇپ ئۇدۇل داۋۇت بوزنىڭ ئۆيىگە بېرىشنى دېگەندە ئۇ ئانچە ئېرەن قىلمىغانىدى. ئەمدى يانچۇقىدىكى پۇل ئۇنىڭ مەيدىسىگە مۇشتلاپ كونا كېسىلىنى يەنە قوزغىدى.

— سەن ئالدىمدا ئۆيگە باغاش تۇ، باللىدا ئازراق ئېلىشىم باتتى. مەن يېلى ئاقىڭدىن بارىتمە، — نىياز ئېشەكىنىڭ بېشىنى يولغا تارتىپ تۇرۇپ سىڭلىسىغا دېدى.

— ئۆيگە بېرىپ كىپ ئاننىزگىن ئاغىن ئۇ ئېلىشىڭنى، ھەممە ئەدەم پاختا سېتىپ يۇسە نەدىن تاپىسە ئۇ باللىرىڭنى، — خەدىچە ئاكىسىنىڭ يېنىغا ئازراق پۇل كىرسىلا ئۆيدە ئولتۇرغۇسى كەلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئەمما نىياز ئۇنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تېپىۋەتتى:

— ماڭە تاز، ئىشىمغا ئارىلاشماي ئۆيگە با، نېمىنى بىلىسە سەن، — نىياز ئېشەكىنىڭ چۇلۋۇرىنى خەدىچەنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ يەنە پاختا پونكىتىغا كىرىپ كەتتى. خەدىچە ئاكىسىنىڭ كەينىدىن ھومىيىپ بىردەم قاراپ تۇرۇپ كېتىپ غودۇراپ ئۆيگە ماڭدى.

هاشىملار پاختىنىڭ تۇنجى تېرىمىنى تۇنۇگۈن سېتىپ بولۇشقانىدى. ئۇ ئەتىگەندە خەدىچەنىڭ ئاكىسى بىلەن قاق بودا پاختا ساتقىلى كەتكەنلىكىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ بوۋىسىنى ئېكىزلىقنىڭ قوناق يېرىنى چانىۋېتىپ كېلەي دەپ ئالدىدى. شۇ تاپتا ئۇ قوناقلىقنىڭ ياقىسىدا كەتمىنىنى بىريانغا تاشلاپ قويۇپ، خەدىچەلەرنىڭ ئۆتەر يولىغا قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ تەلىيىگە يىراقتىن خەدىچە ئۆزى يالغۇز هارۋىسىنى هەيدەپ كېلىۋاتاتتى. هاشىم ئۇنى كۆرۈپ خۇش بولۇپ يولنىڭ ياقىسىغا چىقتى - دە، ئەتراپىغا قارىغاچ خەدىچەنىڭ يېقىنلاپ كېلىشىنى ساقلاپ تۇردى. خەدىچە هاشىمنىڭ يېنىغا كەلگەندە ئېشەكنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ ئارقىسىغا قاراپ قويدى.

— توخا ئوغرىسىدەي قالاپ تۇرۇپسەنىيا هاشىماخۇن؟— دېدى ئۇ كۈلۈپ.

— تۇدۇق شۇ، ئوغلايتقان توخام نەدىن كىپ قالاكى دەپ. ئېشىكىڭنى تاتە مايەگە، قوناق چاناپ بىرەي ئاغاچ كەت.

— ئۆزەڭنىڭ ئېشىكىگە چاناپ بە ماڭ، بىزنىڭ ئېشەك سېنىڭ ئانداغ پاسالىرىڭنى يېمەيتۇ،— خەدىچە يولىغا ماڭماقچى بولۇۋىدى، هاشىم ئېشەكنىڭ چۇلۇۋۇرىنى تارتىۋېلىپ يولنىڭ چېتىدىكى بىر تۈپ جىگدىگە باغلاپ قويدى.

— ئېشىكنىڭ پاسا يېمەي قەن - ناۋات يەمتىكى، ماڭ خالتاڭنى ئال، پاسا يېمىسە قوناقلىقتىن ئوت ئېپ بىرەي، ئاغاچ كەت،— ئۇ شۇنداق دەپ هارۋىدىن بىر خالتىنى ئالدى.

— ياق، قوناقلىققا كىمەيتمە مەن، — خەدىچە بېشىنى چايقاپ ئۇنىمىدى.

— سېنى يېمەيتمە مەن، ماڭە بىيەدە تۇساق ئەللە كۇرەپ قاتۇ باكا،— هاشىم كەتمىنىنى مۇرىسىگە سېلىپ قوناقلىق ئىچىگە ماڭدى. خەدىچە يولغا يەنە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ كەينىدىن قوناقلىققا كىردى.

— ئاكاڭچا؟— دەپ سورىدى هاشىم قوناقلىقتا ئوت يۇلۇپ ئولتۇرۇپ خەدىچەدىن.

— بازادا قالدى. سەنچا، نېمىشقا كەگەن بۇ قوناقلىققا؟— خەدىچە ئالدىغا ئېڭىشىپ ئولتۇرۇپ ئوت يۇلغاچ هاشىمنىڭ ئېغىزىنى تاتىلىدى. ئۇ هاشىمنىڭ ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغىنىنى يىراقتىن كۆرۈپلا بىلگەنىدى. شۇ تاپ يۈرەكلىرى ئىتتىك سوقۇپ پات - پات هاشىمغا قاراپ قوياتتى.

— سېنى قوناقلىققا ئەكىرتمە دەپ ئەينا، — هاشىمنىڭ كۆزى ئىختىيارسىز ئۇنىڭ كوپتىسىنىڭ ئويما ياقىسىدىن كۆرۈنۈپ قالغان چىرايلىقىنا بىر جۈپ كۆكسىگە چۈشۈپ، قېنى شۇررىدە قىزىپ سۆزىدىن توختاپ قالدى.

— ماڭە گاچا،— خەدىچە بېشىنى كۆتەردى. هاشىم ئالمان - تالمان خەدىچەنىڭ كۆكرىكىدىن كۆزىنى يەرگە ئېلىپ قېچىپ ئېغىزىدىكى سېرىق سۇنى غۇرتىدە يۇتۇۋەتتى. ئۇنىڭ كۆزىگە ئەمدى يەردىكى چۆپ ئەمەس، خەدىچەنىڭ پەسكە ساڭگىلاپ تۇرغان پاختىدەك ئاپئاق هەم جەلپكار يۇمۇلاققىنا بىرجۈپ كۆكسى كۆرۈنۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئىچىدە شەيتان قۇتراشقا باشلىدى.

— ساڭا گەپ قىلدىم، نېم بولدۇڭ هەي پاڭغاق، كالىدەك ئولتۇرتىيا گۆشىيىپ، — خەدىچە ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ قولىدىكى بىر تۇتام چۆپ بىلەن بېشىغا ئۇرغاندا ئاندىن ئېسىگە كەلدى.

— ساراڭ بۇلاپ قالدىما ما گومۇش؟— خەدىچە هاشىمنىڭ بېشىغا نوقۇپ قويماق بولۇپ قولىنى ئۇزىتىۋىدى، هاشىم ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپلا قۇچىقىدا ئولتۇرغۇزۇۋالدى.

— ئانىكا! . . . — خەدىچە بۇ تاسادىپىيلىقتىن چۆچۈپ قاتتىق تولغىنىۋەتتى. هاشىم ئۇنى تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلاپ يۈز - كۆزلىرىگە سۆيۈپ كەتتى. . .

نىيازنىڭ ئاتقان هوشۇقلىرى بۇگۈنمۇ زادىلا ئالچا چۈشمىدى. بايا پاختا ساتقان پۇلىنىلا ئەمەس، قېنى قىزىپ ئاخىرى پاختىنىڭ تېخى قولغا كىرمىگەن ئىككىنچى تېرىمىنىڭ پۇلىنىمۇ قوشۇپ ئۇتتۇرۇۋەتتى. ئۇ نەچچە تال موخۇركىنى كەينى - كەينىدىن ئۇلاپ چېكىۋېتىپ، يەنە ئاچچىقى يانماي ئۆيىگە كېلىۋاتاتتى. ئۇ قوناق يېرىگە كەلگەندە يولنىڭ چېتىگە باغلاپ قويۇلغان ئېشىكىنى تونۇپ قوناقلىققا كىردى. ئۇ بىر ئېتىزنىڭ قىرىدىن ئاتلىشىغا يەردە ياتقان كەتمەنگە پۇتلىشىپ گۈپپىدە يەرگە يىقىلدى. ئاچچىقىدا ئارانلا تۇرغان نىياز چىشلىرىنى گۇرۇچلىتىپ كەتمەننى قولىغا ئالدى - دە، قومساقچۇ يەردە قالغان ئىزلارنى بويلاپ قوناقلىقنى ئىچكىرىلەپ ماڭدى. ئۇ خېلى ماڭغاندىن كېيىن سىڭلىسىنىڭ كۈلگەن ئاۋازىنى ئاڭلىدى. نىيازنىڭ كۆزىگە قان قۇيۇلدى. ئۇ قوناقلارنى پاراسلىتىپ دەسسەپ هاشىملارنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كەلدى. هاشىم ئۆزىنى ئوڭشاپ كەينىگە قارىغىچە نىياز ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ قالاي دېگەنىدى. هاشىم قۇچىقىدىكى خەدىچەنى تاشلاپلا ئالدى - كەينىگە قارىماي قاچتى. نىيازنىڭ كۆزىگە هېچنېمە كۆرۈنمىدى، ئەمدى قويۇپ قاچاي دېگەن خەدىچەنىڭ بېشىغا كەتمەننىڭ دەستىسى بىلەن بىرنى قويدى - دە، سىڭلىسىنىڭ ئۆلە - تىرىلىشى بىلەن كارى بول-

ماي جىنىنى ئېلىپ قېچىۋاتقان ھاشىمنىڭ كەيىندىن قوغلاپ ماڭدى.

— ھۇ شوۋا گەدەن ئوغرى، سەن تېخى سىڭلىمغا چېقىلغۇدەك بولداڭما، سېنى ئۆلتۈرۈۋەتمىسەم نىياز قاغا بوماي كېتەي.

ھاشىم جان ئاچچىقىدا ئۇچقاندەك يۈگۈرەيتتى. قوناق شاخلىرى ئۇنىڭ ئاياغلىرى ئاستىدا چەيلىنەتتى. قوناقلارنىڭ قۇلىقى ئۇنىڭ يۈزىنى تىلىپ قان تەپچىيتتى، كۆزلىرىگە توغ تۇپا كىرىپ كۆز چاناقلىرىنى ئېچىشتۇراتتى. نىياز ھاشىمنى ئېغىزىنى بۇزۇپ تىللىنىغىچە كەينىدىن قوغلايتتى. يەردە چەيلىنىپ ياتقان قوناق شېخىغا پۇتلىشىپ يەرگە يىقىلاتتى، قوپۇپ يەنە يۈگۈرەيتتى، بىردەم يۈگۈرۈپ يەنە يىقىلاتتى، يىقىلغانسېرى غەزىپى شۇنچە ئۆرلەيتتى. ئۇستىبېشى توپىغا مېلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇلار قوناقلىقتىن پىچانلىققا چىقىپ قالدى. ھەر ئىككىسىنىڭ قېنى قىزىغان. ھاشىم كەينىگە قاراشقىمۇ ئۈلگۈرمەي قاچاتتى، نىياز قولىدىكى كەتمەننى تاشلىماي ئۇنى قوغلايتتى. قومۇشلۇقنىڭ ئۇ تەرىپىدە قومۇش ئورۇۋاتقان تۆت - بەش كىشى ئۇلارنى كۆرۈپ نىياز تەرەپكە يۈگۈرۈپ ماڭدى. نىياز ھاشىمغا يېتىشەي دەپ قالغاندا، ھاشىم بىر تاش ئېرىقتىن ئاتلىۋىدى، ئالدىراپ كېتىپ موللاقلاپ كەتتى. يۈز - كۆزىنى تاش جىراپ قانىتىۋەتتى. ئۇ ئورنىدىن قوپۇپ يەنە قېچىۋىدى، ئاڭغىچە نىياز ئاتقان كەتمەن كەينىدىن ئۇچۇپ كېلىپ بېشىغىلا تەگدى. ھاشىم پوكىلا قىلىپ يەرگە يىقىلدى.

## 7

— ما بالا قازا قىپ كېتىپتۇ خۇدايىم، — ساقاللىرىغا ئاندا - مۇندا ئاق كىرگەن بىرەيلەن ھاشىمنىڭ تىنىقىنى تىڭشاپ بېقىپ چىرايى جىددىيلىشىپ كەتتى. نىياز شۇ چاغدا ئاندىن ئېسىگە كېلىپ كەلگەن يولى بىلەن كەينىگە قاراپ يۈگۈردى. يەنە بىر نەچچەيلەنمۇ بىر بالا - قازانى تۇيغاندەك نىيازنىڭ كەينىدىن تاپ بېسىپ كەلدى. خەدىچە بېشى قانغا بويىلىپ يەردە ياتاتتى. كىشىلەر ئۇنى ھارۋىغا سېلىپ يېزىلىق دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىشتى. يېزىلىق ساقچىخانىدىن ئادەم كېلىپ نىيازنىڭ قولىغا كويزا سېلىپ ئېلىپ كېتىشتى. ئۇ يەردە سۇنايلىنىپ ياتقان ھاشىمنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە نەچچىنى تېپىۋەتكەن، ئاڭغىچە كىشىلەر كېلىپ نىيازنى تۇتۇۋالغانىدى.

بوۋاي ھاشىمنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن بىردىنلا قېرىلىق يەتكەندەك ئىشتىيى تۇتۇلدى، بارغانسېرى جىمغۇرلىشىپ ئاخىرى ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى.

خەدىچە دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن كىشىلەرگە ھاڭۋېقىپ قاراپ توختىماي كۈلەتتى، ئۇ ساراڭ بولغانىدى. ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن خەدىچە ھۇجرىسىغا كىرىپ ئەتراپقا ئەلەڭ - سەلەڭ قاراپ چىقتى. ئۇ تامدىكى ئويۇقتىن ھاشىم بەرگەن ئەينەكنى كۆرۈپ بىردىنلا خۇش بولۇپ كەتتى - دە، ئۇنى ئېلىپ قاقاقلاپ كۈلۈپ ھويلىغا چىقتى. ئانىسى بىلەن دادىسى ئۇنىڭ كەينىدىن كۆز يېشى قىلىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇ بىر ياندا تۇرغان پۇچۇق پىيالىنى دۈم كۆمتۈرۈپ سۇپىغا قويدى، ئاندىن ھويلىنىڭ بىر چېتىگە تاشلاپ قويۇلغان كۆك بىددىن بىر تۇتام ئەكىلىپ پىيالىنىڭ ئۈستىگە سىقىشقا باشلىدى. سىقىپ بولۇپ ئەينەككە قاراپ قېشىغا سۈرتمەك بولۇۋىدى، ئانىسى ئۇنىڭ قولىدىن پەلكۈچ بىلەن ئەينەكنى ئېلىۋالدى. خەدىچە ئاچچىقلاپ يەرگە دومىلاپ قىقاس - سۈرەن كۆتۈردى. ئاتا - ئانىسى ئۇنى تۇتۇۋېلىپ ئۆيگە ئەكىرىپ كەتتى. بۇ ئىش نەچچە قېتىم تەكرارلاندى. ئاخىرى ئۇلار خەدىچەنى مەيلىگە قويۇۋېتىشتى.

خەدىچە ھەر كۈنى ئۆزى يالغۇز باغقا كىرىپ ئولتۇرۇۋالاتتى، بەزىدە جىگدىلىككە، يار بويىغا باراتتى. كۆككە بويىلىپ كەتكەن قولىدا ھاشىم ئېلىپ بەرگەن ئەينەك بار ئىدى. ئۇ ئەينەككە قاراپ ئولتۇرۇپ ئۆزىچە كۈلەتتى، نېمىلەرنىدۇ پىچىرلاپ ئۆز - ئۆزى بىلەن سۆزلىشەتتى. ئۇششاق باللار ئۇنىڭ يېنىغا كېلىشەتتى.

— قۇلاڭدىكى نېمە خەدىچخان؟ — دەيتتى باللار ئۇنىڭ ئېغىزىنى تاتىلاپ.

— ئىسكەندەرنىڭ ئەينىكى، — خەدىچە ئەينەكتىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇپ جاۋاب بېرەتتى.

— ئەينەكتىن كىمنى كۆدەڭ خەدىچخان؟ — دەپ سورىشاتتى باللار يەنە چۇرۇقلىشىپ.

— ھاشىماخۇننى.

باللار كۈلەتتى. خەدىچەنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ قىزىقسىنىپ ئەينەككە قاراپ بېقىشاتتى. ئەينەكتىن قېشىغا ئوت - چۆپنىڭ كۆكىدە ئوسما قويغان خەدىچەنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ ھەر خىل قىلىق چىقىرىشىپ خەدىچەنى جىلە قىلاتتى.

ئەتىسى باللار ئۇنى ئۇچرىتىپ يەنە سورىشاتتى:

— قۇلاڭدىكى نېمە خەدىچخان؟

— ئىسكەندەرنىڭ ئەينىكى.

— ئەينەكتىن كىمنى كۆدەڭ خەدىچخان؟

— ھاشىماخۇننى.

# پاكلىق

(ھېكايە)

**مەريەم تۇردى**

كېچە. ئەتراپ قارانى كۆمتۈرۈپ قويغاندەك قاراڭغۇ. بىرى قوغلاپ كەلمەكتە، ئۆلەر - تىرىلىشىمگە قارىماي قېچىۋاتىمەن. . .

— توختا، توختا دەيمەن! . . . بەربىر قولۇمدىن قېچىپ قۇتۇلمايسەن. سېنى ئۆلتۈرۈۋەتمەيدىغان بولسام. . .

بۇ تونۇشلا ئاۋازغۇ. مېنى قوغلاپ كېلىۋاتقىنى ئاغىنەم سادىق ئىكەن - دە! ئۇ مېنى نېمشقا ئۆلتۈرمەكچى بولىدىغاندۇ؟ ئۇنىڭ ئالدىدا نېمە گۇناھ ئۆتكۈزگەندىمەن؟ . . .

يۈگۈرۈۋاتىمەن، جېنىمنىڭ بارىچە يۈگۈرۈۋاتىمەن. سادىقمۇ كەينىمدىن جان - جەھلى بىلەن قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ. لېكىن يېتىشەلمەيدۇ. . .

قانچىلىك يۈگۈرگەنلىكىمنى بىلمەيمەن. بىر چاغدا ئۆزۈمنى قەبرىستانلىقتا كۆردۈم. مېنى تېخىمۇ سۈر باستى. يەنە يۈگۈردۈم، لېكىن قانچە يۈگۈرسەممۇ قەبرىستانلىقتىن زادىلا چىقىپ كېتەلمىدىم. قەبرىلەر ئادەمنى قەدەمدە بىر يۇتلاپ تۇراتتى.

توساتتىن يىقىلىپ چۈشتۈم. شۇنچە تىرمىشىپمۇ ئورنۇمدىن تۇرالمىدىم. ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتۈپمۇ سادىقنىڭ شەپىسى ئاڭلانمىدى. ئەمدى مۇشۇ قەبرىستانلىقتا يوشۇرۇناي، بۇنداق قاراڭغۇدا سادىقمۇ مېنى ئىزدەپ تاپالماس، دېگەنلەرنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم - دە، ئاستا ئۆمىلەپ بىر قەبرىنىڭ يېنىغا بېرىپ تۈگۈلگىنىمچە جىم ئولتۇردۇم. بىرھازادىن كېيىن يەر تېگىدىن داد - پەرياد كۆتەرگەن، نالە - زار قىلغان ئاۋازلار ئاڭلاندى. مەن قاتتىق ساراسىمگە چۈشۈپ بۇ ئاۋازلارغا قۇلاق سالدىم. يېنىمدىكى قەبرىدىن ئاۋاز ئاڭلىنىۋاتاتتى:

— پانى ئالەمدە ئەل - جامائەت مېنى دىيانەتلىك، باشقىلارنىڭ قىل چاغلىق نەرسىسىگىمۇ تەگمەيدىغان، ئىمانى پاكىز ئادەم دەپ تولىمۇ ھۆرمەت قىلىشاتتى. لېكىن مەن ئۇنداق ھۆرمەتلەپ كەتكۈدەك ئادەم ئەمەس ئىدىم. ھاياتىمدا نۇرغۇن گۇناھلىق ئىشلارنى قىلغانمەن. ھېلىقى قېلىن قار ياغقان قىشتا مەھەللىمىزدىكى تۇل ئايال زورىخاننىڭ ئالا ئېنىكىنى ئوغرىلاپ سويۇپ يېگەنىدىم. قوشنامنىڭ كىتاب بوتكىسىدىن قۇرئان كەرىمنى تۇيدۇرماي ئېلىپ چىقىپ باشقىلارغا ساتقانىدىم. مانا، ئوغرىلىق قىلغان قوللىرىم دوزاخ ئوتىدا كۆيۈۋاتىدۇ. . . ۋاي ئاللا! مەن قىلغان بارلىق گۇناھلىرىمغا مىڭ - مىڭ تۆۋا قىلدىم، خۇدا، مېنى كەچۈرگىن. . .

تۆۋا بۇ ئادەم ئەسلىدە شۇنداق يامان ئىشلارنىمۇ قىپتىكەن - دە! مەن ئىختىيارسىز ئورنۇمدىن تۇردۇم. يان تەرىپىمدىكى قەبرىدىنمۇ شۇنداق ئېچىنىشلىق ئاۋاز ئاڭلىنىۋاتاتتى. بۇ ئاۋاز ماڭا تونۇش — ئۆتكەن يىلى قازا قىلغان سائادەتخان دېگەن مەزلۇمنىڭ ئاۋازى ئىدى:

— خەقلەر مېنى يۈزى تۆۋەن، نومۇسچان، سادىقەتمەن ئايال دەپ بىلىشەتتى. ئەمەلىيەتتە مەن ئېرىمدىن باشقا ئەرلەر بىلەنمۇ خۇپىيانە بېرىش - كېلىش قىلىشىپ يۈرگەن. شۇڭا ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، ياش تۇرۇپلا ئۆز ھاياتىمدىن ئايرىلغانىدىم. خۇدا مېنى بۇ يەردىمۇ جازالاۋاتىدۇ. پۈتۈن بەدىنىمنى يىلان - چايانلار چې-

قىۋاتىدۇ. ۋاي ئاللا... ۋاي قانداق قىلاي!...

ئاھ، نېمىدېگەن دەھشەتلىك جازا بۇ ـ ھە؟! ھاياتلىقتا قىلغان گۇناھلارنىڭ جازاسىنى ئۆلگەندە تارتىدىغان گەپكەن ئەمەسمۇ؟

يەنە بىر قەبرىدىنمۇ شۇنداق ئاۋازلار...

مۇنداق ئېچىنىشلىق نالە ـ پەريادلارنى ئاڭلاۋېرىشكە تاقەت قىلالماي يولۇمنى داۋام قىلدىم. بەزى قەبرىلەردىن ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. ئېھتىمال ئۇ قەبرىدىكى باشقىلار ھاياتلىقىدا ھېچقانداق گۇناھ ئۆتكۈزمىگەن بەندىلەردۇر. شۇڭا بۇنداق جازالاردىن خالىي، خاتىرجەم ياتسا كېرەك. كېتىۋېتىپ بىردىنلا مەرھۇم دادام ئېسىمگە كېلىپ قالدى. ئۇنى ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي ئادەم دەپ بىلەتتىم. شۇڭا ئۇنى ھېلىقىدەك ئازابلاردىن خالىي، تىنچ يېتىۋاتقاندۇ دەپ ئويلىدىم ـ دە، ئۇنىڭ قەبرىسىنى ئىزدەشكە باشلىدىم.

ئاھ، خۇدا، دادامنىڭ قەبرىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، خۇدۇمنى يوقىتىپ قويغىلى تاس قالدىم. چۈنكى داداممۇ زارلىنىپ تۇرۇپ، گۇناھىنى تىلەۋاتاتتى:

— مەن ھەسەتخورلۇق كېسىلىم تۈپەيلى نۇرغۇن بىگۇناھ قېرىنداشلىرىمغا ئازار بەرگەن بەندىمەن. مەندىن ئۆتۈپ كەتمەكچى بولغانلارنى تۈيدۇرماي پۇتلاپ يىقىتتىم. يېقىن ئەل ـ ئاغىنىلىرىمغىمۇ كۆڭلى قارىلىق قىلدىم. ئاغىنەم ئوسمانغا «ئوغرىلىق قىلدى» دېگەن تۆھمەتنى چاپلاپ، ئۇنىڭ تۈرمىگە كىرىپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولدۇم. ئۇ شۇ يەردە ھادىسىگە ئۇچراپ ئۆلۈپ كەتتى. بەش بالىسىمۇ يېتىم قالدى... بۇ گۇناھلىرىمنىڭ جازاسىنى ئەمدى تارتىۋاتىمەن. خۇدا، گۇناھلىرىمنى كەچۈر...

قۇلاقلىرىمغا ئىشەنمەي قالدىم. ئەمدى ھەممە ئىش ئايدىڭ بولدى. دادام تۆھمەت چاپلىغان ئوسمان دېگەن ئادەم دەل سادىقنىڭ دادىسى ئىدى. ئەسلىدە سادىق دادامدىن ئالالمىغان ئۆچىنى مەندىن ئالماقچى بوپتىكەن ـ دە!

مۇشۇ ئۆمرۈمگىچە ئەزىز بىلىپ ئۇلۇغلاپ كەلگەن دادامنىڭ شۇنداق كەچۈرگۈسىز جىنايەتلىرىنىڭ بارلىقىنى، ئۆزۈمنىڭ دادامنىڭ ئاشۇ جىنايەتلىرىنىڭ قۇربانى بولۇش ئالدىدا تۇرغانلىقىمنى ئويلاپ كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ، پۇتلىرىم بوشىشىپ، قەبرە ئالدىغا يىقىلىپ چۈشتۈم...

— تۇر ئورنۇڭدىن!

كىمدۇر بىرىنىڭ قاتتىق ۋارقىراشلىرىدىن ئەندىكىپ كۆزۈمنى ئاچتىم. قارىسام سادىق ۋارقىرىغان پېتى ماڭا قاراپ ئېتىلىپ كېلىۋېتىپتۇ. ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ، چەبدەسلىك بىلەن ئۆزۈمنى چەتكە ئالدىم ۋە قېچىشقا باشلىدىم. سادىق كەينىمدىن يەنە قوغلاشقا باشلىدى. يۈگۈرە ـ يۈگۈرە بىر تاغ باغرىغا كېلىپ قالدىم. ماڭا قاچقۇدەك باشقا يول قالمىغانىدى. ئامالسىز تاغقا ياماشتىم. سادىقمۇ كەينىمدىن تاپ باستۇرۇپ قوغلاپ كېلىۋاتاتتى. مەن ئاخىرى تاغنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسىغا يامىشىپ چىقتىم. ئاھ، ئەمدى قانداق قىلارمەن؟ چوققىنىڭ ئۇ تەرىپىدە — پەستە سۈپسۈزۈك سۇ دولقۇنلاپ تۇراتتى. بۇرۇلۇپ كەينىمگە قارىسام سادىق ماڭا يېقىنلاپ قاپتۇ. ئەمدى نەگە قاچاي؟ سادىقنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالماي دېسەم سۇغا سەكرىشىم كېرەك. بىراق مەن سۇ ئۈزۈشنى بىلمەيمەن.

نېمە قىلارىمنى بىلمەي تېپىرلاپ كەتتىم. سادىق ماڭا يېقىنلا كېلىپ قالغانىدى. نېمە بولسام بولاي، سادىقنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغىنىمدىن مۇشۇ سۇغا سەكرەپ ئۆلگىنىم ياخشى...

كۆزۈمنى چىڭ يۇمۇپ ئۆزۈمنى سۇغا ئاتتىم. مۇزدەك تاغ سۈيى مېنى قاتتىق ئەندىكتۈرۈۋەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۆزۈمنى مەڭگۈلۈك پاكلىققا ئېرىشكەندەك ئاجايىپ خاتىرجەم ھېس قىلدىم.

كۆزۈمنى ئاچسام ئاللىقاچان تاڭ يورۇپتۇ.

## نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچىلەر ئەسەرلىرىدىن

# ھەققانىيەت ئۆلمەيدۇ

— نەجىب مەھپۇزنىڭ نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى قوبۇل قىلىش مۇراسىمىدا سۆزلىگەن نۇتقى

ئابدۇقادىر جالالىدىن تەرجىمىسى

ئالدى بىلەن، مەن شۋېتسىيە ئەدەبىيات ئاكادېمىيىسى نوبېل مۇكاپاتى كومىتېتىنىڭ پىقىرنىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك ئەجىرنىگە بىلدۇرگەن ھۆرمىتىگە تەشەككۇر ئېيتىمەن. مەن سورۇن ئەھلىنىڭ ئىلتىپات بىلەن قۇلاق تۇتۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. چۈنكى، مەن سۆزلەۋاتقان تىل كۆپىرەك كىشىلەرگە ناتونۇش. لېكىن، بۇ تىل ئۇشبۇ مۇكاپاتنىڭ ھەقىقىي ساھىبىدۇر. ئۇ، بۇ مەدەنىيەت بوستانىدا تۇنجى قېتىم دىلرەبا بىر تۇس بىلەن ياڭرىشى كېرەك. مەن بۇنىڭ ئاخىرقى قېتىم بولۇپ قالماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن، شۇنداقلا دۆلىتىمدىكى ئەدىبلەرنىڭ سىلەردەك دۇنياۋى يازغۇچىلار (غەم - ھەسرەتكە تولغان دۇنياغا شادلىق ۋە ئەقىل - پاراسەتنىڭ خۇشپۇراقلىرىنى چاچقۇچىلار) بىلەن شەرەپلىك ھالدا بىر سەپتە تۇرۇش لاياقىتىگە ئېرىشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

قاھىرەدە تۇرۇشلۇق بىر چەت ئەل گېزىتى مۇخبىرىنىڭ ئېيتىشىچە، مېنىڭ ئىسمىم نوبېل مۇكاپاتى بىلەن باغلانغان شۇ دەقىقىدە، پۈتۈن مەيدان جىمىپ كېتىپتۇ، كىشىلەر مېنىڭ قانداق ئادەملىكىمنى بىر - بىرىدىن سوراپ بىلىشمەكچى بولۇپتۇ. مېنىڭ ئۆز - ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇشۇمغا ئىنسانىي تەبىئەتكە سىغىدىغان پوزىتسىيە بىلەن رۇخسەت قىلىشىڭلارنى سورايمەن. مەن بولسام ئىككى خىل مەدەنىيەتنىڭ پەرزەنتى. تارىختا بۇ ئىككى خىل مەدەنىيەت گۈزەل بىر قوشۇلۇشنى روياپقا چىقاردى. ئۇنىڭ بىرىنچىسى، 7 مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە پىرئەۋن مەدەنىيىتى؛ ئىككىنچىسى، 1 مىڭ 400 يىللىق مەدەنىيەتكە ئىگە ئىسلام مەدەنىيىتى. ھەرقايسىڭلار ئەدەبىيات مۇنبىرىنىڭ سەرخىللىرى ۋە ئەللامىلىرى، بۇ مەدەنىيەت ھەققىدە ھەرقايسىڭلارغا سۆزلەپ ئولتۇرۇش ئارتۇقچە. بىراق، بۇ شەرەپلىك دىدارى پەيتتە بىرقانچە كەلىمە قىستۇرما قىلسام ئەيىب بولماس.

پىرئەۋن مەدەنىيىتىدىن سۆز ئاچقاندا، پىقىر ئىستىلاھلار ۋە تارىخىي ئېمپىرىيىلەر ھەققىدە سۆزلەشنى راۋا كۆرمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى خاراب بولغان شەرەپلىك تارىختۇر. ئاللاغا شۈكرىكى، زامانىمىزنىڭ ۋىجدانى ئۇلار ھەققىدە گەپ ئېچىشنى لايىق كۆرمەيدۇ. مەنمۇ ئۇلارنىڭ بۈيۈك ئاللانىڭ بەرىكاتى بىلەن ئىنسانىيەت ۋىجدانىنىڭ سۈبھىسىنى ئاچقانلىقى ھەققىدە توختالماي. ئۇ بەكمۇ ئۇزۇن تارىخ. كۆپچىلىك پادىشاھ ئېھناتۇن[1] ھەققىدىكى قىسسىنى ئوبدان بىلىدۇ. مەن ھەتتا بۇ مەدەنىيەتنىڭ سەنئەت ۋە ئەدەبىيات ساھەلىرىدىكى نەتىجىلىرىنى ۋە ئەلئېھرام، سىفىنكىس، كاناك ئىبادەتخانىسى قاتارلىق مۆجىزىلىرى ھەققىدە سۆزلىمەكچى ئەمەس. بۇ مۆجىزىلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش تەلىيىگە ئېرىشەلمىگەن كىشىلەرمۇ بۇ ھەقتىكى ماتېرىياللارنى ۋە سۈرەتلەرنى كۆرگەن.

مەن پىرئەۋن مەدەنىيىتىنى ھېكايە تەرىقىسىدە تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي. چۈنكى، مېنىڭ ھېكايىچىلىق سالاھىيىتىمنى مېنىڭ خاس ئارقا كۆرۈنۈشۈم بەلگىلىگەن. تارىختا خاتىرىلەنگەن بۇ ۋەقەگە سەمە بولۇڭلار: قەدىمكى مىسىرنىڭ يازۇلىرىدا ئېيتىلىشىچە، پادىشاھ پىرئەۋن ھەرەمدىكى كېنىزەكلىرىنىڭ قول ئاستىدىكى بىر ۋەزىرى بىلەن گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئاڭلاپتۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ نەسلى قۇرۇپ كېتىدىغان بولدى، دەپ ئويلاشقانىدى. لېكىن پىرئەۋن ئەدلىيە ئەمەلدارلىرىنى چاقىرتىپ، ئۆزى خەۋەر تاپقان ئىشلارنى تەكشۈرۈپ بېقىشقا بۇيرۇق قىلىدۇ. پىرئەۋن ئۆزىنى ئەدلىيە ئەمەلدارلىرىغا ئادىل ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن پاكىتنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەيدۇ. . . بۇنداق قىلىش مېنىڭ قارىشىمچە، ئۇنىڭ ئېمپىرىيە قۇرۇش ۋە ئەلئېھرام قۇرۇشىدىنمۇ ئۇلۇغدۇر. دەل مۇشۇنىڭ ئۆزى شۇ خىل مەدەنىيەتنىڭ ھەرقانداق مەدەنىيەت ۋە شان - شەرەپتىن ئەلا ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئىسپاتلايدۇ. ئېمپىرىيە يوقالدى، ئۆتكەن ئىشلارمۇ ئۆتۈپ

① ئېھناتۇن — قەدىمكى مىسىرنىڭ 18 - سۇلالىسىنىڭ 10 - نۆۋەتلىك پىرئەۋنى.

كەتتى، ئەلئىبھرامىمۇ ھامان بىر كۈنى يوقايدۇ. لېكىن، ئىنسانىيەتنىڭ ئەقلى تەلپۈنۈپلا تۇرسا، يۈرىكى سوقۇپلا تۇرسا، ھەقىقەت بىلەن ئادالەت مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

ئىسلام مەدەنىيىتى ھەققىدە، مەن سىلەر بىلەن يارانقۇچى ئاللانىڭ ئىقلىملىرىدىكى ئەركىنلىك، باراۋەرلىك ۋە مەغپىرەت (كەڭچىلىك) ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىنسانىي بىر گەۋدىگە ئائىت چاقىرىق توغرىسىدا سۆزلىشىپ ئولتۇرماي، شۇنداقلا ئاللانىڭ ئەلچىسى مۇھەممەدنىڭ ئۇلۇغلۇقى ھەققىدىمۇ توختالماي. چۈنكى، ئاراڭلاردىكى مۇتەپەككۇرلار مۇھەممەدنىڭ ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ كىشى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. مەن ئۇنىڭ سان - ساناقسىز مەسچىت مۇنارىنى قوپۇرۇپ چىققانلىقىنى تىلغا ئالماي؛ ھىندىستان ۋە جۇڭگو ئەتراپلىرىدىن تارتىپ فرانسىيە چېگرىلىرىغىچە بولغان پايانسىز زېمىندا ئۇنىڭ كىشىلەرنى ئىمانغا، دىيانەتكە ۋە ساخاۋەتكە چاقىرغانلىقى ھەققىدە سۆز ئاچماي؛ مەن يەنە دىن ۋە ئىرقلار ئوتتۇرىسىدا بۇرۇن بولۇپ باقمىغان ۋە بۈنىڭدىن كېيىنمۇ بولمايدىغان ئۆز ئارا چۈشىنىش، كەچۈرۈش ئاساسىدىكى دوستلۇق، ھەمكارلىق ھەققىدىمۇ گەپ ئاچماي. بىراق، مېنىڭ تونۇشتۇرۇپ ئۆتىدىغىنىم، بۇ مەدەنىيەتنىڭ كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان دراماتىك بىر پەردىسىدۇر. بۇ پەردە بۇ مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ بولسىمۇ بۇ مەدەنىيەتنىڭ يارانقۇچىلىرى ۋىزانتىيىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، ئەسىرلەرنى قويۇۋېتىش بەدىلىگە قەدىمكى يۇناننىڭ پەلسەپىسى، تېبابىتى ۋە ماتېماتىكا نەمۇنىلىرىنى قولغا كەلتۈرگەن. مانا بۇ ئىنسانىيەتنىڭ بىلىشكە ئىنتىلىشتەك مەنىۋى قىممىتىنىڭ دەلىلى، گەرچە بۇ ئىنتىلگۈچىلەر ئاللانىڭ دىنىغا ئېتىقاد قىلسىمۇ، يات دىندىكى مۇخلىسلارنىڭ مەدەنىيەت جەۋھىرىنى قەدىرلىدى.

ئەنە شۇنداق ئىككى خىل مەدەنىيەتنىڭ باغرىدا تۇغۇلۇپ، ئۇنىڭ شېرىن شەربەتلىرىنى سۈمۈرۈش، ئۇنىڭدىكى بەدىئىي ئوزۇقلاردىن بەھرىمەن بولۇش، ئۇنىڭ سېھىرلىك مەدەنىيەت شارابىدىن ھوزۇرلىنىش مېنىڭ تەقدىرىمدۇر. بۇلارنىڭ جۇغلىنىشىدىن كېلىپ چىققان ئىلھام مېنىڭ تەشنالىقىم بىلەن بىرلەشكەن ھالدا بەدىئىي پىكىرلىرىمنى بۇلاقتەك ئۇرغۇتتى. مېنىڭ ئەسەرلىرىم بەختلىك ھالدا سىلەردەك مۆھتىرەم ئەدەبىيات ئاكادېمىيىسىنىڭ ئىلتىپاتىغا مۇيەسسەر بولدى، مېنىڭ ئەجرىم مەشھۇر نوبېل مۇكاپاتىنىڭ تاجىغا نائىل بولدى. مەن ئۆز نامىم بىلەن، شۇنداقلا ئىككى خىل مەدەنىيەتنىڭ ئالىقاچان بۇ دۇنيادىن كېتىپ بولغان قۇرغۇچىلىرى نامىدىن سىلەرگە تەشەككۈر بىلدۈرىمەن.

سىلەر، 3 - دۇنيا ئەللىرىدىن كەلگەن بۇ كىشى قانداقمۇ خاتىرجەم بولۇپ ئەسەر يازغاندۇر؟ دەپ ئويلىشىڭلار مۇمكىن. بۇنداق ئويلاش تامامەن يوللۇق، مەن قەرزىنىڭ قاتتىق بېسىمى ئاستىدا ئىڭراۋاتقان دۇنيادىن كەلدىم، ئەگەر بۇ قەرزنى قايتۇرۇشتىن سۆز ئېچىلسا، ئاچارچىلىق ياكى شۇنىڭدەك نۇرغۇن تەھدىتكە ئۇچرايدىغانلىقىمىز ئېنىق. 3 - دۇنيا ئەللىرىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر ئاسىيادا سۇ ئاپىتى بىلەن ئۆلۈۋاتىدۇ، ئافرىقىدا ئاچارچىلىقتىن ئۆلۈۋاتىدۇ، جەنۇبىي ئافرىقىدىكى مىليونلىغان كىشىلەر مۇشۇ كىشىلىك ھوقۇق دەۋرىدىمۇ ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولۇپ ياشىماقتا. ئۇلار ئادەمدەك ياشىيالمايۋاتىدۇ، ئىئوردان دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا ۋە گازا رايونىدا بەزىلەر ئۆزىنىڭ ئانا ۋەتىنىدە تۇرۇپمۇ ھاياتىدىن مەھرۇم بولدى. بۇ ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىدىن ئەۋلادمۇ - ئەۋلاد مىراس بولۇپ كەلگەن تۇپراق ئىدى. ئۇلار ئىپتىدائىي ئادەملەرمۇ ئالللىقاچان ئېرىشىپ بولغان ئېھتىياج ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىدۇ، دېمەك ئۇلار ئېتىراپ قىلىنغان مۇناسىپ ئورنىغا ئېرىشىشنى ئويلىدى. ئۇلار ئۆزىنىڭ باتۇرلارچە ئالىيجاناب ھەرىكىتىگە نىسبەتەن — بۇ ھەرىكەتتە ئەرلەر، ئاياللار، ئۆسمۈرلەرمۇ بار — ئېرىشكەن جاۋاب تاياق - توقماق، قىرغىنچىلىق، ئۆي - جايلىرىنىڭ ۋەيران قىلىنىشى، تۈرمە ۋە يىغىۋېلىش ئورۇنلىرىدا قىيىن قىستاققا ئېلىنىشتىن ئىبارەت بولدى.

ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا ئازاب ۋە غەزەپ بىلەن ئەھۋالنى كۆزىتىپ تۇرۇۋاتقان 150 مىليون ئەرەب بار. ئەگەر بۇ ۋەزىيەتنى ھەققانىيەت ۋە مۇكەممەل تىنچلىقنى ئارزۇ قىلىدىغان كىشىلەر پاراسەت بىلەن ئۆزگەرتمىسە، بۇ رايون بالايىئاپەتلەرنىڭ تەھدىتىگە يولۇققۇسى.

شۇنداق، 3 - دۇنيا ئەللىرىدىن كەلگەن بۇ ئادەم قانداقمۇ كۆڭلى ئارام تېپىپ، ئەسەر يازىدىكىن؟

ياخشى يېرى شۇكى، سەنئەت مەرد بولۇش بىلەن بىرگە ھېسداشلىققا باي. سەنئەت بەختلىك ئادەملەرنى قويىنىغا ئېلىش بىلەن بىرگە بەختسىزلەرنى تاشلىۋەتمەيدۇ. سەنئەت جەلپكار ۋاسىتىلەر ئارقىلىق يۇقىرىقى ھەر ئىككى خىل ئادەمنى قەلب ئىزھار قىلىشقا ئۈندەيدۇ.

مەدەنىيەت تەرەققىي قىلغان مۇشۇ ھەل قىلغۇچ پەيتتە، ئىنسانىيەتنىڭ ئازابى شەك - شۈبھىسىز ئاخىرلاشتى دېگەن گەپ كىشىنى قايىل قىلالمايدۇ، شۇنىسى ئېنىقكى ئىنسانىيەت پىشىپ يېتىلدى، دەۋرىمىز دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ئەپلىشىش ئىستىقبالىدىن دېرەك بەردى، ئىنسانىيەتنىڭ ئىدىيىسى ھەر خىل بۇزغۇنچىلىق ۋە ۋەيرانچىلىق ئامىللىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا يۈزلەندى. خۇددى ئالىملار سانائەتنىڭ

مۇھىتتىكى بۇلغاشلىرىنى كۈچىنىڭ بارىچە تازىلاشقا تۇتۇنغاندەك، زىيالىيلارمۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئەخلاقىي بۇلغىنىشلىرىنى پائال تازىلىشى كېرەك. بىزنىڭ مەدەنىيەتلىك ئۇلۇغ رەھبەرلەرنى ۋە ئىقتىسادشۇناسلارنى ھەقىقىي ھەرىكەتكە كېلىپ دەۋر مەركىزى بولۇشقا دالالەت قىلىش ھەققىمىز ۋە مەجبۇرىيىتىمىز بار. بۇرۇنقى دەۋرلەردە، رەھبەرلەر پەقەت ئۆز مىللىتىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلاتتى، باشقا مىللەتلەرنى بولسا دۈشمەن ياكى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشقا تېگىشلىك ئەل دەپ سانايتتى، ئۇ چاغلاردا ئۈستۈنلۈك ۋە شەخسىي شان - شەرەپتىن باشقا نەرسىلەر ئۈستىدە باش قاتۇرۇلمايتتى. دەل شۇ سەۋەبتىن ھەر خىل ئەخلاق، ئىدىيە ۋە قىممەت قاراشلىرى كېرەك قىلىنمايتتى، ئەخلاققا زىت كېلىدىغان ۋاستىلەر قانۇنلاشتۇرۇلۇپ، بىھېساب ئادەملەر قەتلى قىلىندى. ئۇ دەۋرلەردە يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق، ئاسىيلىق ۋە ياۋۇزلۇق قاتارلىق قىلمىشلار دانالىقنىڭ بەلگىسى ۋە ئۇلۇغلۇقنىڭ دەلىلى بولدى. بىراق، بۈگۈنكى كۈندە بۇنداق ئەھۋاللار تۈپتىن ئۆزگەرتىلىشى كېرەك. . . بۈگۈن مەدەنىيەتلىك دۆلەتلەر رەھبىرىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم شۇكى — ئۇنىڭدا ئەتراپلىق نۇقتىئىنەزەر بولۇشى، ئىنسانىيەتكە نىسبەتەن مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولۇشى كېرەك. تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر بىلەن 3 - دۇنيا ئەللىرى بىر ئائىلە بولۇشى كېرەك. ھەر بىر كىشىنىڭ بۇ ئائىلىگە بولغان مەسئۇلىيىتى، ئۇنىڭ بىلىمى، ئەقىل - پاراستى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئەگەر 3 - دۇنيا ئەللىرىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىم بىلەن ئۇلارغا بىزنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىمىزنىڭ تاماشابىنلىرى بولۇۋالماڭلار دەپ جاكارلىشىمغا توغرا كەلسە، مەسئۇلىيەت دائىرەمدىن ھالقىپ كەتكەن بولمايمەن. لېكىن سىلەر يۈكسەك ئورنۇڭلارغا مۇناسىپ روللىرىڭلارنى جارى قىلدۇرۇشىڭلار كېرەك. سىلەرنىڭ ئەۋزەل ئورنۇڭلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھايۋاناتلار ۋە ئۆسۈملۈكلەر ئېكولوگىيىسىگە كۆڭۈل بۆلۈش مەسئۇلىيىتىڭلار بار. دۇنيانىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدىكى كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلۈش ئەلۋەتتە بار گەپ. بىز سۆز - ئىبارىلەردىن بىزار بولدۇق، ھەرىكەتنىڭ پەيتى يېتىپ كەلدى. ئوغرى - قاراقچىلار ۋە جازانىخورلارنى يوقىتىش ۋاقتى يېتىپ كەلدى. بىزنىڭ بۇ دەۋرىمىز رەھبەرلەر يەر شارى ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇشقا تېگىشلىك دەۋر. بىز ئافرىقىنىڭ جەنۇبىدا قۇل قىلىنىۋاتقان كىشىلەرنى قۇتقۇزايلى! ئافرىقىدىكى ئاچ - زارلارنى قۇتقۇزايلى! ئۇلۇغ مەنىۋى مىراسلىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ئىسرائىلىيە خەلقىنى قۇتقۇزايلى! شەپقەتسىز ئىقتىسادىي قانۇننىڭ قەرزدارلىرىنى قۇتقۇزايلى! ئۇلار دىققەت قىلىشى كېرەككى، ئۇلارنىڭ ئىنسانلارغا بولغان مەسئۇلىيىتى بەلكى دەۋردىن ئاللىبۇرۇن ھالقىپ كەتكەن پەننىي تىدىئورمىلارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىشى كېرەكتۇر.

ئەپۇ قىلىڭلار. . . بەلكى كۆڭۈل ئاراملىقىڭلارغا تەسىر يەتكۈزگەندىمەن. لېكىن 3 - دۇنيا ئەللىرىدىن كەلگەن بىر كىشىدىن سىلەر نېمىنى ئۈمىد قىلىسىلەر؟ قازاندا نېمە بولسا چۆمۈچكە شۇ چىقىدۇ ئەمەسمۇ؟

سىلەردەك پەن، ئەدەبىيات ۋە يۈكسەك ئىنسانىي قەدىر - قىممەت ئۈچۈن ئىشلەيدىغان ئۇلۇغ پەرۋىشچىلەر ئەھيا قىلغان مۇشۇ مەدەنىيەت بوستانىدىن باشقا يەنە قايسىبىر ئورۇن ئىنسانلارنىڭ ئازابلىق ئىڭراشلىرىغا قۇلاق سالىدۇ؟ خۇددى ئۇ① بايلىقلىرىنى پاراۋانلىق ئىشلىرىغا بېغىشلاش ئارقىلىق مەغپىرەتكە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلغاندەك بىز 3 - دۇنيا ئوغۇل - قىزلىرى ئاشۇ ئاقىللار ۋە مەدەنىيەتلىك سەركەردىلەرنىڭ ئۈنى ئۈلگە قىلىپ، ئۇنىڭ ئالىيجاناب ھەرىكىتى ۋە يىراقنى كۆرەرلىكىنى ئۆگىنىشنى ئىلتىماس قىلىمىز.

ئەتراپىمىزدا ھەممە ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرسىمۇ مەن ئاداققىچە ئۈمىدۋار بولىمەن. مەن كانتقا ئوخشاش دىيانەت ئۇ دۇنيادىلا غەلىبە قىلىدۇ دەپ قارىمايمەن، دىيانەت ھەر كۈنى غەلىبە قىلىۋاتىدۇ. قاباھەت ئويلىغىنىمىزدىنمۇ ئاجىز. ئالدىمىزدا رەت قىلغۇسىز پاكىتلار تۇرۇپتۇ. ئەگەر غالىبىيەت دىيانەت تەرەپتە تۇرمىغان بولسا ئىنسانلار ياۋايىلىق ھاشارات، تەبىئىي ئاپەت، يۇقۇملۇق كېسەل، ئامالسىز قالدۇرغان ۋەھىمە ۋە شەخسىيەتچىلىك ئۈستىدىن غالىب كېلەلمىگەن بولاتتى. مېنىڭچە، غالىبىيەت دىيانەت تەرەپتە تۇرمىغان بولسا، ئىنسانلارنىڭ نەسلى ئۈزۈلۈپ قالغان بولاتتى. دۆلەت تەشكىل قىلىنمايتتى. ئىجادىيەت، كەشپىيات دېگەنلەر بولمايتتى. بىز تاشقى ئالەمگە يۈرۈش قىلالمايتتۇق. كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى ئېلان قىلىنمىغان بولاتتى. يەكۈن شۇكى، قاباھەت بېشەملىك بىلەن بىلجىرلايدىغان خۇمسى، ئىنسانلار خۇشاللىقىنى ئۇنتۇپ ئازابىنى ئەستە ساقلايدۇ. ئۇلۇغ شائىرىمىز ئەبۇل ئەل مەئال② توغرا ئېيتقانىكەن:

تۇغۇلغاندا بولساقمۇ خەندان،
جان بېرىش ئېغىردۇر، ئېغىردۇر چەندان.
مەن كۆپچىلىككە يەنە بىر رەت تەشەككۈر ئىزھار قىلىمەن ۋە كۆپچىلىكتىن ئەپۇ سورايمەن.

(خەنزۇچە «نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچىلەرنىڭ نۇتۇقلىرى» تويلىمىدىن ئېلىندى)

---

① نوبېلنى كۆزدە تۇتىدۇ.
② ئەبۇئەل مەئال (973 — 1058) ئاباسلار دەۋرىدىكى ئەما شائىر.

# جۇڭگودا 97 ـ يىل يۈز بەرگەن بىرىنچى چوڭ دېلو



(ئەدەبىي ئاخبارات)

## لى شۇسېن

تۇرغۇن تۇرسۇن تەرجىمىسى

1997 ـ يىل 19 ـ ئاۋغۇست.

بۇ كۈزنىڭ هاۋا ئوچۇق بىر كۈنى ئىدى.

چۈشتىن بۇرۇن، ئۈرۈمچى شەهىرىنىڭ يەنئەن يولىدىكى چېگرا رايون مېهمانخانىسى سودا شەهىرى ئىلگىرىكىدەكلا ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغانىدى. هەر خىل كىيىم ـ كېچەكلەرنى كىيىشكەن مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىلىك، پاكىستانلىق، نېپاللىق ئەر ـ ئايال سودىگەرلەر يېنىك سانائەت مەهسۇلاتلىرى سودىسى قىلىشىۋاتاتتى. پايدا بۇ يەردە گويا ئاسان يېقىنلاشقىلى بولمايدىغان مۇقەددەس قەسىرگىلا ئوخشايتتى.

سائەت 12 لەر بولغان چاغ. ئۇيغۇر سودىگەر خەيرۇللا بىلەن مەمەت رېهىم روسىيىچە ئاشخانىنىڭ ئالدىدىكى كوچا چىرىغى ئىستولبىسىنىڭ تۈۋىدە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ خۇشاللىق بىلەن پۇل ساناۋاتاتتى. توساتتىن بىرى ئېگىز، بىرى پاكار ئىككى ياش سومكا كۆتۈرگەن پېتى ئاستا ئۇلارنىڭ كەينىگە كەلدى. ئارقىدىنلا بىرنەچچە پاي ئوق ئاۋازى ئاڭلىنىپ، مەمەت رېهىم قان ئىچىگە يىقىلدى. سۇلياۋ تاغارغا قاچىلانغان 380 مىڭ يۈەن خەلق پۇلىنى تاپانچىلىق قارا نىيەتچى كۆتۈرۈپ ماڭدى. مىلتىقلىق قارا نىيەتچى ماڭغاچ ئۈچ پاي ئوق ئېتىپ يەنە ئىككى ئادەمنى ئۆلتۈردى، بىر ئادەمنى يارىلاندۇردى. ئۇلار شەرقىي بىنانىڭ ئالدىغا يېقىنلاپ كەلدى. مىلتىقلىق قارا نىيەتچى يەنە ئالدىن كۆز تىكىپ قويغان ، سەپەر سومكىسىنى كۆتۈرۈپ جېنىنىڭ بارىچە قېچىپ كېتىپ بارغان سودىگەر هەزرەت ئۆمەرنى قوغلاپ ئوق چىقاردى. هەزرەت ئۆمەر ئوق ئاۋازى بىلەن تەڭ يىقىلدى. قارا نىيەتچى 1 مىليون 80 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى قاچىلانغان قىزىل رەڭلىك سەپەر سومكىسىنى كۆتۈرۈپ ماڭدى. بۇ چاغدا سودا شەهىرىنىڭ ئىچى قالايمىقانلىشىپ كەتتى. ئەهۋالنى كۆرگەن كىشىلەر تۇشمۇتۇشتىن يېغىلىپ، قوراللىق قارا نىيەتچىلەرنى قاپسىۋالدى. مىلتىقلىق قارا نىيەتچى ماڭغاچ، ئۆزلىرىنى قاپساپ كەلگەن ئاممىغا قارىتىپ ئوق چىقىرىپ، يەنە ئۈچ ئادەمنى ئۆلتۈردى، 4 ئادەمنى يارىلاندۇردى. ئاندىن تامدىن ئارتىلىپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قورۇسى ئىچىگە كىردى. ئارقىدىنلا يەنە تامدىن ئارتىلىپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كىچىك دېهقانچىلىق مەيدانىغا كىرىپ، كۆزدىن غايىب بولدى. بۇ قېتىملىق قوراللىق بۇلاڭچىلىق دېلوسى باشلىنىپ ئاخىرلاشقىچە 10 مىنۇتمۇ ۋاقىت كەتمىدى. مۇشۇ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە 7 ئادەم ئۆلدى، 5 ئادەم يارىلاندى. بۇ شىنجاڭنىڭ ئاپتونوم رايون بولۇپ قۇرۇلغاندىن بۇيانقى تارىخىدا زادىلا يۈز بېرىپ باقمىغان قاباهەتلىك دېلو ئىدى.

دېلو يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئۈرۈمچى شەهەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى «110» ناهايىتى تېز ئىنكاس قايتۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى ياڭ دىلۇ، ئۈرۈمچى شەهەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جاڭ يەنيۇڭ، مۇئاۋىن باشلىقى جاڭ خەي دەرهال نەق مەيدانغا يېتىپ كېلىپ نەق مەيدانىنى تەكشۈرۈش، ئەهۋال ئىگىلەپ تەكشۈرۈش، جىنايەتچىلەرنى تۇتۇش خىزمەتلىرىگە قارىتا جىددىي ئورۇنلاشتۇرۇش قىلدى. ئۈرۈمچى شەهەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ جىنايى ئىشلار رازۋېتكا باشقارمىسى، چارلىغۇچى ساقچى تارماق ئەترىتى، تىيانشان رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماق ئىدارىسى ۋە قوراللىق ساقچى ئەترىتى 1100 نەپەر ساقچىنى هەرىكەتلەندۈرۈپ، ئەتراپقا تارقىلىپ ئاختۇرۇش بىلەن بىرگە، يەنە ئۈرۈمچىدىن شەهەر ئەتراپىغا ئۆتىدىغان 29 ئورۇندىكى قاتناش يولىغا توسۇق ئورنىتىپ تەكشۈرۈشنى كۈچەيتتى. نەق مەيدانىنى تەكشۈرۈش ۋە ئەهۋال ئىگىلەش، ۋەقەنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن گۇۋاهچىلارنىڭ بايانلىرىغا ئاساسەن جىنايەتچىلەرنىڭ تەقلىدى رەسىمىنى سىزىپ چىقىش قاتارلىق رازۋېتكا خىزمەتلىرى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى. ئۈرۈمچىدىكى جىنايى ئىشلار رازۋېتكا خادىملىرى جىنايەت يۈزبەرگەن نەق مەيداندىن «81-75» تىپلىق قورالنىڭ مىشىكى، ئاق رەڭلىك كىگىز رەختتىن قولدا تىكىلگەن قورال خالتىسى قاتارلىق ماددىي پاكىتلارنى قولغا چۈشۈردى.

جىنايەت گۇماندارلىرىنىڭ شىنجاڭدىن قېچىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى ناهايىتى تېزلىكتە پۈتۈن شىنجاڭنىڭ هەرقايسى جايلىرىدىكى جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرىغا ماسلىشىپ تەكشۈرۈش هەققىدە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقاردى. پۈتۈن شىنجاڭنىڭ هەرقايسى جاي-

لىرىدىكى ساقچىلار خەۋەر تاپقان ھامان ھەرىكەتكە كېلىپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب - شىمالىدا كەڭ تور قۇردى.

«19 - ئاۋغۇست» پەۋقۇلئاددە زور قوراللىق بۇلاڭچىلىق، قاتىللىق دېلوسى گويا ئېغىر تىپلىق بومبا پارتلىغاندەك، ھېلىلا ئاسمان كۆمتۈرۈلۈپ چۈشۈپ، يەر كۆكۈم - تالقان بولۇپ كېتىدىغاندەك، ئۈرۈمچى شەھىرىدە كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا ناھايىتى زور داۋالغۇش پەيدا قىلدى.

«19- ئاۋغۇست» پەۋقۇلئاددە زور قوراللىق بۇلاڭچىلىق، قاتىللىق دېلوسى 1997 - يىلى شىنجاڭدا يۈز بەرگەن 3 - قېتىملىق قوراللىق دېلو سادىر قىلىش ۋەقەسى ئىدى.

## ئىسكىلاتتىكى ئوق ئاۋازى

شىنجاڭدىكى 97 - يىللىق قوراللىق دېلو سادىر قىلىش ۋەقەسىنىڭ تۇنجىسى 5 - ئىيۇلدا يۈز بەرگەن.

بۇ كۈنى «قۇملۇقتىكى مەرۋايىت» شىخەنزە شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 100 كىلومېتىرغا يېقىن كېلىدىغان شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش- قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 8 - شى 141 - مەيداندىكى مۇنبەت تۇپراقتا ھوسۇل بېرىش ئالدىدا تۇرغان مېۋە - چېۋىلەر، بىپايان كېۋەز غوزىلىرى قويۇق خۇشبۇي ھىد تارقاتماقتا ئىدى. پاختىكار دېھقانلارنىڭ كۆڭلى شاد - خۇراملىققا تولغان بولۇپ، چىرايلىرىدىن كۈلكە يېغىپ تۇراتتى. چۈشتىن كېيىن سائەت 7 لەر بولغان چاغ، قۇياش يەنىلا غەرب ئۇپۇقىدا ئېسىلىپ تۇراتتى. بىرى ئېگىز، بىرى پاكار ئىككى ياش قويۇق ئاق تېرەك ئورمىنىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، 141 - تۇەن - مەيدانىنىڭ ھاۋا رايىغا سۈنئىي تەسىر كۆرسىتىش پونكىتىنىڭ ئۈسكۈنە ئىسكىلاتىغا كەلدى ۋە ئىسكىلاتتا ئادەم يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئىسكىلات ھويلىسىنىڭ دەرۋازىسىنى تېزلىك بىلەن قومۇرۇپ ئاچتى. ئارقىدىنلا بىرنەچچە پاي ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى. تەلۋىلەرچە قاۋاۋاتقان ئىككى مۇھاپىزەتچى ئىت ئوق ئاۋازى بىلەن تەڭلا يەرگە يىقىلدى. قاۋىغان ئاۋاز شۇنىڭ بىلەن جىمىقتى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىككى ياش ئارقا - ئارقىدىن 2 -، 3 - نومۇرلۇق ئىسكىلاتنىڭ ئىشىكلىرىنى قومۇرۇپ ئېچىپ، ئېچىرقىغان يولۋاس توشقانغا ئېتىلغاندەك ئېتىلىپ كىرىپ كەتتى. . .

141 - تۇەن - مەيدان ساقچىخانىسىنىڭ باشلىقى لى جيەنگو بۇ ھەقتىكى جىددىي خەۋەرنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن 4 نەپەر ساقچىنى باشلاپ بېرىپ، ئىسكىلاتنى دەرھال قورشىدى. ئەمما جىنايەتچىلەر نەق مەيداندىن ئاللىبۇرۇن قېچىپ كەتكەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن شىخەنزە شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ۋە شايىدى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى نەق مەيداننى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئىككى ئىسكىلاتتىكى مۆلدۈردىن ساقلىنىش بومبىلىرى ۋە خەلق ئەسكەرلىرى مەشىق قىلىشتا ئىشلىتىدىغان ئەسۋابلارنىڭ ئوغرىلىۋېتىلگەنلىكىنى، لېكىن ھەربىي قورال ۋە ئوق - دورا ساقلانمىغانلىقتىن، ھېچنەرسىنىڭ يوقالمىغانلىقىنى بايقىدى. نەق مەيداندىن تۆت تال مىشەك، قايرىپ بۇزۇۋېتىلگەن بىر قۇلۇپ، 1.5 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى سۆگەت ياغىچىدىن ياسالغان بېلىق تۇتۇش قارمىقى ۋە بىر دانە قۇلۇپ قايرىشتا ئىشلىتىدىغان لوم تۆمۈرنى قولغا چۈشۈردى.

بۇ قېتىملىق دېلودا گەرچە زىيان كۆرۈلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما يامان ئىجتىمائىي تەسىر پەيدا قىلغانىدى. شۇڭا، شىخەنزە ساقچى تەرەپ بۇ دېلونى قەتئىي رازۋېتكا قىلىپ، قوراللىق كىشىلەرنى ئىزدەپ تېپىشنى قارار قىلدى.

تەكشۈرۈش جەريانىدا ئامما 5 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىكى بىر كۈنى چۈشتە، ئىككى ياشنىڭ ئىسكىلات ئەتراپىدا ئۇزاق ئايلانغانلىقىنى ھەمدە جەنۇب تەرەپتىكى قارىياغاچلىقتا بىرنەرسە يېگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ «ئالتۇن شىر» ماركىلىق قىزىل رەڭلىك بىر موتسىكلىتنى مىنىۋالغانلىقىنى، موتسىكلىتنىڭ نومۇر تاختىسىدا شىخەنزىنىڭ ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرىنىڭ يۈرۈشكە رۇخسەت قىلىش گۇۋاھنامىسىگە مۇناسىۋەتلىك «5»، «1» دېگەن رەقەملەرنىڭ بارلىقىنى ئىنكاس قىلدى. بۇ يىپ ئۇچىغا ئاساسەن، شىخەنزە شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى موتسىكلىت، قورال، گۇمانلىق كىشىدىن ئىبارەت ئۈچ جەھەتتىن تەكشۈرۈشكە كىرىشىپ، ئۆز ئورنىدا ۋە قوشنا رايونلاردا مۇشەققەتلىك تەكشۈرۈش خىزمىتىنى كەڭ قانات يايدۇردى. شىخەنزە ساقچى تەرەپ قابىل خادىملارنى پۈتۈن كۈچى بىلەن «5 - ئىيۇل» دېلوسىنى رازۋېتكا قىلىۋاتقان ۋاقىتلار ئىدى. 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى 141 - تۇەن - مەيدان بىلەن بولغان ئارىلىقى 100 كىلومېتىرغا يېقىن كېلىدىغان 149 - تۇەن - مەيداندا يەنە بىر قېتىملىق كىشىنى چۆچۈتىدىغان قاتىللىق دېلو يۈز بەردى.

## ساقچىخانىدىكى قانلىق ۋەقە

149 - تۇەن مەيدان شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 8 - شىسىنىڭ ئاشلىق، پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسى ئىدى. بۇ يىل پاختىدىن يەنە مول ھوسۇل ئېلىنىدىغان بىر يىل بولۇپ، پاختىكار دېھقانلار مول ھوسۇل خۇشاللىقى بىلەن مەست ئىدى. لېكىن ئۇلار بىر قېتىملىق زور ئاپەتنىڭ ئۇلارنىڭ كۆڭۈللۈك تىرىكچىلىك قىلىشى ئۈچۈن تىنچ مۇھىت يارىتىپ بېرىۋاتقان جامائەت خەۋپسىزلىكى ئامانلىق قوغداش خادىملىرىنىڭ بېشىغا كېلىشىنى ئەسلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى.

1 - يىڭ شتابى جەنۇبتىن شىمالغا قارايدىغان، شەرق - شىمال يۆنىلىشى « I » دېگەن خەتكە ئوخشاپ كېتىدىغان، خىشتىن قوپۇرۇلغان كاردورلۇق ئۆي بولۇپ، 149 - تۇەن شتابىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدىكى ئىككى كىلومېتىرچە يىراقلىقتىكى تاشيول بويىغا جايلاشقان. جىددىي خەۋەرلەرنى قوبۇل قىلىش ۋە بىر تەرەپ قىلىشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، تۇەن - مەيدان ساقچىخانىسىنىڭ مەركىزىي ساقچى ئىشلىرى ئۇچاستىكىسى مۇشۇ يەردە تەسىس قىلىنغانىدى.

تاڭ سەھەر، ساقچى ئىشلىرى ئۇچاستىكىسىنىڭ باشلىقى جياڭ يۈبىن بىلەن ئامانلىق ساقلىغۇچى شى چۈنيۈڭ ئۇچاستىكا ياتىقىدا سىنئالغۇ كۆرۈۋاتاتتى. تۇيۇقسىز بىر نەپەر قوراللىق قاراقچى باستۇرۇپ كىرىپ، سىنئالغۇ كۆرۈۋاتقان جياڭ يۈبىن بىلەن شى چۈنيۈڭغا قارىتىپ تۆت پاي ئوق ئاتتى. بۇ ئىككىيلەن ئىنكاس قايتۇرۇشقا ئۈلگۈرمەيلا نەق مەيداندا ئۆلدى. ھېلىقى قاراقچى جياڭ يۈبىننىڭ «54» تىپلىق تاپانچىسىنى ۋە 11 پاي ئوقىنى بۇلاپ، ئۆينىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرۈپ، ئىشىكنى ئېتىپ ئۇچاستىكىدىن قېچىپ چىقتى - دە، موتسىكلىتقا مىنىپ شىخەنزە تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 7 يېرىمدا 149 - تۇەن - مەيدان 1 - يىڭ شتابىدىكى رادىئو رېمونت قىلىدىغان يەككە تىجارەتچى بەي جيەنشىن جياڭ يۈبىندىن سىنئالغۇنى سوراش ئۈچۈن ساقچى ئىشلىرى ئۇچاستىكىسىغا كەلدى. ئۇ ئىشىكنى خېلى ئۇزاق چەككەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆي ئىچىدىن ھېچقانداق تىۋىش ئاڭلانمىدى. بەلگىلىمە بويىچە ساقچىلار ئۇچاستىكىدىن 24 سائەت ئايرىلماي تۇرۇشى، خەۋەرلەرنى ۋاقتىدا قوبۇل قىلىشى ۋە بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك ئىدى. ھازىر ئۇچاستىكىدا نېمە ئۈچۈن بىرمۇ ئادەم بولمايدۇ؟ بەي جيەنشىن بىردەم تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، ئىشىك يوچۇقىدىن قاراپ، پەقەت شى چۈنيۈڭنىڭ كارىۋاتتا ياتقانلىقىنىلا كۆردى. ئەجەبا شى چۈنيۈڭ شۇنچىۋالا قاتتىق ئۇخلاپ كېتەرمۇ؟ بەي جيەنشىن ئۆينىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ دېرىزىدىن سىنچىلاپ قاراپ، چېكىسىدىن تەر چىقىپ كەتتى. جياڭ يۈبىننىڭ بەدىنىدە قان ئىزلىرى تۇراتتى. . .

«110» ئەھۋالنى ناھايىتى تېزلىكتە شىخەنزە شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جاڭ ۋەنشۈنگە خەۋەر قىلدى. جاڭ ۋەنشۈن خۇددى ئېغىر زەربىگە ئۇچرىغاندەك قوشۇمىسىنى تۈردى: يەنە بىر قېتىملىق قوراللىق دېلو. قارا نىيەتچىلەر بىزنىڭ شىخەنزىنىڭ ساقچىلىرى بىلەن ئېگىز - پەسلىك تالىشىۋاتامدىغاندۇ؟ نەچچە ئون يىل ساقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان غەربىي شىماللىق بۇ ئەزىمەت بىردىنلا ئاچچىقلىنىپ كەتتى ۋە مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى جۇ جۇەنچياڭغا جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى ۋە تېخنىك خادىملارنى باشلاپ تېزدىن نەق مەيدانغا يېتىپ بېرىش، ئالدىنئالا يېتىپ بارغان موسۇۋەن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ كادىر - ساقچىلىرى بىلەن بىرلىكتە نەق مەيداننى تەكشۈرۈش، ئەھۋال ئىگىلەش توغرىسىدا يوليورۇق بېرىپ، رازۋېتكا خىزمەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى.

## دېلولارنى بىرلەشتۈرۈپ ھۆكۈم قىلىش

«8 - ئاۋغۇست» پەۋقۇلئاددە قورال بۇلاش، قاتىللىق دېلوسى ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى رەھبەرلىرىنىڭ يۈكسەك دىققىتىنى قوزغىدى. ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى جىنايى ئىشلار رازۋېدا باشقارمىسىنىڭ باشلىقى جاڭ جۈمىن، بىڭتۇەن جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ياڭ خەيفېڭ قاتارلىقلار شىخەنزىگە بېرىپ بۇ دېلونى پاش قىلىشقا قوماندانلىق قىلىش ھەققىدە بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالدى.

«5 - ئىيۇل» ۋە «8 - ئاۋغۇست» تا يۈز بەرگەن ئىككى دېلودىكى نەق مەيداندىن تېپىلغان ماددىي پاكىتلارغا قارىتا تېخنىكىلىق خۇلاسە چىقىرىش ئارقىلىق، ئىككى دېلونىڭ ئوخشاش بىر قورال بىلەن سادىر قىلىنغانلىقى بېكىتىلدى. خۇلاسە نەتىجىسى ۋە تەكشۈرۈپ ئەھۋال ئىگىلەش جەريانىدا ئىنكاس قىلىنغان جىنايەت گۇمانلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارغا ئاساسەن ئىككى دېلونى بىرلەشتۈرۈپ رازۋېتكا قىلىش قارار قىلىندى.

نەچچە ۋاقىتتىن بېرى تىنچ بولۇپ كەلگەن «قۇملۇقتىكى مەرۋايىت»— شىخەنزە شەھىرى بىردىنلا داۋالغۇپ كەتتى. قىسقىغىنە ئىككى ئاي ئىچىدە ئارقا - ئارقىدىن ئىككى قېتىملىق قورال بىلەن دېلو سادىر قىلىش ۋەقەسى يۈز بەردى. بۇ شىخەنزىنىڭ تارىخىدا مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان ۋەقە ئىدى. كىشىلەر نەزەرىنى بىراقلا جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىغا، ساقچىلارغا ئاغدۇرۇشتى. تەبىئىيكى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى ۋە خەلق ساقچىلىرىنىڭ زىممىسىدىكى يۈك بارغانسېرى ئېغىرلاشقانىدى. شىخەنزە شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى تېزلىك بىلەن مەخسۇس دېلو رازۋېت قىلىشقا قوماندانلىق قىلىش شتابى قۇرۇپ، بارلىق ساقچىلارنى 5 چوڭ گۇرۇپپىغا بۆلۈپ، رازۋېت قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. رازۋېتكا قىلىش دائىرىسىنى 149 - تۇەن - مەيداندىن 141 - تۇەن - مەيدانغىچە بولغان لىنىيىدىكى شىخەنزە شەھىرى، ساۋەن ناھىيىسى، شايىدى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىنىڭ ھەرقايسى تۇەن - مەيدانلىرى، ماناس ناھىيىسى، موسۇۋەن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدىكى ھەرقايسى تۇەن - مەيدانلار، يېزا ئىگىلىك 6 - شىسىنىڭ شىنخۇ دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە فاڭساۋخۇ باش مەيدانى قىلىپ بېكىتىپ، كۈيتۇن، قۇتۇبى، سانجى ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىگە سوزۇلغان رازۋېتكا خىزمىتىگە ياخشى ئىدىيىۋى تەييارلىق قىلدى.

ھەرقايسى گۇرۇپپىلار ئوخشاش بولمىغان ۋەزىپىلەر بويىچە جىددىي خىزمەتكە كىرىشىپ كەتتى. ئالدى - كەينى بولۇپ، 254 خىل قورال تەكشۈرۈلدى. 2900 دىن كۆپرەك ئادەمدىن ئەھۋال ئىگىلەندى. 25 تۈرلۈك يىپ ئۇچى تۇپلاندى، موتسىكلىت مىنىشنى بىلىدىغان 400 دىن كۆپرەك ئادەمگە قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى.

8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ج خ مىنىستىرلىقى 5 - ئىدارىسى توپىلاڭنىڭ ئالدىنى ئېلىش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى شۇ، بىڭتۇەن ج خ ئىدارىسىنىڭ پارتكوم شۇجىسى ياڭ سى، شىخەنزە سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى جاڭ زۇشۇلار ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جاڭ ۋەنشۈن، مۇئاۋىن باشلىقى ياڭ جياڭلارنىڭ ھەمراھلىقىدا نەق مەيداننى تەكشۈردى. دوكلاتلارنى ئاڭلىدى، مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمەتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، خەلق ساقچىلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىق روھىغا زور ئىلھام بەردى.

كادىر - ساقچىلار ناھايىتى ئالدىراش چېپىپ يۈرۈپ، 10 كۈن ۋاقىتنىڭ قانداقلارچە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ سەزمەي قېلىشتى. بىراق دېلو رازۋېت قىلىشتا ھېچقانداق روشەن ئىلگىرىلەش يوق ئىدى. «97 - يىللىق ئۈرۈمچى سودا كېڭىشىش يىغىنى» ئېچىلىش ئالدىدا تۇراتتى. پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىمۇ كۈنسېرى يېقىنلاپ قالغانىدى. شۇڭا بۇ ئېغىر يوشۇرۇن ئاپەت ج خ ئورگانلىرىنىڭ پەقەت ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچىلا ئىشلىشىنى، قائىدە - تۈزۈمگە قاتتىق ئەمەل قىلىشىنى تەلەپ قىلاتتى. كۈرەشنىڭ تەشەببۇسكارلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش، دېلونى بار ئىمكانىيەت بىلەن تېز پاش قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق ج خ نازارىتىنىڭ نازىرى جاڭ شيۇمىڭ ۋەزىيەتنى ئەتراپلىق كۆزىتىپ، جىنايى ئىشلار رازۋېتكا خىزمىتىنى ئاساسلىق باشقۇرىدىغان مۇئاۋىن نازىر ياڭ دېلوغا ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلىپ، «5 - ئىيۇل»، «8 - ئاۋغۇست» قوراللىق دېلولىرى ھەققىدە كوللېكتىپ تەكشۈرۈش يىغىنى چاقىرىپ، دېلونىڭ بۆسۈش ئېغىزىنى تېپىشنى ھاۋالە

قىلدى.

18 - ئاۋغۇست، بىڭتۇەن ج خ ئىدارىسى، شىخەنزە شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى، يېزا ئىگىلىك 6 - شى ج خ باشقارمىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى قاتناشقان «5 - ئىيۇل»، «8 - ئاۋغۇست» دېلولىرى ھەققىدىكى كوللېكتىپ دېلو تەھلىل قىلىش يىغىنى بىڭتۇەن ج خ ئىدارىسىدە چاقىرىلدى. يىغىندا يۇقىرىدىكى ئىككى دېلو ئەستايىدىل تەھلىل قىلىنغان ئاساستا تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىندى: بىرىنچى، جىنايەت گۇماندارلىرى دېلو يۈز بەرگەن 141 - ۋە 149 - تۇەن - مەيدانلىرىدا بولماستىن، بەلكى بۇ ئىككى ئورۇندىن يىراق بولمىغان باشقا بىر يەردە؛ ئىككىنچى، جىنايەت گۇماندارلىرىنىڭ قورال بۇلاشتىكى مۇددىئاسى تېخىمۇ زور دېلو سادىر قىلىش، ئېھتىماللىقى ئەڭ چوڭ بولغىنى پۇل بۇلاش، پۇل - بايلىق جۇغلانغان يەرگە ئۇشتۇمتۇت باستۇرۇپ كىرىش. يىغىندا، ھەرقايسى ئورۇنلاردىن قايتقاندىن كېيىن تېزلىكتە ھەرىكەتلىنىپ، ئەھۋالنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ئۇقتۇرۇش، بانكا قاتارلىق پۇل - مۇئامىلە ئورۇنلىرىنىڭ بىخەتەرلىك خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، سۇ كەلگۈچە توغان سېلىپ تۇرۇش تەلەپ قىلىندى.

يىغىن ئاخىرلىشىش بىلەنلا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى يىغىن روھىنى پۈتۈن شەھەردىكى ھەرقايسى ئورۇنلاردا، بولۇپمۇ پۇل - مۇئامىلە سىستېمىلىرىدا دەرھال ئەمەلىيلەشتۈردى. ئەمما دەل شۇ كۈنى قارا نىيەت جىنايەتچىلەر ئۈرۈمچى شەھىرىگە قەدەم بېسىپ، ئاچ قالغان بۆرىگە ئوخشاش تۆت تەرەپتىن ئولجا ئىزدەشكە كىرىشكەنىدى. 19 - ئاۋغۇست، شىنجاڭنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن پەۋقۇلئاددە زور قوراللىق بۇلاڭچىلىق، قاتىللىق دېلوسى ئۈرۈمچىنىڭ يەنئەن يولىدىكى چېگرا رايون مېھمانخانىسىنىڭ سودا شەھىرىدە يۈز بەردى. بۇ دېلو ج خ ئورگانلىرىنىڭ تەھلىلىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىسپاتلىدى.

ئۈرۈمچى ۋە شىخەنزىدە يۈز بەرگەن ئۈچ قېتىملىق قوراللىق بۇلاڭچىلىق دېلوسى شىنجاڭدىكى 97 - يىللىق بىر قاتار قوراللىق دېلولار قاتارىغا قويۇلۇپ، بارلىق جىنايى ئىشلار چوڭ دېلولىرىنىڭ بېشىغا تىزىلدى.

## يەنە بىر قېتىم دېلولارنى بىرلەشتۈرۈپ ھۆكۈم قىلىش

«19 - ئاۋغۇست» دېلوسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق ج خ نازارىتى ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئورگىنىنىڭ رەھبەرلىرى «19 - ئاۋغۇست» دېلوسىنىڭ جىنايەت گۇماندارلىرىنىڭ شىخەنزىدىكى «5 - ئىيۇل» ۋە «8 - ئاۋغۇست» دېلوسىنىڭ جىنايەت گۇماندارلىرى بولۇش ئېھتىمالى ناھايىتى چوڭ ئىكەنلىكىنى سەگەكلىك بىلەن ھېس قىلدى. جىنايى ئىشلار رازۋېتكا تېخنىك خادىملىرى «5 - ئىيۇل»، «8 - ئاۋغۇست»، «19 - ئاۋغۇست» دېلولىرىنىڭ نەق مەيداندىن تېپىلغان ماددىي پاكىتلارغا قارىتا سېلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلىش ئېلىپ بېرىپ، ئۈچ قېتىملىق دېلونىڭ ئوخشاش بىر قورال بىلەن سادىر قىلىنغانلىقىنى مۇقىملاشتۇردى. ئۈچ قېتىملىق دېلونى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگۈچىلەر تەمىنلىگەن ئەھۋاللارنى ئومۇملاشتۇرۇپ چىقتى: جىنايەتچىلەر ئىككى ئەر كىشى، ئۇلارنىڭ بىرى ئېگىز، بىرى پاكار. «19 - ئاۋغۇست» دېلوسىدىكى مىلتىقلىق جىنايەتچىنىڭ بويى ئېگىزرەك بولۇپ، بويى 1.8 مېتىردىن ئېگىزرەك. خېبېي ياكى شەرقىي شىمال تەلەپپۇزىدا سۆزلەيدۇ، تاپانچا تۇتقۇچىنىڭ بويى پاكارراق بولۇپ، 1.7 مېتىر ئەتراپىدا، شىنجاڭ تەلەپپۇزىدا سۆزلەيدۇ. ئېگىز بوي دېلو سادىر قىلغاندا سالماق، يۈرەكلىك ھەم پەملىك بولۇپ، ئوق ئېتىشىمۇ ئۆلچەملىك، مەشىق قىلغانلىقى ناھايىتى روشەن. پاكار بويلۇق ناھايىتى ئەپچىل ماسلاشقان، ئەمما باشتىن - ئاخىر بىر پايمۇ ئوق ئاتمىغان.

ھەر تۈرلۈك ئەھۋاللارنى ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونلۇق ج خ نازارىتى كەسكىن ھۆكۈم چىقىرىپ، «5 - ئىيۇل»، «8 - ئاۋغۇست»، «19 - ئاۋغۇست» تىكى ئۈچ دېلونى بىرلەشتۈرۈپ رازۋېت قىلىشنى، ج خ نازارىتى بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلىپ، رازۋېتكا خىزمىتىنى ئۈرۈمچى ۋە شىخەنزە شەھىرىدە بىرلا ۋاقىتتا قانات يايدۇرۇشنى، مۇھىم نۇقتىنى شىخەنزىگە قارىتىشنى قارار قىلدى ھەمدە بۇ ئۈچ دېلونىڭ ئەھۋالىنى ج خ مىنىستىرلىقىغا دوكلات قىلدى.

شىنجاڭدىكى 97 - يىللىق قوراللىق دېلولار ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ھۆكۈمەت ۋە ج خ مىنىستىرلىقىنىڭ يۈكسەك دىققىتىنى قوزغىدى.

ج خ مىنىستىرلىقى شىنجاڭ تەمىنلىگەن ئەھۋاللارنى ناھايىتى تېزلىكتە 1996 - يىلى بېيجىڭ شەھىرى ۋە خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شۇشۈي ناھىيىسىدە يۈز بەرگەن «31 - مارت»، «7 - ئاپرېل»، «8 - ئاپرېل»، «22 - ئاپرېل»، «22 - ئىيۇل»، «16 - دېكابىر» دىكى 6 قېتىملىق دەرۋازا قاراۋۇللىرىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ قورال بۇلاش، چارلاش ساقچىلىرىغا قوراللىق ھۇجۇم قىلىش دېلولىرى بىلەن باغلاپ تەھلىل قىلدى. نەق مەيداندىكى ماددىي پاكىت قاتارلىق شەرتلەرنىڭ چەكلىك بولۇشى تۈپەيلىدىن، ئۇزاق رازۋېتكا قىلىنىپمۇ بۇ دېلولار پاش بولمىغانىدى. شىنجاڭدىكى جىنايى دېلولارنى تېخنىكىلىق تەكشۈرۈش نەتىجىسى بېيجىڭ، خېبېيلاردا يۈز بەرگەن بىرقاتار قوراللارغا چېتىشلىق دېلولارنى تېخنىكىلىق تەكشۈرۈش نەتىجىسى بىلەن ئۇرغۇن ئورتاقلىقلارغا ئىگە ئىدى. بولۇپمۇ ماددىي پاكىتلارنى تېخنىكىلىق تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە بەلگىلىك باغلىنىشلار بار ئىدى.

25 - ئاۋغۇست، ج خ مىنىستىرلىقى رەھبەرلىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، ج خ مىنىستىرلىقى 5 - ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جاڭ شىنفېڭ مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنى باشلاپ ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىپ، نەچچە يۈز كىلومېتىر ئارىلىقتا چېپىپ يۈرۈپ، شىخەنزىدىكى «5 - ئىيۇل»، «8 - ئاۋغۇست»، ئۈرۈمچىدىكى «19 - ئاۋغۇست» دېلولىرى يۈز بەرگەن نەق مەيداننى قايتا - قايتا تەكشۈردى.

27 -، 28 - ئاۋغۇست ئىككى كۈن ج خ مىنىستىرلىقى 5 - ئىدارىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ج خ نازارىتىدە بېيجىڭ، خېبېي، شىنجاڭدىن ئىبارەت ئۈچ ئورۇننىڭ جىنايى ئىشلار رازۋېتكا تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرىنى ۋە مۇناسىۋەتلىك مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىلىرىنى تەشكىللەپ، دېلولارنى بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلىش بىلەن بېيجىڭ، خېبېيلاردىكى قوراللىق دېلولارنى بىرلەشتۈرۈپ رازۋېت قىلىشنى قارار قىلدى. بۇ دېلو-

لارنىڭ بىرلەشمە نامىنى «بېيجىڭ، خېبېي، شىنجاڭدىكى بىر قاتار قورالغا چېتىشلىق دېلولار» قىلىپ بېكىتىپ، ئۇنى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بىرىنچى چوڭ دېلو قاتارىغا قويدى. يىغىندا، ھەرقايسى ئورۇنلاردىن ئەڭ ئاساسلىق كۈچنى رازۋېتكا خىزمىتىگە قارىتىپ، مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇكاپات، جازانى ئېنىق ئايرىپ، شىنجاڭدىكى يىپ ئۇچىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، بۇ دېلونى 15 - قۇرۇلتايدىن بۇرۇن پاش قىلىپ بولۇش تەلەپ قىلىندى.

بۇ قېتىمقى دېلولارنى بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلىش يىغىنى قاراڭغۇ كېچىدىكى نۇرلۇق چىراغقا ئوخشاش، ئۈچ ئورۇننىڭ دېلولارنى ماسلاشتۇرۇپ پاش قىلىشىغا روشەن يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى.

## چوڭ جەڭ مەيدانى تەسىس قىلىش

يىغىننىڭ روھىغا ئاساسەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ج خ نازارىتى پارتكومى قارار چىقىرىپ، شىنجاڭدىكى 97 - يىللىق بىر قاتار قورالغا چېتىشلىق دېلولارنى پاش قىلىشقا رەھبەرلىك قىلىدىغان مەخسۇس دېلو رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، مۇئاۋىن نازىر ياڭ دېلونى گۇرۇپپا باشلىقىغا، بىڭتۇەن ج خ ئىدارىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى، شىخەنزە شەھەرلىك ج خ ئىدارىلىرىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ۋە جىنايى ئىشلار رازۋېتكا تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرىنى گۇرۇپپا ئەزالىقىغا تەيىنلەپ، ئۈرۈمچى ۋە شىخەنزىدە زور جەڭ مەيدانى قۇرۇپ، پۈتۈن كۈچىنى دېلو پاش قىلىشقا قاراتتى. ئىلگىرىكى بىر مەزگىل ئىچىدە «5 - ئىيۇل»، «8 - ئاۋغۇست»، «19 - ئاۋغۇست» دېلولىرىنى رازۋېت قىلىش ئارقىلىق يەكۈنلەنگەن ئەھۋاللارغا ئاساسەن، مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى مەسئۇللىرى بېيجىڭ، خېبېي، شىنجاڭدىكى بىر قاتار قورالغا چېتىشلىق دېلولارغا نىسبەتەن شىنجاڭنى، شىنجاڭغا نىسبەتەن ھەربېي رايوننى، ھەربېي رايونغا نىسبەتەن شىخەنزىنى، شىخەنزىگە نىسبەتەن 147 - تۇەن - مەيداننى نۇقتىلىق ئورۇنغا قويۇش لازىملىقىنى ئېنىق قىلىپ ئوتتۇرىغا قويدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىدىن بىر قىسىم تايانچ رازۋېتچىكلارنى شىخەنزە رايونىغا ۋاقىتلىق يۆتكەپ، نۇقتىلىق تەكشۈرۈش خىزمەتلىرىگە قاتناشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

شىخەنزە كۈچلۈك دېلو پاش قىلىش قوشۇنى سەپلەپ بولدى.

ئەمەلىيەتتە، «5 - ئىيۇل»، «8 - ئاۋغۇست» دېلولىرى يۈز بەرگەندىن كېيىن، شىخەنزە ساقچى تەرەپ ئاچقۇچنى يېتەرلىك بۇراپ قويۇلغان سائەتكە ئوخشاش زادىلا توختاپ قالمىغانىدى. دېھقانلار كۈزلۈك يىغىم بىلەن ئالدىراش، ھەممە ئادەم سەھەر چىقىپ، كەچ قايتىپ، پاختا تېرىش بىلەن مەشغۇل ئىدى. بۇ ئەھۋال تەكشۈرۈش خىزمىتىگە ناھايىتى زور قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. بىراق، رازۋېتكا خادىملىرى بۇنىڭلىق بىلەن زادىلا بوشىشىپ قالمىدى. ئۇلارمۇ ئوخشاشلا سەھەر تۇرۇپ كەچ قايتىپ، بۆلۈنۈپ ئېتىز - ئېرىقلارغا باردى. قەيەردە پاختىكار دېھقانلار بولسا، ئۇلارمۇ شۇ يەرگە بېرىپ، ھەر بىر گۇمانلىق يىپ ئۇچىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئىزدەيتتى.

16 - ئاۋغۇست، 147 - تۇەن - مەيداندىكى بىر تازىلىق ئىشچىسى تازىلىق قىلىۋېتىپ، «8 - ئاۋغۇست» دېلوسىدىكى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى جياڭ يۈبىننىڭ قورال تۇتۇش گۇۋاھنامىسىنى تېپىۋېلىپ، ئەھۋالنى ج خ ئىدارىسىگە دوكلات قىلدى.

جياڭ يۈبىن 149 - تۇەن - مەيداننىڭ مەركىزىي ساقچى ئىشلىرى ئۇچاستكىسىنىڭ ساقچىسى بولۇپ، 149 - تۇەن - مەيداندا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان. ئۇنىڭ قورال تۇتۇش گۇۋاھنامىسى نېمە ئۈچۈن نەچچە ئون كىلومېتىر يىراقلىقتىكى 47 - تۇەن - مەيدانغا تاشلاپ قويۇلىدۇ؟ بۇ نۇقتا دەرھال شىخەنزە ساقچى تەرەپنىڭ يۈكسەك دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. ساقچى تەرەپ جىنايەت گۇماندارلىرى چوقۇم 147 - تۇەن - مەيدانغا كەلگەن، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ 147 - تۇەن - مەيداندىكى مەلۇم ئادەملەر بىلەن بەلگىلىك مۇناسىۋىتى بار دەپ ھۆكۈم چىقاردى.

18 - ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى چېگرا رايون مېھمانخانىسىنىڭ سودا بازىرىدا پەۋقۇلئاددە زور قوراللىق بۇلاڭچىلىق، قاتىللىق دېلوسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى نەق مەيداندىن تېپىلغان ماددىي پاكىتلارنى تېخنىكىلىق تەكشۈرۈش ئارقىلىق، قورال خالتىسىنىڭ زەختى شىخەنزە رايونىغا مۇناسىۋەتلىك دېگەن قاراشقا كەلدى. شۇ كۈنى كەچتە شىخەنزە شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جۇ جۈەنچياڭ، جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى گۇڭ شىڭيەن دەرھال ئۈرۈمچىگە كېلىپ، بۇ ماددىي پاكىتنى ئېلىپ كېتىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. . .

21 - ئاۋغۇست، زىيارەت قىلىپ تەكشۈرۈش خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولغان شىخەنزە شەھەرلىك جىنايى ئىشلار رازۋېتكا ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سى شىڭگۇاڭ شىخەنزە شەھىرىدىكى كىرا ماشىنىسى شوپۇرلىرىنىڭ شۇ كۈنلۈك بىخەتەرلىك ئۆگىنىش ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، بارلىق شوپۇرلارغا دېلو ئەھۋالىنى ئوقتۇرۇپ، ئۇلاردىن يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەشنى تەلەپ قىلدى.

22 - ئاۋغۇست چۈشتىن بۇرۇن، مۇسۇۋەن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لىيۇ جاۋجۈن 147 - تۇەن - مەيدان ساقچىخانىسىغا مۇشۇ تۇەن - مەيداندىكى موزدۇزلاردىن بۇ قورال خالتىسىنىڭ تىكىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشنى ئورۇنلاشتۇردى. ئامانلىق ساقلاش خادىمى لى يادۇڭ تەكشۈرۈۋاتقان چاغدا، لىيۇ فامىلىلىك بىر موزدۇز مۇنداق دېدى:

— بۇ يىل 5 - ئاينىڭ ئاخىرى، 6 - ئاينىڭ باشلىرىدىكى بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 6 لەردە، بىرسى ئېگىز، بىرسى پاكار ئىككى ياش موتسىكلىتقا مىنىپ كېلىپ، بىر خالتا تىكىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئىشلىتىدىغان رەخت ئىنچىكە يۇڭلۇق كىگىز رەخت بولغاچقا، مەن بىلەن بىللە كەلگەن يايما ئاچىدىغان بىر موزدۇز بىرنەچچە يىڭنە سانچىۋىدى، يىڭنىسى سۇنۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى قولۇمدا تىكىشكە ماڭا بەردى. خالتىنى نەچچە سائەتتە ئاران تىكىپ بولدۇم. خالتا تىكىۋاتقان چاغدا، ئۇلارنىڭ قىلىشقان گەپلىرىدىن ئۇلار ماڭا بۇ يەرگە يات ئەمەستەكلا بىلىندى. ئۇلار تېخى مۇشۇ تۇەندىكى بىرنەچچە ئادەمنىڭ ئىسمىنى تىلغا

ئالدى. ئۇلارنىڭ بىرسى مۇشۇ يەرنىڭ تەلەپپۇزىدا سۆزلىدى. يەنە بىرسىنىڭ ئاھاڭى ناھايىتى يېقىملىق ئىكەن، تەلەپپۇزى شەرقىي شىمال ياكى خېبېينىڭكىدەك قىلىدۇ. كىيىۋالغان كىيىملىرىدىن ئۇلار يىراق يەردىن موتسىكلىت مىنىپ كەلگەندەك ئەمەس، مۇشۇ يېقىن ئەتراپتا تۇرىدىغاندەك قىلىدۇ.

بۇ ئادەمنى روھلاندۇرىدىغان يىپ ئۇچى ئىدى. بۇ يىپ ئۇچىنىڭ ئىشەنچلىكلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئەتىسى شىخەنزە شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سى شىنگۇاڭ قاتارلىقلار بۇ خالتىنى ئاپىرىپ لىۇ فامىلىلىك موزدۇزغا كۆرسەتتى. لىۇ موزدۇز بىر كۆرۈپلا:

— چاتاق يوق، بۇ دەل مەن تىككەن خالتا،— دېدى.

بۇ يىپ ئۇچى ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. ساقچىلار گويا شادلاندۇرۇش دورىسى ئىچكەندەكلا خۇش بولۇپ كەتتى.

بۇ يىپ ئۇچى ھەمدە 147 ـ، 141 ـ، 149 ـ تۇەن ـ مەيدان ۋە شىخەنزە شەھىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىغا ئاساسەن، شىخەنزە مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى جىنايەت گۇماندارلىرى 147 ـ تۇەن ـ مەيدانغا يوشۇرۇنغان بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن، دېگەن يەكۈننى چىقاردى ھەم رازۋېتكا كۈچلىرىنى تېزلىك بىلەن تەڭشەپ، 147 ـ تۇەن ـ مەيداننى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك باشلىۋەتتى.

دېلو پاش قىلىش خىزمىتى «فوكۇسلاش» ئارقىلىق تېخىمۇ چوڭقۇرلۇققا قاراپ يۈزلىنىشكە باشلىدى. 31 ـ ئاۋغۇست، 97 ـ يىللىق بىر قاتار قورالغا ئائىت دېلولارنىڭ مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى شىخەنزىدە بىرلەشمە يىغىن ئۆتكۈزدى. ج خ نازارىتى، ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى، شىخەنزە، سانجى ئوبلاستى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى، قۇتۇبى ناھىيىسى، ماناس ناھىيىسى، ساۋەن ناھىيىسى، يېڭى ئىگىلىك 6 ـ شى فاڭساۋخۇ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى ج خ ئىدارىسى رەھبەرلىرىدىن بولۇپ 26 نەپەر كىشى بۇ يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا شىخەنزە ئەتراپىدىكى رايونلار ج خ ئورگانلىرىنىڭ تەكشۈرۈش خىزمىتىنى كۈچەيتىشكە يېڭى تەلەپلەر قويۇلۇپ، ئىنچىكە خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلدى.

شىخەنزە ئاساسلىق جەڭ مەيدانى قىلىنىپ، دېلو پاش قىلىش كۈچلۈك قوشۇنى سەپراس بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، قوشنا رايونلارنىڭ ج خ ئورگانلىرىمۇ باشقا بىر جەڭ مەيدانى تەسىس قىلىپ، نۇرغۇنلىغان ئىنچىكە خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى كېچە ـ كۈندۈز ئىشلەپ، چېگرا رايون مېھمانخانىسىنىڭ سودا بازىرى ئىچىدىكى مىڭدىن كۆپرەك ئىشچى ـ خىزمەتچىنى زىيارەت قىلىپ تەكشۈردى؛ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قورۇسى ئىچى ۋە كىچىك دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى ئۇياق ـ بۇياقتا كېتىۋاتقان كىشىلەرنى زىيارەت قىلىپ تەكشۈردى.

چېگرا رايون مېھمانخانىسىدا سودا ـ سېتىق قىلىدىغان 624 يايما، 12 شىركەت، 110 موتورلۇق ماشىنا ۋە نەق مەيدان ئۆپچۆرىسىدىكى 315 ئائىلىلىك پۇقرانى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈردى ھەمدە 20 نەپەر تايانچ رازۋېتچىكنى شىخەنزە 147 ـ تۇەن ـ مەيدانغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى ج خ ئورۇنلىرىنىڭ دېلونى پاش قىلىشقا ياردەملىشىشكە ئورۇنلاشتۇردى.

سانجى، يېڭى ئىگىلىك 6 ـ شى، كۈيتۈن، ساۋەندىكى ج خ ئورۇنلىرىمۇ نۇرغۇن ساقچى ئاجرىتىپ، ئۆز رايونى ئۆپچۆرىسىدە زىيارەت قىلىپ تەكشۈرۈش، تۇسۇش، گۇمانلىق كىشىلەرنى تەكشۈرۈش، مۇناسىۋەتلىك يىپ ئۇچلىرىنى ئېنىقلاش خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا بۇ بىر قاتار قورالىق دېلولارغا مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى ئۆز ئورنىدىن بايقاپ چىقىشنى ئۈمىد قىلاتتى. سانجى ئوبلاستى ۋە يېڭى ئىگىلىك 6 ـ شىسى ج خ ئورگانلىرىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، 19 ـ ئاۋغۇستتىن 10 ـ سېنتەبىرگىچە دېلو پاش قىلىش خىزمىتىگە قاتناشقان ساقچى 702، ماشىنا 125، زىيارەت قىلىنغان ئادەم 10 مىڭ 200 دىن كۆپرەك، تەكشۈرۈلگەن مېھمانخانا 266، يوللاردىكى تەكشۈرۈش پونكىتلىرىدا تەكشۈرۈلگەن ماشىنا 150 مىڭدىن، تەكشۈرۈلگەن ئادەم 600 مىڭدىن كۆپرەك بولغان. جىنايەتچىلەرنىڭ تەقلىدىي سۈرىتى تېلېۋىزوردا 29 قېتىم كۆرسىتىلگەن.

## جەڭ ئۇتۇقلىرىنى كېڭەيتىش

ھەرقايسى تارماقلاردىكى سەرخىل كۈچلەر ئۆز ھۈنىرىنى كۆرسىتىش ئالدىدا تۇرغان پەيتتە، سانجى ئوبلاستلىق ج خ ئىدارىسى يەنە ئىككى دېلو دوكلاتىنى تاپشۇرۇۋالدى: 29 ـ ئىيۇل ماناس ناھىيە گۇاڭدۇڭدى يېزىسىدىكى ۋاڭ جىپىڭ 125 تىپلىق قىزىل رەڭلىك موتسىكلىتىنى مىنىپ بېيۋۇچا يېزىسىغا كېتىۋاتقاندا تۇيۇقسىز يوقاپ كەتكەن. 2 ـ ئاۋغۇست، بۇ موتسىكلىت ماناس يېڭى ئىگىلىك 6 ـ شىسى شىنخۇ يېڭى ئىگىلىك مەيدانى 7 ـ لىيەنىدىكى غول ئۆستەڭنىڭ كۆۋرۈكى ئاستىدىن بايقالغان، ئۇنىڭ ئىككى چاقى بۇزۇۋېتىلگەن، نومۇر تاختىسى ئېلىپ كېتىلگەن. 29 ـ ئاۋغۇست، بىر چارۋىچى فۇكاڭ بوغدا مەنزىرە رايونى داگودى جىلغىسىنىڭ تاغ قاپتىلىدىن بىر ئەرنىڭ جەسىتىنى بايقىغان، جەسەتنىڭ يۈزى كۆيدۈرۈۋېتىلگەن، جەسەتنىڭ ئەتراپىدىن بىرقانچە تال «7.62» مىللىمېتىرلىق ئوق مىشىكى تېپىلغان.

1 ـ سېنتەبىر ج خ نازارىتى بۇ بىر قانچە تال ئوقنى تېخنىكىلىق تەكشۈرۈش ئارقىلىق، بۇ ئوقلارنىڭ شىخەنزە 149 ـ تۇەن ـ مەيداندىكى «8 ـ ئاۋغۇست» دېلوسىدا بۇلاپ كېتىلگەن «54» تىپلىق تاپانچىدىن ئېتىلغانلىقىنى يەكۈنلەپ چىقتى.

شۇ كۈنى، شىنجاڭدىكى 97 ـ يىللىق بىر قاتار قورالىق دېلو گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق ج خ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى ياڭ دېلۇ بىلەن ج خ مىنىستىرلىقى 5 ـ ئىدارىسى 1 ـ باشقارمىسىنىڭ باشلىقى لىۇ شياۋخۇي، ئاپتونوم رايونلۇق ج خ نازارىتى 4 ـ باشقارمىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى، سانجى ئوبلاستلىق ج خ ئىدارىسى، فۇكاڭ شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ 50 دىن ئارتۇق رازۋېتكا خادىمىنى باشلاپ بوغدا كۆلىدىكى دېلو سادىر بولغان نەق مەيدانغا بېرىپ، ئومۇمىيۈزلۈك، ئىنچىكە تەكشۈرۈش ۋە ئاختۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، ئۆلگۈچىنىڭ 26 ـ ئاۋغۇستتا ئۆلگەنلىكىنى مۇقىملاشتۇردى.

«26 ـ ئاۋغۇست» ئادەم ئۆلتۈرۈپ جەسەتنى كۆيدۈرۈش
دېلوسى شىنجاڭدىكى 97 ـ يىللىق بىر قاتار قوراللىق دېلولاردا
يېڭى بۆرۈلۈش ھاسىل قىلدى. «26 ـ ئاۋغۇست» ئادەم ئۆلتۈرۈپ
جەسەتنى كۆيدۈرۈش دېلوسى تەھلىل قىلىنىش ئارقىلىق، بۇ دې-
لونى بىر قاتار قوراللىق قاتىللىق دېلولىرىنىڭ جىنايەت گۇماندا-
رىنىڭ گۇۋاھچىنى ئۆلتۈرۈپ جىنايەت ئىزىنى يوقىتىش ئۈچۈن
سادىر قىلغان. يەنە كېلىپ، «باشقا يەرلىك»، «شىنجاڭلىق» نى
ئۆلتۈرگەن، پەقەت ئۆلگۈچىنىڭ كىملىكى ئېنىقلانسىلا، بېيجىڭ،
خېبېي، شىنجاڭدىكى بىر قاتار قوراللىق دېلولارنىڭ بۆسۈش ئېغى-
زىنى تاپقىلى بولىدۇ، دېگەن يەكۈن چىقىرىلدى.

شۇنىڭ بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق ج خ نازارىتى دەرھال
شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئۆلگۈچىنىڭ كىملىكىنى ماسلا-
شىپ تەكشۈرۈش ھەققىدە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش تارقاتتى. ھەرقاي-
سى ئورۇنلاردىن تېزدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ، جىددىي تەكشۈرۈشنى
تەلەپ قىلدى. شىخەنزە ج خ ئورگانلىرىدىن 147 ـ تۇەن ـ مەيدان
ۋە ئەتراپىدىكى رايونلاردىكى «26 ـ ئاۋغۇست» تىكى جەسەتنىڭ
ئالاھىدىلىكلىرىگە ماس كېلىدىغان سىرتقا چىقىپ كەتكۈچىلەر يا-
كى يوقىلىپ كەتكۈچىلەرنى بىرمۇ بىر تەكشۈرۈشنى ئالاھىدە تەلەپ
قىلدى. ھەرقايسى تۈرمىلەردىن، بولۇپمۇ شىخەنزە رايونى تۈرمە-
سىدىن ئازاد قىلىنغان، قېچىپ كەتكەن، مۇددىتى ئۆتۈپ كەتسىمۇ
قايتمىغان باشقا يەرلىك جىنايەتچىلەرگە قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ
بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

شىخەنزە تۈرمىسى ج خ نازارىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا جىد-
دىي ماسلىشىپ، شۇ يەردىكى ج خ ئورگانلىرى بىلەن بىرلىكتە
زور تۈركۈمدىكى جىنايەتچىلەرنىڭ ماتېرىيالىنى تەكشۈرۈپ چىق-
تى.

30 ـ ئاۋغۇست چۈشتىن كېيىن، جىنايى ئىشلار ساقچى
ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى داڭ شىنمىن قاتارلىق كىشىلەر
141 ـ تۇەن ـ مەيداندىكى «5 ـ ئىيۇل» دېلوسى يۈز بەرگەن
نەق مەيداننىڭ جەنۇبىدىكى 600 مېتىر يىراقلىقتىكى ئاق قارىيا-
غاچ بەلبېغىدا ئۈرۈمچىدىكى «19 ـ ئاۋغۇست» دېلوسىدا تېپىلغان
قورال خالتىسى بىلەن ئوخشاش بولغان بىر كونا بېرزىنت قاپ،
بىر لوم تۆمۈر ھەمدە جىنايەتچى بۇ يەردە ئارام ئالغان چاغدا يېگەن
يېمەكلىكلەرنىڭ شۆپەكلىرىنى بايقىدى.

نەق مەيدان ماددىي پاكىتلىرىغا مەسئۇل بولغان جىنايى ئىشلار
رازۋېتكا ئەترىتى تېخنىكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جياڭ يۈەنچاۋ ھەم-
راھلىرى بىلەن بۇ لوم تۆمۈرنى ئېلىپ، توپتوغرا 5 كۈن چېپىپ،
ئاخىرى 148 ـ تۇەن ـ مەيداندىن بۇ لوم تۆمۈرنى سوققان تۆمۈر-
چىنى تاپتى. تۆمۈرچى مۇنداق دېدى:

— بۇ لوم تۆمۈرنى بىرسى ئېگىز، بىرسى پاكار ئىككى ياش
ماڭا سوقتۇرغان. لوم تۆمۈر ئىككى تال ئىدى. 5 ـ ئاينىڭ
ئاخىرلىرىدا سوققان.

بىرسى ئېگىز، بىرسى پاكار ئىككى ياش زادى كىم؟

بۇغدا كۆلىدە ئېتىپ ئۆلتۈرۈلۈپ، يۈزى كۆيدۈرۈۋېتىلگەن
كىشى زادى كىم؟

بۇ ئىككى ئاساسلىق گۇمانلىق نۇقتىنى چۆرىدىگەن ھالدا،
ھەرقايسى جايلاردىكى ج خ ئورگانلىرى ئاپتونوم رايونلۇق ج خ
نازارىتى مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسىنىڭ بىر تۇتاش قوماندانلىقى
ئاستىدا ئامىمنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، يىپ ئۇچى مەنبەلىرىنى كې-
ڭەيتتى.

2 ـ سېنتەبىر، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇە-
نى پارتكومى بىڭتۇەننىڭ 97 ـ يىللىق بىر قاتار قوراللىق دېلولار-
نى تەكشۈرۈشنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمەت يىغىنىنى چاقىردى.
بىڭتۇەن پارتكومىنىڭ ھەيئەي ئەزاسى، مۇئاۋىن قوماندان، سىيا-
سىي ـ قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ خەنرۇ يىغىنغا رىياسەت-
چىلىك قىلدى. يىغىنغا ج خ، تۈرمە باشقۇرۇش، قوراللىق ساق-
چى قىسىم، ھەربىي قىسىم قاتارلىق ئورۇنلار ۋە مۇناسىۋەتلىك
شى، تۇەن رەھبەرلىرىدىن بولۇپ 39 كىشى قاتناشتى. يىغىندا،
ئاپتونوم رايونلۇق ج خ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى ياڭ دېلۇ،
بىڭتۇەن ج خ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ياڭ خەيفېڭ ئاي-
رىم ـ ئايرىم ھالدا بېيجىڭ، خېبېي، شىنجاڭدىكى بىر قاتار
قوراللىق دېلولارنىڭ ۋە يېقىندا بايقالغان «26 ـ ئاۋغۇست» دېلو-
سىدىكى ئىسمى نامەلۇم بولغان جەسەتنىڭ ئەھۋالىنى دوكلات قىل-
دى. يىغىندا، بېيجىڭ، خېبېي، شىنجاڭدىكى بىر قاتار قوراللىق
دېلولارنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى شىنجاڭ، شىنجاڭنىڭ مەركىزىي
نۇقتىسى بىڭتۇەن، بىڭتۇەننىڭ مەركىزىي نۇقتىسى شىخەنزە،
شىخەنزىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى 147 ـ تۇەن ـ مەيدان ئىكەنلىكى
يەنە بىر قېتىم تەكىتلەندى. مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ياڭ خەيفېڭ
ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ تەكشۈرۈش ۋاقتى ۋە ئىنتىزام تەلەپلىرىنى
بەلگىلەپ بەردى. ۋاڭ خەنرۇ ئېنىق قىلىپ، كىم مۇشۇ يىغىننىڭ
روھى بويىچە ئىش قىلمىسا، شۇنىڭ جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلى-
دۇ، دەپ كۆرسەتتى.

بۇ قېتىمقى يىغىن گەرچە قىسقا بولغان بولسىمۇ، لېكىن
يىغىنغا قاتناشقان رەھبەرلەرنىڭ يۈكسەك دىققەت ـ ئېتىبارىنى
قوزغاپ، دېلونىڭ پاش قىلىنىش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، دېلو
بېجىرىش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى.

شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ج خ مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن
مىنىستىرى بەي جىڭفۇنىڭ يوليورۇقى ۋە نازىر جاڭ شيۇمىڭنىڭ
تەيىنلىشى بىلەن، مۇئاۋىن نازىر ياڭ دېلۇ ۋە ج خ مىنىستىرلىقى
5 ـ ئىدارىسى 1 ـ باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ليۇ شياۋخۇي شىخەنزى-
گە كېلىپ، دېلو پاش قىلىشقا قوماندانلىق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن
بىر ۋاقىتتا، يېزا ئىگىلىك 8 ـ شىسىنىڭ سىياسىي كومىسسارلى-
قى بىلەن شىخەنزە شەھىرىنىڭ شەھەر باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى
تەڭ ئۆتەۋاتقان ما رۇڭ ئۈرۈمچىدىكى شىخەنزە سارىيىدا شىخەنزە
رايونىنىڭ يىغىنىنى چاقىرىپ، چۈشتىن بۇرۇن بىڭتۇەن قوماندانى
ۋاڭ خەنرۇ تەشكىللىگەن يىغىننىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈردى.
يىغىندا، شىخەنزە قوراللىق ساقچى قىسىم 6 ـ ئەترەتنىڭ باشلىقى
ليەن ساڭباۋ 7 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا ئىلگىرى شىنئەن تۈرمىسىدە
ياتقان بېيجىڭلىق بىر جىنايەتچىنىڭ ئۆزىنى نازارەت قىلغان ھەر-
بىي سەپتىن قايتقان ساقچىنى ئىزدەپ ئوق سورىغانلىقىنى ئىنكاس
قىلدى.

مۇئاۋىن نازىر ياڭ دېلۇ شىنجاڭ ساقچىلىرىنىڭ يۇقىرى دەرد-

جىلىك قوماندانى بولۇش سۈپىتى بىلەن، نەچچە ئون يىللىق جىنايەتچى ئۇنسۇرلار بىلەن ھەپىلىشىش تەجرىبىسىگە ئاساسەن شۇنى سەزگۈرلۈك بىلەن ھېس قىلدىكى، بۇ ئىنتايىن مۇھىم بىر يىپ ئۇچى، شىنجاڭدىكى 97 - يىللىق بىر قاتار قوراللىق دېلولارنىڭ جىنايەتكارى مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەن ئوق سورىغان بېيجىڭلىق بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. ئۇ دەرھال شىخەنزە ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جاڭ ۋەنشۇنگە قابىل خادىملارنى ئەۋەتىپ بۇ يىپ ئۇچىنى تېزدىن ئېنىقلاپ چىقىش ھەققىدە يوليورۇق بەردى.

بۇ مۇشەققەتلىك ۋەزىپە شەك - شۈبھىسىز ھالدا 17 يىل جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولغان شىخەنزە شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتىنىڭ باشلىقى گۈڭ شىڭيەننىڭ زىممىسىگە چۈشتى. گۈڭ شىڭيەن ئىككى نەپەر رازۋېتچىكنى باشلاپ، قاتتىق ھېرىپ - چارچاپ كەتكىنىگە قارىماي يولغا چىقىپ، ناھايىتى تېزلىكتە ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن ليۇ فامىلىلىك ساقچىنى ئىزدەپ تاپتى. ليۇ مۇنداق دېدى:

— بۇ يىل 8 - ئاينىڭ بىر كۈنى، ئىلگىرى شىنئەن تۈرمىسىگە قامالغان بېيجىڭلىق جىنايەتچى بەي باۋشەن بىلەن پاكار بويلۇق بىر ياش تونۇشلار ئارقىلىق مېنى ئىزدەپ تېپىپ، مەندىن ئوق سورىدى. مەن ئۇنىڭدىن ئوقنى نېمىگە ئىشلىتىدىغانلىقىنى سورىسام، ئۇ بېيجىڭدا ياۋا چوشقا ئوۋلايدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن بەكمۇ غەلىتىلىك ھېس قىلدىم. بېيجىڭدا نەدىمۇ ياۋا چوشقا بولسۇن؟ مەن ئۇنى باشقا ئىش قىلسا كېرەك دەپ گۇمانلاندىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەندە زادىلا ئوق يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنى يولغا سېلىۋەتتىم. كېيىن تېلېۋىزوردىن جىنايەتچىلەرنىڭ تەقلىدىي سۈرىتىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسىنىڭ بەي باۋشەنگە ناھايىتى ئوخشايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن قوراللىق ساقچى ئەترىتى رەھبەرلىرىگە دوكلات قىلدىم.

گۈڭ شىڭيەن بۇ يىپ ئۇچىغا ئاساسەن، بەي باۋشەن بىلەن بىللە ليۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئوق سورىغان كىشىنىڭ 1996 - يىلى 10 - ئايدا جازا مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەن 147 - تۇەن 1 - رايوندا ئولتۇرۇشلۇق ۋۇ زىمىڭ ئىكەنلىكىنى ئۇقتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەرھال ۋۇ زىمىڭنىڭ ئاتا - ئانىسىنى ئىزدەپ تېپىپ، ۋۇ زىمىڭنىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈردى ھەمدە بۇغدا كۆلىدىكى «26 - ئاۋغۇست» دېلوسىدىكى ئۆلگۈچىنىڭ سۈرىتىنى ئۇلارغا كۆرسەتتى. ئۇلار بېشىنى چايقاپ:

— بۇ بىزنىڭ ئوغلىمىز ئەمەس،— دېدى.

تەھلىل قىلىنغان نۇرغۇن ئەھۋاللارغا ئاساسلانغاندا، سۈرەتتىكى ئۆلگۈچى ۋۇ زىمىڭ ئىدى. ئۇنداقتا، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى نېمىشقا بۇنى ئېتىراپ قىلمايدۇ؟ گۈڭ شىڭيەن ۋۇ زىمىڭنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن يەنە بىر قېتىم ئەھۋال سۈرۈشتۈردى. ئۇلار يەنىلا: «بۇ بىزنىڭ ئوغلىمىز ئەمەس» دېدى. بىراق سۆزلىگەن ۋاقتىتا ئۇلارنىڭ كەيپىياتى روشەن ھالدا تۆۋەنلەپ، كۆز چاناقلىرىدا بىرئاز نەملىك پەيدا بولدى. چىراي ئىپادىسىنى كۆزىتىشكە ماھىر گۈڭ شىڭيەن ۋۇ زىمىڭنىڭ ئانىسىدىكى بۇ كىچىككىنە ئۆزگىرىشنى تۇتۇۋېلىپ، شۇنىڭغا قاراپ ئىش كۆردى. ئاخىرى ۋۇ زىمىڭنىڭ ئانىسى كۆڭلىدىكى گەپنى قىلىپ، سۈرەتتىكى ئۆلگۈچىنىڭ توغرا يولغا ماڭمىغان بېقىۋالغان ئوغلى ۋۇ زىمىڭ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. تەكشۈرۈش جەريانىدا گۈڭ شىڭيەن يەنە بۇ يىل 2 - ئايدا بەي باۋشەن سىچۈەندىن شى زۈڭفېن دېگەن ئايالنى ئېلىپ 147 - تۇەن - مەيدانغا كېلىپ، ۋۇ زىمىڭ بىلەن بىللە ئۈچ ئېغىز ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ تۇرغانلىقىنى، بەي باۋشەننىڭ پاختا سودىسى قىلىمەن دېگەنلىكىنى، لېكىن ھېچقانداق سودا قىلمىغانلىقىنى، 23 - ئاۋغۇستنىڭ ئالدى - كەينىدە، بەي باۋشەن، ۋۇ زىمىڭ، شى زۈڭفېنلارنىڭ بۇغدا كۆلىگە ئويۇنغىلى كەتكەنلىكىنى، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئۈچەيلەننىڭ نەگە كەتكەنلىكى نامەلۇم ئىكەنلىكىنى ئۇقتى.

تەكشۈرۈش خىزمىتىدە ئازراقمۇ بىپەرۋالىق قىلىشقا بولمايتتى. بىپەرۋالىق قىلىنسىلا ئىشتا يوچۇق پەيدا بولاتتى. بىر كۈنى ۋۇ زىمىڭنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى ۋۇ زىبىن ج خ خادىملىرىغا:

— ۋۇ زىمىڭ بۇغدا كۆلىگە چىقىدىغان چاغدا ماڭا، بەي باۋشەننىڭ نىيىتىنىڭ ئىنتايىن يامانلىقىنى، ئىچكىرىدە چوڭ ئىش تېرىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قولىدا «ئۈزۈن قورال» بارلىقىنى، ئۇ ئىككىسى شىنجاڭدىمۇ چوڭ ئىش تېرىغانلىقىنى، ھازىر دېيىشكە ئەپسىز ئىكەنلىكىنى، ئەگەر ئۆزى 10 - ئايغىچە قايتىپ كەلمىسە، بەي باۋشەن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن بولىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. ئۇ يەنە بەي باۋشەن بىلەن شى زۈڭفېننىڭ ئەسلى يۇرتىدىكى ئادرېسىنى قالدۇرغان،— دەپ ئىنكاس قىلدى.

بۇ يىپ ئۇچلىرى شۈبھىسىز ھالدا شىنجاڭدىكى 97 - يىللىق بىر قاتار قوراللىق دېلولاردا يېڭى بۇرۇلۇش پەيدا قىلدى. مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى كەسكىن ھالدا بۇ يىپ ئۇچىنى بىرىنچى نومۇرلۇق يىپ ئۇچى قىلىش، بەي باۋشەننى بىرىنچى نومۇرلۇق جىنايەت گۇماندارى قاتارىغا قويۇشنى قارار قىلدى.

5 - سېنتەبىر، ئاپتونوم رايونلۇق ج خ نازارىتى بېيجىڭ، سىچۈەن ئىككى ئورۇنغا پەۋقۇلئاددە زور قوراللىق بۇلاڭچىلىق، قاتىللىق دېلوسىنىڭ جىنايەت گۇماندارلىرى بەي باۋشەن، شى زۈڭفېننى ماسلىشىپ تەكشۈرۈش ھەققىدە دوكلات ئەۋەتىپ، بېيجىڭ شىجىڭشەن رايونىدا ئولتۇرۇشلۇق بەي باۋشەن بىلەن سىچۈەن جۇنلىيەن ناھىيىسى شۇاڭشى بازىرىدا ئولتۇرۇشلۇق شى زۈڭفېننى قولغا ئېلىشنى تەلەپ قىلدى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ج خ مىنىستىرلىقىدىكى باشقارما باشلىقى ليۇ شاۋخۇي بېيجىڭ شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىگە تېلېفون بېرىپ، باشقا تەكشۈرۈش خىزمەتلىرىنى ۋاقىتلىق كېچىكتۈرۈپ، پۈتۈن كۈچنى بەي باۋشەننى تەكشۈرۈپ تۇتۇشقا قارىتىشنى، قولغا ئالغاندا بىخەتەرلىككە قاتتىق دىققەت قىلىشنى، ئۇنى قولغا ئالغاندىن كېيىن قاتتىق نازارەت قىلىشنى، ئۆلتۈرۈپ قويماي، زەخىملەندۈرمەي، قاچۇرۇۋەتمەي ياخشى ساقلاپ، سوراق خىزمىتىگە زور كۈچ ئاجرىتىشنى تەلەپ قىلدى.

## قاتىلنىڭ تورغا چۈشۈشى

بىرىنچى نومۇرلۇق يىپ ئۇچى مۇقىملاشتۇرۇلغاندىن كېيىن،

مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى رازۋېتكا خىزمىتىدە دەرھال تەڭشىش ئېلىپ باردى. زور تۈركۈمدىكى رازۋېتكا، تېخنىكا تايانچلىرىنى توپلاپ، بۇ يىپ ئۇچىنى ۋە ماددىي پاكىتلارنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى كۈچەيتتى.

5 - سېنتەبىر كەچتىن 6 - سېنتەبىر كېچىگىچە، ساقچى تەرەپ ۋۇ زىمىڭ ۋە بەي باۋشەن بىلەن ئۇچراشقان كىشىلەر ھەمدە ئۇلار تۇرغان جايلارغا قارىتا ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش، ئاختۇرۇش ۋە ماددىي پاكىتلارنى تەكشۈرۈش خىزمەتلىرىنى كەڭ قانات يايدۇردى. ئەھۋاللار ئۈزلۈكسىز توپلىنىشقا باشلىدى:

— بەي باۋشەن جازا مۇددىتىنى ئۆتەۋېتىپ ئۆزى بىلەن بىر كامېردا تۇرىدىغان جىنايەتچى لى لياڭچىڭ بىلەن تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىنكى پىلانلىرىنى سۆزلەشكەن چاغدا، تۈرمىدىن چىقىپ بېيجىڭ شىجىڭشەن رايونىغا قايتقاندىن كېيىن، قورالنى قانداق بۇلايدىغانلىقىنى، قانداق بۇلاڭچىلىق قىلىدىغانلىقىنى، دېلو سادىر قىلغاندىن كېيىن قانداق قېچىپ كېتىدىغانلىقىنى ئاشكارىلىغان. بۇلار بېيجىڭ، خېبېي، شىنجاڭدىن ئىبارەت ئۈچ ئورۇندا سادىر بولغان دېلو ئەھۋالىغا ماس كېلىدۇ. لى لياڭچىڭ ھەربىي قوراللار بىلەن بىرقەدەر پىششىق تونۇش بولغانلىقتىن، بەي باۋشەن جازا مۇددىتى مەزگىلىدە يەنە ئۇنىڭدىن تۈرلۈك قوراللارنىڭ ئىقتىدارى ۋە ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى تەپسىلىي سورىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەي باۋشەن خەلق ئەسكىرى مەشىقىغىمۇ قاتناشقان بولۇپ، دائىم ئىشلىتىلىدىغان قوراللارنىڭ رولى ۋە مەشغۇلاتى بىلەن بىرقەدەر تونۇش. ئىلگىرى ئوق يوشۇرغانلىقى ئۈچۈن بىر تەرەپ قىلىنغان. ئۇنىڭ سۈيىيكتىپ جىنايىتى بىلەن بىر قاتار قوراللىق دېلولارنىڭ ئوبيېكتىپ ئەمەلىي جەريانى ئۆزئارا ماس كېلىدۇ.

— بەي باۋشەننىڭ جىنايەتلىرىنىڭ سوت قىلىنىش تارىخىدا، ئۇنىڭ كالتەك بىلەن ئادەمنىڭ بېشىغا ئۇرۇپ بۇلاڭچىلىق قىلغانلىقىغا دائىر ماتېرىيال بار، بۇ بېيجىڭ شىجىڭشەن «13 - مارت» دېلوسىدىكى دەرۋازا قاراۋۇللىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ قورال بۇلاشتا قوللىنىلغان ۋاستە بىلەن ئوخشاش.

— بەي باۋشەن بېيجىڭ شىجىڭشەن رايونىدا ئولتۇرىدۇ. ئەسلى خېبېينىڭ شۇشۈي ناھىيىسىدىن، شىنجاڭدا جازا مۇددىتىنى ئۆتىگەن. ئۈچلا ئورۇننى پىششىق بىلىدۇ. بۇ بېيجىڭ، خېبېي، شىنجاڭدىن ئىبارەت ئۈچ ئورۇندىكى قوراللىق دېلولار بىلەن باغلىنىشلىق.

— بەي باۋشەن 1996 - يىلى 3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى جازا مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەن. 1997 - يىلى شىنجاڭغا كېلىپ 8 - ئايغىچە ئۇدا شىنجاڭدا ھەرىكەت قىلغان. بېيجىڭ، خېبېي، شىنجاڭدىن ئىبارەت ئۈچ ئورۇندىكى دېلولارنىڭ سادىر قىلىنىش ۋاقتى بۇلار بىلەن ماس كېلىدۇ.

— تېخنىكىلىق تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، ۋۇ زىمىڭنىڭ قان تىپى، بوي ئېگىزلىكى، پىشى قاتارلىقلار بۇغدا كۆلىدىكى «26 - ئاۋغۇست» دېلوسىدىكى جەسەت بىلەن تامامەن ماس كېلىدۇ.

— مۇناسىۋەتلىك گۇۋاھچىلارنىڭ ئىسپاتىغا قارىغاندا، بەي باۋشەن، ۋۇ زىمىڭ، شى زۇڭفېنلار 1997 - يىلى 2 - ئايدىن 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنىگىچە شىنجاڭ شىخەنزە 147 - تۇەن - مەيدانىدا تۇرغان ھەمدە سىرتتا كۆپ ھەرىكەت قىلغان. «5 - ئىيۇل»، «8 - ئاۋغۇست»، «19 - ئاۋغۇست» دېلولىرىنى سادىر قىلىشقا يېتەرلىك ۋاقىت بار.

— بەي باۋشەن، ۋۇ زىمىڭلار بۇرۇنلا مۇتىسكىلىت سېتىۋالغان بولۇپ، مۇتىسكىلىت مىنىپ دېلو سادىر قىلىش شەرتىنى ھازىرلىغان.

— 23 - ئاۋغۇستنىڭ ئالدى - كەينىدە بەي باۋشەن، ۋۇ زىمىڭ، شى زۇڭفېنلار ئىجارە ئېلىپ تۇرغان ئۆيدىن ئايرىلغان چاغدا، بۇ ئۆيدە ئىككى كاربىۋاتتىن باشقا يوتقان - كۆرپە قاتارلىق تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى قالدۇرمىغان. بۇ ئۇلارنىڭ قايتىپ كېلىش ئويىنىڭ يوقلۇقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

شىنجاڭدا ئۈزلۈكسىز توپلانغان يىپ ئۇچلىرى ئومۇملاشتۇرۇپ تەھلىل قىلىنىپ، شىنجاڭدىكى 97 - يىللىق بىر قاتار قوراللىق دېلولارنى بەي باۋشەن، ۋۇ زىمىڭ ئىككىسىنىڭ سادىر قىلغانلىقى مۇقىملاشتۇرۇلۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا 5 - سېنتەبىر كەچتە، بېيجىڭ شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى شىنجاڭنىڭ ماسلىشىپ تەكشۈرۈش ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى ۋە ج خ مىنىستىرلىقىنىڭ باشقارما باشلىقى ليۇ شياۋخۇيىنىڭ ئۆزۈن يوللۇق تېلېفوندا بەرگەن يوليورۇقىغا ئاساسەن، بەي باۋشەننى بېيجىڭ شەھىرى شىجىڭشەن رايونىدىكى تۇرالغۇ ئورنىدىن قولغا چۈشۈردى ھەمدە «45» تىپلىق بىر تاپانچىنى ئاختۇرۇپ تاپتى. تېخنىكىلىق تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇ تاپانچىنىڭ شىنجاڭ شىخەنزە «8 - ئاۋغۇست» دېلوسىدىكى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ساقچى جياڭ يۈبىننىڭ تاپانچىسى ئىكەنلىكى ئېنىقلاپ چىقىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئازراق مىلتىق ئوقى ۋە 1 مىليون 100 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى ئاختۇرۇپ تېپىلدى. 9 - سېنتەبىر، سچۈەن ساقچى تەرەپمۇ بەي باۋشەننىڭ ئاشنىسى شى زۇڭفېننى قولغا چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنىدىن 70 مىڭ يۈەن خەلق پۇلىنى ئاختۇرۇپ تاپتى.

بەي باۋشەننىڭ ئىقرارى ۋە تېخنىكىلىق تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە ئاساسەن، شىنجاڭدىكى 97 - يىللىق بىر قاتار قوراللىق دېلولار بىلەن «29 - ئىيۇل» ئادەم ئۆلتۈرۈپ مۇتىسكىلىت بۇلاش دېلوسىنى بەي باۋشەن بىلەن ۋۇ زىمىڭ سادىر قىلغانلىقى بېكىتىلدى.

7 - سېنتەبىر چۈشتە، ئۈرۈمچى ساقچى تەرەپ ئۈرۈمچى چىگرا رايون مېھمانخانىسىغا يېقىنلا جايدىن «81» تىپلىق ئاپتومات مىلتىقتىن بىرنى قولغا چۈشۈردى. تېخنىكىلىق تەكشۈرۈش ئارقىلىق، بۇ قورالنىڭ خېبېي شۇشۈي ناھىيىسىدىكى «27 - ئىيۇل» دېلوسىدا بۇلاپ كېتىلگەن، بېيجىڭدىكى «16 - دېكابىر» دېلوسى بىلەن شىنجاڭدىكى «5 - ئىيۇل»، «8 - ئاۋغۇست»، «19 - ئاۋغۇست» دېلولىرىدا ئىشلىتىلگەن قورال ئىكەنلىكىنى بېكىتتى.

7 - ۋە 8 - سېنتەبىر، شىخەنزە ۋە سانجى ساقچى تەرەپ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ شىنئەن تۈرمىسىدىكى چوشقا قوتىنىنىڭ كەينىدىن ۋە سانجى ماناس ناھىيىسىنىڭ بېيۇچيا يېزىسىدىن 3 ئەرنىڭ جەسىتىنى قېزىپ چىقتى. جۇڭگودىكى 97 - يىل يۇز-

بەرگەن بىرىنچى چوڭ دېلونىڭ پاش قىلىنغانلىقى جاكارلاندى.

مۇبادا، ساقچىلىق كەسپى قىرتاق تەملىك كەسىپ دېيىلسە، شىنجاڭ ساقچىلىرى قۇم - بوران ئۇچۇپ تۇرىدىغان، كۆز يەتكۈسىز قار - مۇزلۇق تاغ - داۋانلار بىلەن قورشالغان، ھەر بىر قەدەمدە ھالاكەت پۇرايدىغان بۇ قەدىمىي يولدا، ئاشۇ قىرتاق تەمنىڭ ئىچىدىن شۇنداق لەززەتلىك بىر تەمنى تېتىيالىدى. بۇ، دېلو پاش بولغاندىن كېيىنكى لەززەتلىك تەم، جىنايەتچىلەر قولغا ئېلىنغاندىن كېيىنكى لەززەتلىك تەم ئىدى.

9 - سېنتەبىر، ج خ مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى تاۋ شىجۇ ئىمزالىق مۇكاپاتلاش بۇيرۇقى تارقىتىپ، شىنجاڭ، بېيجىڭ، خېبېي، سىچۇەن قاتارلىق جايلاردىكى بىر قاتار قوراللىق دېلولارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك پاش قىلىنغانلىقىنى ئومۇمىي بۇيرۇق ئارقىلىق مۇكاپاتلىدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ج خ نازارىتىنىڭ نازىرى جاڭ شيۇمىڭمۇ ئىمزالىق مۇكاپاتلاش بۇيرۇقى تارقىتىپ، ئۈرۈمچى، شىخەنزە، سانجى قاتارلىق جايلاردىكى ج خ ئورگانلىرىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق مۇكاپاتلىدى.

## جىنايەتنىڭ ئېغىرلىشىشى

بەي باۋشەن، ئەر، 1958 - يىلى تۇغۇلغان. بۇ يىل 40 ياش. خېبېي ئۆلكىسى شۇشۇي ناھىيىسىدىن. بېيجىڭ شىجىڭشەن رايونىدا تۇرىدۇ. 1983 - يىلى ئوغرىلىق جىنايىتى بىلەن مۇددەتلىك 4 يىللىق قاماق جازاسى بېرىلگەن. جازا مۇددىتىنى ئۆتەۋاتقان مەزگىلدە قورال بۇلاش جىنايىتىنى يوشۇرۇپ، شېرىكلىرى تەرىپىدىن پاش قىلىنىپ، جازا مۇددىتىگە يەنە 10 يىل قوشۇلغان. 1991 - يىلى شىنجاڭ شىنئەن تۈرمىسىگە يۆتكەلگەن. 1996 - يىلى 3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى جازا مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەن.

بەي باۋشەن ھەممىنى ئىقرار قىلدى. 1983 - يىلى قورال بۇلاش جىنايىتىنى يوشۇرغانلىقى ئۈچۈن جازا مۇددىتى ئۇزارتىلغاندا، ئۇ ئىنتايىن نارازى بولىدۇ. ھۆكۈم ئېلان قىلىنغاندا ئۇ كۆڭلىدە «ھۆكۈم قىلىۋېرىڭلار، چىققاندىن كېيىن يەنە قىلىمەن» دەپ ئويلايدۇ. 1991 - يىلى شىنجاڭ شىنئەن تۈرمىسىگە ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن، كۆڭلىدە قاتتىق ئاداۋەت ساقلاپ، داۋاملىق جىنايەت ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق جەمئىيەتتىن ئۆچ ئېلىشنى كۆڭلىگە پۈكىدۇ. ئۇ ئۆزى بىلەن بىللە جازا مۇددىتىنى ئۆتەۋاتقان ۋۇ زىمىڭ بىلەن تېپىشىپ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، بىللە دېلو سادىر قىلىشنى پىلانلايدۇ. جازا مۇددىتىنى ئۆتەۋاتقان مەزگىلدە، ئۇ ئۆزىنى ئىنتايىن ئۇستىلىق بىلەن نىقابلاپ، تۈرمىنىڭ قائىدە - ئىنتىزاملىرىغا ياخشى رىئايە قىلىدۇ. تۈرمە باشقۇرۇش خادىملىرى ئۇنى ئات - چوشقىلارنى بېقىشقا قويىدۇ. ئۇ ئاساسەن ئەركىن جىنايەتچىگە ئايلىنىدۇ. ئۇ مۇشۇ ئەركىن ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن داۋاملىق دېلو سادىر قىلىش ئۈچۈن ماددىي تەييارلىق قىلىدۇ. بىر قېتىم ئاتلارنى قويۇۋەتكەن چاغدا، ئۇ چارۋىچىلارنىڭ تارىلىپ كەتكەن قويلىرىنى تۇتۇۋېلىپ قايتۇرۇپ بەرمەي، بىر چارۋىچىدىن زورلۇق بىلەن 3 بولاق جەمئىي 75 تال مىلتىق ئوقى ۋە نەچچە ئون تال تاپانچا ئوقىنى سوراپ ئالىدۇ. 1996 - يىل 3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى تۈرمىدىن ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ ئوقلارنى ئوغرىلىقچە بېيجىڭغا ئېلىپ كېتىدۇ.

بەي باۋشەن مەھبۇسلۇق ھاياتىنىڭ بىر كۈنىنى بىر يىلدەك ئۆتكۈزۈۋاتقان مەزگىلدە، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىمۇ يېمىرىلىش بولىدۇ، ئايالى ئىككى بالىسىنى ئېلىپ قايتا تۇرمۇشلۇق بولىدۇ. بىر قېتىم ئۇ بالىسىدىن كەلگەن خەتنى تاپشۇرۇۋالىدۇ. بالىسى خەتتە ئۆگەي دادىسىنىڭ ئۆيىدىكى ئۇۋالچىلىقلىرىنى يازغانىدى. زەي ۋە قاراڭغۇ كامېردا، بالىسىنىڭ كۆز يېشى ئەسلىدە ئۇنىڭ دات بېسىپ كەتكەن ئاتىلىق يۈرىكىگە سىڭىپ كىرىشى، ئۇ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن جەمئىيەتكە ۋە ئائىلىسىگە پايدىلىق ئادەم بولۇپ، بالىسى ئۈچۈن نۇرلۇق بىر ئاسمان يارىتىپ بېرىشى كېرەك ئىدى. ئەمما ئۇ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن پۇل غەملەپ، بالىسىغا ماشىنا ئېلىپ بېرىپ، بالىسىنى ئۆزىگە ئوخشاش كەمسىتىلىدىغان ئادەم قىلىپ قويماسلىق قارارىغا كېلىدۇ ۋە بۇ ئويلىرىنى تۈرمىدىشىغا ئېيتىدۇ.

ئادەم ئىدىيىسى ئەخلاق قېلىپىدىن ھالقىپ كەتسىلا، ھېچنەرسىدىن تەپتارتمايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

1996 - يىلى 3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى بەي باۋشەن تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، 20 كۈننى ئۆتكۈزۈپلا، ئۆزىنىڭ جىنايى پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كىرىشىدۇ.

31 - مارت كەچ سائەت 9 لاردا ئۇ ۋېلسىپىتكە مىنىپ، مەلۇم ئېلېكتر ئىستانسىسىغا بېرىپ، لوم تۆمۈر بىلەن دەرۋازا قاراۋۇلىنى ئۇرۇپ يىقىتىپ، ئۇ ئېسىۋالغان 56 تىپلىق يېرىم ئاپتوماتىك مىلتىقنى بۇلاپ كېتىدۇ. قورالنى بۇلاپ بولغاندىن كېيىن، بەي باۋشەن مىلتىق دېلو سادىر قىلىشقا قولايسىز دەپ قاراپ، تۈرلۈك ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىپ، تاپانچىدىن بىرنى قولغا چۈشۈرمەكچى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، «7 - ئاپرېل»، «8 - ئاپرېل»، «22 - ئاپرېل» ئارقا-ئارقىدىن ئۈچ قېتىم دەرۋازا قاراۋۇلى ۋە چارلاش ساقچىلىرىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، 1 ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، 5 ئادەمنى يارىلاندۇرۇپ، بېيجىڭنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسىتىدۇ.

بەي باۋشەن بېيجىڭدا قايتا - قايتا قورال بۇلاپمۇ كۆڭلىدىكىدەك تاپانچىغا ئېرىشەلمىگەنلىكتىن، ئەسلى يۇرتى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شۇشۇي ناھىيىسىدە تاپانچا بۇلاش ئويىغا كېلىدۇ، 26 - ئىيۇل ئۇ شۇشۇي ناھىيىسىگە بېرىپ، مەلۇم ئورۇننىڭ دەرۋازا قاراۋۇلى جياڭ X بىلەن خو X نى ئۆلتۈرۈپ ۋە يارىلاندۇرۇپ، «81» تىپلىق ئاپتوماتىك مىلتىقتىن بىرنى بۇلايدۇ. ئارقىدىنلا ئۇ يەنە پۇل بۇلاشنى پىلانلايدۇ. 16 - دېكابىر بېيجىڭدا تاماكا يايمىسى ئاچىدىغان ئايال شۇي گۈيلىيەننى ئۆلتۈرۈپ، 65 مىڭ يۈەن خەلق پۇلىنى بۇلايدۇ، ئۇ قېچىش جەريانىدا يەنە 3 نەپەر بىگۇناھ ئادەمنى ئۆلتۈرىدۇ. بۇلىغان پۇلدىن 5 مىڭ يۈەننى شى زۇڭفېنغا بېرىدۇ.

بېيجىڭ، خېبېيدىكى بىر قاتار قوراللىق دېلولار ج خ ئورگانلىرىنىڭ يۇكسەك دىققىتىنى قوزغايدۇ. رازۋېتكا خىزمىتى كەڭ

تۇردە قانات يايدۇرۇلىدۇ. بەي باۋشەن خۇددى ئوقيادىن ئۈركىگەن قۇشقا ئوخشاش، 1997 - يىلى 2 - ئايدا «81» تىپلىق ئاپتوماتىك مىلتىقنى پويىز بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش خادىملىرىنىڭ ئالدىدىن ئوغرىلىقچە ئۆتكۈزۈپ، ئاشنىسى شى زۇڭفېن بىلەن بىللە شىنجاڭغا كېلىدۇ ۋە مۇددەتتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگىنىگە تۆت ئايمۇ بولمىغان تۈرمىداش دوستى ۋۇ زىمىڭ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، پاختىنىڭ مول ھوسۇللۇق پەسلىدىن پايدىلىنىپ، قورال ئىشلىتىپ پاختا پۇلىنى بۇلاش تەييارلىقىنى قىلىدۇ. ۋۇ زىمىڭ 142 - تۈەن - مەيدان 18 - لىيەندىكى قوغدىغۇچىلىق خىزمىتىدىن ئايرىلىپ، بەي باۋشەن بىلەن بىللە تۇرۇپ، دائىم سىرتلاردا چېپىپ يۈرىدۇ. قاتناش قورالىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئۇلار 3 - ئايدا موتسىكلىت سېتىۋالىدۇ، 5 - ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا پاختا پىششىقلاپ ئىشلەش 4 -، 5 - زاۋۇتلىرىنى «رازۋېت» قىلىپ چىقىدۇ. ئۇ ئىككىسى چېپىپ يۈرگەچ دېلو سادىر قىلىش قوراللىرىنى تەييارلايدۇ. 5- ئايدا ۋۇ زىمىڭ ئۆزى ئىلگىرى ئىشلىگەن شىخەنزە قەغەز زاۋۇتىغا بېرىپ، 2 مېتىرچە سوكنو ئوغرىلاپ كېلىپ، بەي باۋشەن بىلەن بىللە 147 - تۈەن - مەيداندا قورال خالتىسى تىكتۈرىدۇ، 148 - تۈەن - مەيداندا لوم تۆمۈر سوقتۇرىدۇ.

1997 - يىلى 5 - ئىيۇل، بەي باۋشەن، ۋۇ زىمىڭ ئىككىسى تاپانچا ئوغرىلاش غەرىزى بىلەن شىخەنزە 141 - تۈەن - مەيدانىنىڭ ھاۋا رايىغا سۈنئىي تەسىر كۆرسىتىش ئۇسكۇنىلىرى ئىسكىلاتىغا ئىشىكنى قومۇرۇپ ئېچىپ كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار خەلق ساقچىسىنى ئۆلتۈرۈپ تاپانچا بۇلايدۇ ھەمدە قاتناش قورالىغا جىددىي تەييارلىق كۆرىدۇ.

29 - ئىيۇل چۈشتىن كېيىن، بەي باۋشەن، ۋۇ زىمىڭ ئىككىسى يېزا ئىگىلىك 6 - شىسى شىنخۇ دېھقانچىلىق مەيدانى 47 - تۈەن - مەيدانىغا يېقىن جايدىكى تاشيول بويىدا موتسىكلىت بۇلاشقا پۇرسەت كۈتىدۇ، سائەت 3 لەردە، ماناس ناھىيىسى گۇاڭدۇڭدى يېزىسىدىكى ۋاڭ جېپىڭ موتسىكلىت مىنىپ مۇشۇ يەردىن ئۆتكەن چاغدا، بەي باۋشەن كەينى - كەينىدىن ئىككى پاي ئوق چىقىرىپ، ۋاڭ جېپىڭنى شۇ يەردىلا ئۆلتۈرىدۇ، جەسەتنى يول بويىدىكى ئازگالغا كۆمۈۋېتىپ، ئۇنىڭ موتسىكلىتىنى بۇلاپ ماڭىدۇ.

149 - تۈەن - مەيداندىكى «8- ئاۋغۇست» قورال بۇلاش، ئادەم ئۆلتۈرۈش دېلوسىنى بەي باۋشەن، ۋۇ زىمىڭلار مۇشۇ موتسىكلىتقا مىنىپ بېرىپ سادىر قىلىدۇ. دېلو سادىر بولغاندىن كېيىن، ج خ ئورۇنلىرىنىڭ رازۋېتكىسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئىككىسى يەنە بۇ موتسىكلىتنى بۇزۇپ، يېزا ئىگىلىك 6- شىسى شىنخۇ دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ غول ئۆستىڭىنىڭ كۆۋرۈكى ئاستىغا تاشلىۋېتىدۇ.

1997 - يىل 19- ئاۋغۇست. بەي باۋشەن بىلەن ۋۇ زىمىڭ شىنجاڭ ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى چېگرا رايون مېھمانخانىسىنىڭ سودا بازىرىدا قوراللىق بۇلاڭچىلىق قىلىپ زور مىقداردىكى پۇلغا ئېرىشكەندىن كېيىن، «81» تىپلىق ئاپتوماتىك مىلتىق بىلەن پۇلنى چېگرا رايون مېھمانخانىسىغا يېقىن يەردىكى ئالدىن كولاپ قويغان ئازگالغا دەرھال كۆمۈۋېتىپ، قۇرۇق قول ھالىتىدە شىخەنزە 147 - تۈەن - مەيدانىغا قايتىدۇ.

قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بەي باۋشەن بىردىن يامان نىيەتكە كېلىپ، ۋۇ زىمىڭنى ئۆلتۈرۈپ جىنايەت پاكىتىنى يوقىتىۋېتىپ، پۇلنى يالغۇز يۇتۇپ كېتىشنى كۆڭلىگە پۈكىدۇ. 23 - ئاۋغۇست، بەي باۋشەن ئادەم ئۆلتۈرۈپ جىنايەت ئىزىنى يوقىتىشتا ئىشلىتىدىغان تاپانچا، بولقا، بېنزىن قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ، شى زۇڭفېن بىلەن بىللە ئويناپ كېلىشنى باھانە قىلىپ، ۋۇ زىمىڭنى ئالداپ شىنجاڭنىڭ بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونىغا ئاپىرىدۇ. تاغنىڭ يانباغرىدا ئارام ئالغان چاغدا، ۋۇ زىمىڭنىڭ تەييارلىقسىز تۇرغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئاۋۋال بولقا بىلەن ئۇنىڭ بېشىغا ئۇرىدۇ. ۋۇ زىمىڭ زەربىدىن كېيىن پۈتۈن كۈچى بىلەن قاچىدۇ، بەي باۋشەن يەنە «54» تىپلىق تاپانچا بىلەن ۋۇ زىمىڭغا قارىتىپ 7 پاي ئوق ئېتىپ، ۋۇ زىمىڭنى ئۆلتۈرىدۇ ھەمدە بىر بوتۇلكا بېنزىننى ۋۇ زىمىڭنىڭ يۈزىگە چېچىپ، ئوت يېقىپ ئۇنىڭ يۈز قىسمىنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ.

بەي باۋشەن، شى زۇڭفېن ئىككىسى ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، چېگرا رايون مېھمانخانىسىغا يېقىن يەرگە كۆمۈپ قويغان پۇلنى ئالىدۇ، ئاندىن پويىز بىلەن بېيجىڭغا قايتىدۇ. بېيجىڭغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، بەي باۋشەن شى زۇڭفېنغا 110 مىڭ يۈەن پۇل بۆلۈپ بېرىدۇ، شى زۇڭفېن سىچۈەنگە قايتىپ كېتىدۇ.

بەي باۋشەن تاشقى كۆرۈنۈشىدىن ئادەمگە بىر خىل سەمىمىي، ئاق كۆڭۈل كىشىلەردەك تەسىرات بېرەتتى. ئەمما ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسى ياۋۇزلۇق ۋە ھىيلىگەرلىككە تولغان بولۇپ، قىساسكارلىق تۇيغۇسى كۈچلۈك ئىدى. كىمكى ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلمايدىكەن، ئۇ ئۇنداق كىشىنى ھايۋان قاتارىدا كۆرۈپ، ئۆلتۈرۈۋېتىش كېرەك دەپ قارايتتى.

1993 - يىلى 9 - ئاي ۋە 1994 - يىلى 3 - ئايدا، بەي باۋشەن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىم ئۆزى بىلەن بىللە ئات باقىدىغان، ئۆزىنى ئۇرۇپ - تىللىغان جىنايەتچىلەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ جەسىتىنى كالا قوتىنىغا يېقىنلا جايغا كۆمۈۋېتىدۇ. تۈرمە باشقۇرۇش خادىملىرى كاللىسىنى جايىدا ئىشلەتمەي، بۇ دېلونى پاش قىلمايدۇ. يۇقىرىغا جىنايەتچى قېچىپ كەتتى دەپ دوكلات قىلىش بىلەنلا بولدى قىلىدۇ.

بەي باۋشەن، ۋۇ زىمىڭ ئىككىسى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، بېيجىڭ، خېبېي، شىنجاڭدىن ئىبارەت ئۈچ ئورۇندا 13 قېتىم دېلو سادىر قىلدى. ئۈچ قورالنى بۇلىدى، 16 ئادەمنى ئۆلتۈردى، 15 ئادەمنى يارىلاندۇردى، 1 مىليون 400 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك نەق پۇلنى بۇلىدى. ئۇلارنىڭ جىنايىتى ھەقىقەتەن چېكىدىن ئېشىپ، بويىنىغا قاتمۇقات قان قەرزى ئارتىلغانىدى.

(خەنزۇچە «شىنجاڭ ئوت ئاپىتى مۇداپىئەسى» ژۇرنىلىنىڭ 1997 - يىل 6 - سانىدىن تەرجىمە قىلىندى)

# مىسرالاردىن تەرمىلەر

ئاخىرەتكە ئۇچۇم بولغان خىيالىم
بۇيالماقتا قان يالقۇنى رەڭگىدە.
زۇلمەت باسقان تۈن كۆكسىگە تىغ ئۇرۇپ
دانكۇ تۇرار قوقاس كېچىپ ھەيۋەتتە.

**— ئەدھەم ئىبراھىمنىڭ «دانكۇنى تىرىلدۇرۇش» ناملىق شېئىرىدىن**

يېشىل نۇر بەرمىدى ھېچكىممۇ ماڭا،
يولۇمدا بىر قېرى زۇلمەت ياتىدۇ.
كۆزۈمدىن بالقىغان بۇ يېشىل قۇياش،
ئېھتىمال باغرىڭغا تولۇق پاتىدۇ.

**— ئەدھەم ئىبراھىمنىڭ «ئۆزبېك قىزى» ناملىق شېئىرىدىن**

جەزىرە بېغىڭدا ئۈنگەن چۈشىمان
قەلئەسەن يىراقلاپ كەتكىنىڭ يالغان.
قاپقارا سەييارە، تۇمانلىق زېمىن،
قوشماقسەن سىرلاردا يۇيۇنۇپ قالغان.

**— ئابدۇخېلىل ئابدۇشۇكۇرنىڭ «3 ـ ئالەم» ناملىق شېئىرىدىن**

گىرەلەشكەن قوللىرىڭ ئارا
قانلىرىمغا سىغدالغان چۈشۈڭ.

**— ئابدۇخېلىل ئابدۇشۇكۇرنىڭ «قارا بوستان» ناملىق شېئىرىدىن**

كۇندە بىر بەت ئاپئاق قەغەزگە
ئۆز ـ ئۆزۈمنى سىزىپ چىقىمەن.
لېكىن ئۆتمەي تۇرۇپ دەقىقە،
غەزەپ بىلەن يىرتىۋېتىمەن.
شۇڭا گاھى ئايلىنىپ ئۇزاق
«نەدە مەن؟» دەپ
ئۆز ئۆزۈمنى ئىزدەپ كېتىمەن...

**— رەشىدەم ئادىلنىڭ «مەن» ناملىق شېئىرىدىن**

كۆككە ئاستا ئاققان سۇۋادان،
ئاي نۇرىدا تىترەيدۇ يېنىك.
. . . . . .
نەمخۇش ئورمان، ئۇۋچى خۇشكەيپ
سەنەم باغرى قانقان سوغۇق چۈش.

**— ئىبراھىم سۇلايماننىڭ «دەۋر، مەن ۋە روھ» ناملىق شېئىرىدىن**

تىرنقلايدۇ كۆزنەك تىنىمسىز،
ئېھ، يالغۇزمەن تەڭرىدىن بەتتەر.

**— ئابلەت ئەخەتنىڭ «قىستىلىش» ناملىق شېئىرىدىن**

مەن ئۆزۈمنى قوراشتۇرماقچى
روھىي كەڭلىك ئىچىدىن.

**— ئىمىن ئابدۇرېھىم ئوغلى گىياھىنىڭ «ئۆلۈم خېتى» ناملىق شېئىرىدىن**

قايتىدىن بىر قېتىم تۇغۇلۇش ئۈچۈن
نائىلاج ئايلاندىم قاراڭغۇلۇققا،
مەن ئۈچۈن بىر قەدەھ كۆتۈرمەك بولۇپ،
جىمجىتلىق ھاياتنى قۇيدى رومكىغا.

**— ئابلىز سۇلايماننىڭ «پەرۋانىدەك مەست بولدۇم كېچە» ناملىق شېئىرىدىن**

مەن
مۇزىكا دېڭىزىمەن شۇنچىلىك تېرەن
ئۆز تەكتىمگە
چۆكۈپ كەلگەن ئەسىر ـ ئەسىرلەپ.

**— نۇرشات مەمتىلىنىڭ «ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇش» ناملىق شېئىرىدىن**

بىر چەكسىز باياۋان روھ، تەن ئارىسى،
مەن ئۇندا مەنزىلسىز يېگانە كارۋان.

**— ئەكبەر ئىمامنىڭ «سۇكۇتتىكى سۆيگۈ» ناملىق شېئىرىدىن**

قەدىم كۇينىڭ چوڭقۇر قېتىغا
كىرىپ كەتسەم ئىتتىكلا شۇڭغۇپ؛
پۇرچاقلارنىڭ ئۈندۈرمىسىدەك
بەش سىزىقلىق نوتا ئىچىگە
چۆكۈپ كەتسەم سازەندە بولۇپ.

**— ئوبۇلقاسىم راخماننىڭ «قەدىم كۇينى سېغىنىش» ناملىق شېئىرىدىن**

كۆرۈپ قالدىم كۆك نۇر ئىچىدە
قەلبىمدىكى غۇۋا شەھەرنى.

**— مۇھەممەتئىمىن تۇرسۇننىڭ «ئەڭ ئاداققى چۈش» ناملىق شېئىرىدىن**

# ئەدەبىي ئۇچۇرلار

△ يېقىندا قەشقەر ۋىلايىتىدىكى كىتابخانىلاردا بازىرى ئىتتىك بولغان كىتابلار ئىستاتىستىكا قىلىندى. دەسلەپكى ئىگىلىنىشىچە، قەشقەر ۋىلايىتىدە يېقىنقى يىللاردا بازىرى ئىتتىك بولغان 10 كىتاب مۇنۇلار ئىكەن: 1. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئويغانغان زېمىن» رومانى؛ 2. زوردۇن سابىرنىڭ «ئىزدىنىش» رومانى؛ 3. ئەختەم ئۆمەرنىڭ «يىراق قىرلاردىن ئانا يەرگە سالام» ئەدەبىي خاتىرىسى؛ 4. «ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى شېئىرلىرى»؛ 5. خېۋىر تۆمۈرنىڭ «ئابدۇقادىر داموللا ھەققىدە قىسسە، تارىخىي ئۇچېرىكى؛ 6. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئىز» رومانى؛ 7. مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «قۇم باسقان شەھەر» رومانى؛ 8. ماخمۇتجان ئىسلامنىڭ «كاككۇك قونغان تال» ھېكايە، پوۋېستلار توپلىمى؛ 9. ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ «داغ» رومانى؛ 10. پەرھات جىلاننىڭ «مەھمۇت قەشقەرى» رومانى. يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە زوردۇن سابىرنىڭ «ئارچا ياپرىقى» پوۋېستلار توپلىمى؛ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئۆمۈر مەنزىللىرى» شېئىرلار توپلىمى؛ ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ «تۇندىكى چاقماق» رومانى؛ ئەھمەد زىيائى ئەسەرلىرى؛ ئابدۇراخمان قاھارنىڭ «ئىلى دولقۇنلىرى» رومانى؛ دىلدارنىڭ «ۋىناس ھەيكىلىدىن ئويلىغانلىرىم» ئەدەبىي ئاخباراتلار توپلىمى؛ زوردۇن سابىرنىڭ «باش - ئاخىرى يوق خەتلەر» پوۋېستلار توپلىمى؛ تۇردى سامساقنىڭ «تىيانشان باغرىدا» ھېكايىلەر توپلىمىمۇ بازىرى ئىتتىك كىتابلار بولغان.

△ «مەمتىمىن ھوشۇر ئىجادىيىتى مۇھاكىمە يىغىنى» يېقىندا غۇلجا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئۆزگىچە ئۇسلۇب يارىتىپ، مەملىكەت ئىچىگە تونۇلغان يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر 20 نەچچە يىل ئىچىدە 100 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايە، پوۋېست، رومان يېزىپ، يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا مۇناسىپ تۆھپە قوشتى. «بۇ چۇش ئەمەس» ناملىق توپلىمى مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى ۋە «جۇڭگو ئەدەبىيات قامۇسى» غا كىرگۈزۈلدى. 7 پارچە ھېكايە، پوۋېستى، «ئۆلۈككە خەت» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتى ۋە «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى. «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى بىلەن ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن بۇ مۇھاكىمە يىغىنىدا ھەر مىللەت ئەدىب ۋە ئوبزورچىلىرى مەمتىمىن ھوشۇر ئەسەرلىرى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۈستىدە ئوبزور، مۇھاكىمە ماقالىلىرىنى يېزىپ، ئۇنىڭ ئىجادىيەتتە تۇتقان يولى ۋە ئۇسلۇبىنى جامائەتچىلىككە تونۇشتۇردى.

△ 4 - نۆۋەتلىك «ماۋدۇن ئەدەبىيات مۇكاپاتى» تارقىتىلدى.

ئېلىمىزنىڭ ئەڭ يۇقىرى شۆھرەتكە ئىگە رومانچىلىق ئەدەبىياتى مۇكاپاتى — 4 - نۆۋەتلىك «ماۋدۇن ئەدەبىيات مۇكاپاتى» نى باھالاش نەتىجىسى بۇلتۇر 12 - ئاينىڭ 19 - كۈنى بېيجىڭدا ئېلان قىلىندى. خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ۋاڭ خونىڭ «ئۇرۇش ۋە ئادەم» (3 قىسىم)، خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان چېن جۇڭشىنىڭ «بەيلۇ ۋادىسى» (تۈزىتىلگەن نۇسخىسى)، جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى نەشرىيات شىركىتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ليۇ سىفېننىڭ «ئاق دەرۋازىدىكى سۆگەت» (2 قىسىم)، خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ليۇ يۈمىننىڭ «كۆزدىكى پاراكەندىچىلىك» ناملىق 4 رومان بۇ مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى باشقۇرغان «ماۋدۇن ئەدەبىيات مۇكاپاتى» ماۋدۇننىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئارزۇسىغا ئاساسەن 1981 - يىلى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ياخشى يازغۇچىلار ۋە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئىلھاملاندۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ نۆۋەتلىك باھالاش دائىرىسى 1989 - يىلدىن 1994 - يىلغىچە ئېلان قىلىنغان رومانلار بولدى.

△ «لۇشۈن ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ھەرقايسى تۈرنىڭ 1995 — 1996 - يىللىق مۇكاپاتلاش نەتىجىسى ئېلان قىلىندى.

چى لىنىڭ «يۈرەك تەندىن بۇرۇن قېرىيدۇ» قاتارلىق 6 پارچە ئەسەر «مۇنەۋۋەر ھېكايە مۇكاپاتى» غا، دوڭ شىنىڭ «تىلسىز تۇرمۇش» قاتارلىق 10 پارچە ئەسەر «مۇنەۋۋەر پوۋېست مۇكاپاتى» غا، لېڭ مىڭنىڭ «خۇاڭخې كۆچمەنلىرى» قاتارلىق 15 پارچە ئەسەر «مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئاخبارات مۇكاپاتى» غا، لى يىڭنىڭ «ھايات بىر تال يوپۇرماق» قاتارلىق 8 پارچە ئەسەر «مۇنەۋۋەر شېئىر مۇكاپاتى»غا، خې ۋېينىڭ «خې ۋېي نەسرلىرى» قاتارلىق 15 پارچە نەسر، فېلىيەتون «مۇنەۋۋەر نەسر، فېلىيەتون مۇكاپاتى»غا، زېڭ جېننەننىڭ «لۇشۈن ۋە لىن يۈيتاڭنىڭ يۇمۇرىستىك قارىشى ھەققىدە» قاتارلىق 5 ماقالە «مۇنەۋۋەر نەزەرىيە، مۇھاكىمە ماقالە مۇكاپاتى»غا، لۈ يۈەن تەرجىمە قىلغان «فائۇست» قاتارلىق 5 پارچە ئەسەر «مۇنەۋۋەر ئەدەبىي تەرجىمە ھەسەن - ھۈسەن مۇكاپاتى» غا، بىڭ شىننىڭ «مېنىڭ ئۆيۈم نەدە» قاتارلىق 6 پارچە نەسر، فېلىيەتونلار توپلىمى ۋە چېن جەنيۈەن قاتارلىق تەرجىمانلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا نەسر، فېلىيەتون ۋە ئەدەبىي تەرجىمە شەرەپ مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى باشقۇرغان «لۇشۈن ئەدەبىيات مۇكاپاتى» (كاپىتال ئاخبارات لوڭقىدىسى) ئىككىگە بۆلۈپ تارقىتىلىدۇ (چوڭ مۇكاپات 4 يىلدا بىر قېتىم تارقىتىلىدۇ، ھەرقايسى يەككە مۇكاپاتلار 2 يىلدا بىر قېتىم تارقىتىلىدۇ). بۇ مۇكاپاتنى باھالاش ئىشى 1997 - يىلى باشلانغان بولۇپ،، بۇ قېتىمقى مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەر 1995 — 1996 - يىلىغىچە ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەر ئىچىدىن تاللاپ چىقىلغان.

△ «شەيتان داستانى» نى يازغانلىقى ئۈچۈن ئىراننىڭ دىنىي داھىيسى ھۆمەينى تەرىپىدىن قەرەلسىز ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان سالمان راشىد 10 يىلغا يېقىن داۋاملاشقان مۆكۈنمە تۇرمۇش كەچۈرگەندىن كېيىن، ئۆتكەن يىلى 8 - ئايدا نيۇ - يوركتا خۇپىيانە توي مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن. راشىد خانىمنىڭ جىسمانىي بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن، «نيۇ - يورك ۋاقتى گېزىتى» ۋە باشقا گېزىت - ژۇرناللاردا بىردەك كېلىنچەكنىڭ جەمەت فامىلىسىنى ئاشكارىلىمىدى. ئەمما ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان لوندۇنلۇق بىر مۇخبىر مۇنۇلاردىن مەلۇمات بەردى: ئىلزابىت راشىد شائىر بولۇپ، ئۇ سالمان راشىد بىلەن بىرلىشىپ ھازىرقى زامان ئىندىئانلىرىغا ئائىت بىر شېئىر توپلىمى تۈزگەن. بۇ راشىدنىڭ 3 - قېتىم توي قىلىشى، ئۇنىڭ تۇنجى ئايالى كىرالسا، ئىككىنچى ئايالى ئامېرىكا يازغۇچىسى مارئان ۋېجىنس بولۇپ، ئۇ بۇ ئىككى ئايالى بىلەن ئۆمۈرلۈك ئادا - جۇدا بولۇشقان.


≪天尔塔格≫文学双月刊
1998年 第2期

Tangritag TwoMonthly Literature
journal In Uygur Language

« تەڭرىتاغ »
1998-يىل 2-سان

主办单位：乌鲁木齐市文学艺术界联合会
编辑出版：≪天尔塔格≫编辑部
地址：乌鲁木齐市新华南路16号
电话：2818897, 2819490 邮编：830002
印刷：新疆工人时报印刷厂
国外总发行：中国出版对外贸易总公司
（782信箱）
国内统一刊号：CN65—1012\1
邮局代号：58—83

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر
بىرلەشمىسى تەرىپىدىن چىقىرىلدى
« تەڭرىتاغ » ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى
ئادرېس: ئۈرۈمچى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 16-نومۇر
تېلېفون: 2819490، 2818897 پوچتا نومۇرى: 830002
شىنجاڭ ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
جۇڭگو خەلقئارا نەشرىيات سودا باش شىركىتى
چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ (782-خەت ساندۇقى)
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
CN65—1012\1
پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 58-83

零售价：4.40元
پارچە سېتىلىشى: 4.40 يۈەن

# توخسۇن ناھىيە ئېلانلىق يېزىسى



△ يېزا باشلىقى خالىدىن ئىسمايىل ناھىيە رەھبەر-
لىرى بىلەن يېزا ئىشلىرىنى كېڭەشمەكتە



△ 1979 - يىلى باشلانغان 46 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى
ئۆستەڭ بۇ يىل پۈتتى



△ يېزا دوختۇرخانىسىدىكى ئىلغار ئۈسكۈنىلەر



△ كۆموركان يېزىنىڭ ئاساسلىق كىرىم مەنبەلىرىنىڭ بىرى

ئېلانلىق يېزىسىنىڭ نوپۇسى 14298 بولۇپ، 1996 - يىلىدىكى سۇ ئاپىتى بۇ يېزىغىمۇ تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن چوڭ بالايىئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. خەلقنىڭ مال - مۈلكى ئېغىر زىيانغا ئۇچ- رىدى. لېكىن تىرىشچان، قەيسەر ئېلان- لىق خەلقى يېزا رەھبەرلىرىنىڭ باشچىلى- قىدا ھارماي - تالماي ئىشلەپ، دېھقانچى- لىق بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، ئاپەتتىن كېيىنكى يىلىمۇ كىشى بېشىغا توغرا كې- لىدىغان ساپ كىرىمنى 1589 يۈەنگە يەت- كۈزدى. بۇ يېزا يەنە داۋالىنىش شارائىتى- نى ياخشىلاپ ئىلغار تەجرىبە ئۈسكۈنىلە- رى، رېنتگېن ئاپپاراتى، B تىپلىق ئۇل- تىرا ئاۋازلىق تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرىنى كىرگۈزۈپ ھەمكارلىشىپ داۋالاش نىسبى- تىنى 85% كە يەتكۈزدى.

# ئاسمان شاھى پايتەخت ئاسمىنىدا



سىم تارتىلغان مۇنار





ئادىل ھوشۇرنى زىيارەت قىلدى



● بېيجىڭ ئولىمپىك تەنتەربىيە مەركىزى

بىللە



● بېيجىڭ خەلقى ئادىل ھوشۇرنى قىزغىن كۈتۈۋالدى



ئادىل ھوشۇر شەرەپ قۇچۇپ قايتىپ كەلدى

1998 - يىلى 1 - ئاينىڭ 28 - كۈندىن 2 - ئاينىڭ 4 - كۈن
ئاسمان شاھى ئادىل ھوشۇر بېيجىڭ ئولىمپىك تەنتەربىيە مەركىز
ئىككى مۇنار ئوتتۇرىسىغا تارتىلغان ئۇزۇنلۇقى 115 مېتىر، يەر
بىلەن بولغان ئېگىزلىكى 73 مېتىر كېلىدىغان پولات سىمنىڭ ئۈست
جەمئىي ئون قېتىم ئۆتۈپ پايتەخت خەلقىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلى
ئېرىشتى. ئادىل ھوشۇر پولات سىم ئۈستىدە يورغىلاپ مېڭىش، كەي
لەپ مېڭىش، چۈشۈپ كەتكەن بولۇپ ئولتۇرۇۋېلىش، كۆزىنى ت
مېڭىش، بېشىنى سىم ئۈستىگە قويۇپ تەتۈر تۇرۇش، يۈگۈرۈپ م
قاتارلىق ماھارەتلەرنى كۆرسەتتى.